20 - ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئېيتىلمىغان ھېكايىلەر (2)

# سىياسىي ھەيدەكتىكى زاكىروفلار

ئەسەت سۇلايمان

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى



ئاپتور دوكتور ئەسەت سۇلايمان

20 - ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئېيتىلمىغان ھېكايىلەر (2)

# سىياسىي سەھنىدىكى زاكىروفلار

## ئەسەت سۇلايمان


مەسئۇل مۇھەررىر : ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

مەسئۇل كوررېكتور : باتۇر قاراخانلى

بەت لايىھەلىگۈچى : باتۇر قاراخانلى

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى : تاران ئۇيغۇر

ھۆسنخەت يازغۇچى : ئا. يۇلغۇن

نەشر قىلدۇرغۇچى : ئۇيغۇريار فوندى

ISBN : 9788269218206

2020-يىلى ئاۋغۇست بىرىنچى نەشرى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل - تۈركىيە



■ كېۋىر زاكىر 1927-يىلى ئايالى
بىلەن غۇلجادا چۈشكەن سۈرەت
(كېۋىر زاكىر ھازىرقى ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونىنىڭ قورچاق رەئىسى
شۆھرەت زاكىرنىڭ بوۋىسى،
ئابدۇللا زاكىرنىڭ دادىسى)



■ ئابدۇللا زاكىروف ياشلىق يىللىرىدا




■ ئابدۇللا زاكىروفنىڭ تاشكەنت دۆلەت
ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان يىللىرىدا
چۈشكەن سۈرىتى



ئابدۇللا زاكىروۋ (ئالدىنقى رەت ئوڭدىن بىرىنچى كىشى) نىڭ 1940-يىللارنىڭ باشلىرىدا چۆچەكتە سەيپىدىن ئەزىزى (ئالدىنقى رەت ئوتتۇرىدا) بىلەن ئايىم ئەزىزى (ئارقا رەت ئوڭدىن بىرىنچى كىشى) نىڭ تويىدا بىللە چۈشكەن سۈرىتى




■ ئابدۇللا زاكىروۋ بىلەن ئايالى راھىلە زاكىروۋا تويىدا دوستلىرى بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرىتى (1940-يىللارنىڭ باشلىرى، غۇلجا)




■ ئابدۇللا زاكىروف 1930 - يىللاردا غۇلجادىكى بىر يىغىلىشتا. (ئالدىنقى رەت ئولتۇرغانلار ئىچىدىكى سولدىن بىرىنچى كىشى)




■ ئابدۇللا زاكىروف بىلەن ئايالى راھىلە زاكىروۋانىڭ توي قىلغاندا چۈشكەن سۈرىتى (1940-يىللارنىڭ بېشى)



■ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە خىتاي قىزىل قوغ-دىغۇچىلار تەرىپىدىن بويىنىغا «جاسۇس» دېگەن تاختاي ئېسىلىپ، كۈرەشكە تارتىلىۋاتقان ئابدۇللا زاكىروف



■ ئابدۇللا زاكىروف 1951-يىلى كورىيە ئۇرۇش مەيدانىغا ھال سوراش ئۆمىكى بىلەن بېرىپ شىمالىي كورىيەنىڭ مەدەنىيەت ئەمەلدارى بىلەن چۈشكەن سۈرىتى



■ 1950-يىللارنىڭ ئاخىرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن ئابدۇللا زاكىروف



■ رەئىس سەھنىسدە پۇتۇن ۋۇجۇدىنى قارا تەر باسقان شۆھرەت زاكىر



■ شۆھرەت زاكىرنىڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ
رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن
ۋاقىتتا چۈشكەن ئۆلچەم-
لىك سۈرىتى



中央人民政府任命通知書 府字第 0973 號

茲經中央人民政府委員會
第五次會議通過任命扎克洛夫
為新疆省人民政府委員會委員
特此通知

主席

一九五〇年 月 日

■ 1950-يىلىنىڭ بېشىدا ئابدۇللا زاكىروف خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ۋەزىپىگە تەيىنلەش گۇۋاھنامىسىگە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالىي رەھبىرى ماۋ زېدوڭ ئىمزا قويىدۇ.



■ 1936-يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تاشكەنتكە ئەۋەتىلگەن 3-قارارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاشكەنتتە كوللېكتىپ چۈشكەن سۈرىتى. ئابدۇللا زاكىروفمۇ مۇشۇ قاراردا تاشكەنتتە ئوقۇغان.

# مۇندەرىجە


قىسقىچە مەزمۇنى ..... 005

شۆھرەت زاكىر: «كىم قىزىل بايراق ئاستىدا چوڭ بولمىغان؟» ..... 009

ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى تۇنجى «قىزىل ئىككىنچى ئەۋلاد» رەئىس ..... 012

لاگېرلار مەسىلىسىدىكى ئىككى قېتىملىق يالغانچىلىق ..... 015

1957_1959_يىللاردىكى ئابدۇللا زاكىروف ۋە 2017_2019_يىللاردىكى شۆھرەت زاكىر ..... 019

زاكىروفلار جەمەتىنىڭ «قىزىل تارىخى» كېۋىر زاكىردىن باشلىنىدۇ ..... 024

«تاشكەنتچى» ئابدۇللا زاكىروف ..... 029

زىيا سەمەدى: «ئابدۇللا زاكىروف سوۋېت ئىستىخباراتىغا باغلانغان كىشى» ..... 035

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئابدۇللا زاكىروف ..... 042

«ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» ۋە ئابدۇللا زاكىروف ..... 047

ئابدۇكېرىم ئابباسوف: «ئا XX ‹خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى› ھەققىدە موسكۋاغا مەلۇمات بېرىپتۇ» ..... 052

ئابدۇللا زاكىروف خىتاي كومپارتىيەسىگە تۇنجى قېتىم ئەزالىققا



■ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ قورچاق رەئىسى شۆھرەت زاكىر
(رويتېرس ئاگېنتلىقى)

5) «ئىمنوف مەسىلىسى» بىلەن «ئىبراھىم تۇردى
مەسىلىسى» دە سەيپىدىن ئەزىزنى قارىلاش ............ 167
6) «سەيپىدىن مەسىلىسى» ۋە «سەيپىدىن
گۇرۇھى» ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ............ 175
7) جاغدا بابالىكوۋ قازاق مىللەتچىلىرى ھەققىدە
مەلۇمات بېرىش ............ 186
8) سەيپىدىن ئەزىزنىڭ شەخسىيىتىنى قارىلاش ............ 196
مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە سەيپىدىن ئەزىزى ۋە
ئىمىنوفلار ئۈستىدىن «دېلو ئاغدۇرۇش» ............ 201
«ۋاڭ ئېنماۋ گۇرۇھى» بىلەن «سەيپىدىن گۇرۇھى»
ئوتتۇرىسىدىكى پېچكا ............ 221
راھىلە زاكىرووانىڭ شىكايىتى: «بىز خىتايلارنى خاتا
چۈشىنىپتۇق» ............ 239
شۆھرەت زاكىر ۋە «زاكىروفلار سۇلالىسى» نىڭ ئاخىرقى
تەقدىرى ............ 250
پايدىلانغان مەنبەلەر ............ 262

قوبۇل قىلىنغان سەككىز ئۇيغۇر كوممۇنىستىنىڭ بىرى ........ 061
ئابدۇللا زاكىروفنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىدىن چىقىرىلىشى ........ 067
ئابدۇللا زاكىروفنىڭ كورىيە ئۇرۇش مەيدانىغا ھال سوراشقا ئەۋەتىلىشى ........ 072
«51 چىلەر مەجلىسى» ۋە ئابدۇللا زاكىروف ........ 080
«يولۋاس تۇتۇش ھەرىكىتى» دە ئامان قالغان ئابدۇللا زاكىروف ........ 089
ئابدۇللا زاكىروف «ئاپتونومىيە» سىنارىيەسىدە قانداق رول ئالدى؟ ........ 104
ئابدۇللا زاكىروفنىڭ «يەرلىك مىللەتچى» لەر «قارا تىزىملىكى» دىن قۇتۇلۇپ قېلىشى ........ 116
ئابدۇللا زاكىروفنىڭ «مىللەتچى» قالپىقى كىيگەن ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ تەقدىرىنى پىچىشى ........ 130
«خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نى «ئەكسىيەتچى تەشكىلات» دەپ كۆتۈرۈپ چىقىش ........ 140
ئابدۇللا زاكىروفنىڭ 1958 ـ يىلى غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلى بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈشى ........ 147
*1) مەخپىي كۆرۈشۈشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە* ........ 147
*2) «51 چىلەر» ۋە «21 لەر» مەجلىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش* ........ 151
*3) 1957 ـ يىلىدىكى ماي كېڭەيتىلگەن يىغىنى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش* ........ 160
*4) «چىڭداۋ يىغىنى» ھەققىدە مەلۇمات بېرىش* ........ 164

## قىسقىچە مەزمۇنى

2014-يىلى خىتاي ھۆكۈمەت تاراتقۇلىرى تۇيۇقسىز خەۋەر بېرىپ، شۆھرەت زاكىرنىڭ نۇر بەكرىنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. شۆھرەت زاكىر «ئادەتتىن تاشقىرى ئىككى خىل ئەھۋال» دا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىككە تەيىنلەندى. بىرى ياش ئامىلى، يەنى 61 ياشلىق شۆھرەت زاكىر، 53 ياشلىق نۇر بەكرىنىڭ ئورنىغا قويۇلدى. ئىككىنچىسى، ئۆستۈرۈلۈشتىكى تەتۈر يۆنىلىش ئامىلى، يەنى ئالقاچان ئىككىنچى سەپكە - ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مۇدىر قىلىپ چىقىرىلغان شۆھرەت زاكىر خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەمەلدار ئۆستۈرۈشتىكى تەرتىپىگە تەتۈر ھالدا ئىككىنچى سەپتىن بىرىنچى سەپكە قايتۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە قويۇلدى.

تارىخچىلار ۋە سىياسىي ئانالىزچىلار شۆھرەت زاكىرنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىشىدە ئۇنىڭ «قىزىل ئارقا كۆرۈنۈشى»گە، يەنى ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى «قىزىل ئىككىنچى ئەۋلاد» ئەمەلدار ئىكەنلىكىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلدى.

«يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» داۋامىدا ئابدۇللا زاكىروف ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ «ئىشەنچلىك ئادىمى» سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلىك كادىرلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئامېرىكادىكى ۋىلسون مەركىزى ئاشكارا قىلغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرىمۇ ئابدۇللا زاكىروفنىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» داۋامىدا قانچىلىغان ئۇيغۇر ۋە قازاق كادىرلارنىڭ بېشىغا چىققانلىقىنى تەستىقلايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئابدۇللا زاكىروف بۇ «خىزمەتلىرى» ئۈچۈن 1959-يىلى بىر سەكرەپلا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، 1960-يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىكىگە ئۆستۈرۈلىدۇ. ھالبۇكى، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىگە قانچىلىك ساداقەت كۆرسىتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا، بولۇپمۇ 1970-يىللاردا خىتاي تۈرمىسىدە يېتىش ۋە ئازاب چېكىشتەك پاجىئەلىك تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

شۆھرەت زاكىر مانا مۇشۇنداق بىر «قىزىل ئارقا كۆرۈنۈش» كە ئىگە ئائىلىدە تۇغۇلغان، «قىزىل بايراق ئاستىدا چوڭ بولغان» ۋە ئاخىرىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىك تەختىگە ئولتۇرغان «قىزىل ئىككىنچى ئەۋلاد» ئىدى. بۇ كىتابتا يېقىندىن ئاشكارا بولۇۋاتقان ئارخىپ ماتېرىياللىرى، تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە ئەسلىمىلەر ئاساسلىق مەنبە قىلىنىپ، زاكىروفلار جەمەتىدىكى ئىككى ئەۋلاد ئەمەلدارنىڭ تېخى «تۈۋۈقى ئېچىلمىغان» ياكى

تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە ئاشكارا بولۇۋاتقان ئارخىپ ماتېرىياللار زاكىروفلار ئائىلىسىنىڭ «قىزىل ئارقا كۆرۈنۈشى» نىڭ شۆھرەت زاكىرنىڭ بوۋىسى كېۋىر زاكىردىن باشلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەي دەۋرىدە «كېۋىر تەنشاڭ» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان كېۋىر زاكىر ئىلىدا «سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى» نىڭ باشلىقى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ نەزەرى چۈشكەن كىشىلەردىن ئىدى. 1936 - يىلى شۆھرەت زاكىرنىڭ دادىسى ئابدۇللا زاكىروفنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىرىلىشىدىمۇ ئۇلارنىڭ بوۋىسى «كېۋىر تەنشاڭ» نىڭ «يۈزى» ئېتىبارغا ئېلىنغان ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا كوممۇنىزم تەربىيەسى ئالغان ئابدۇللا زاكىروف 1938 - يىلى ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن چۆچەك ساقچى ئىدارىسىدە خىزمەت قىلىدۇ. زىيا سەمەدىنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، ئابدۇللا زاكىروف 1938 - يىلىدىن بۇيان سوۋېت ئىستىخباراتىغا باغلىنىپ قالىدۇ. سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ ئەسلىمىسىدە ئىشارەت قىلىنىشىچە، ئابدۇللا زاكىروف 1945 - يىلى غۇلجادا مەخپىي قۇرۇلغان «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ ئۇچۇرىنى 1946 - يىلى موسكۋاغا ئاشكارىلاپ «خىزمەت كۆرسىتىدۇ». 1949 - يىلى 12 - ئايدا ئابدۇللا زاكىروف ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان تۇنجى تۈركۈمدىكى كوممۇنىستلارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللا زاكىروف ھەم خىتاي كومپارتىيەسى، ھەم سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيەسى ئۈچۈن «قوش خىزمەت» قىلىدۇ.

1957 - يىلدىن 1959 - يىلنىڭ باشلىرىغا قەدەر داۋاملاشقان

# شۆھرەت زاكىر: «كىم قىزىل بايراق ئاستىدا چوڭ بولمىغان؟»

2014-يىلى 12-ئاينىڭ 31-كۈنى خىتاي ھۆكۈمەت تاراتقۇلىرى تۇيۇقسىز خەۋەر بېرىپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۆھرەت زاكىرنىڭ نۇر بەكرىنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

بۇ خەۋەر ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئىچى-سىرتىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا پەيدا قىلدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمىيەت قاتلىمى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق كۈرەشلىرىگە يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتقان خىتاي سىياسىي ئانالىزچىلىرى شۆھرەت زاكىرنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىشىدە «ئادەتتىن تاشقىرى ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت» ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشتى. ئۇنىڭ بىرى ياش ئامىلى، يەنى 61 ياشقا كىرگەن شۆھرەت زاكىرنىڭ 53 ياشلىق نۇر بەكرىنىڭ ئورنىغا چىقىشى. ئىككىنچىسى ئۆستۈرۈلۈشتىكى تەتۈر يۆنىلىش ئامىلى، يەنى ئالىقاچان ئىككىنچى سەپكە - ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مۇدىر قىلىپ چىقىرىلغان شۆھرەت

ھازىرغىچە ئېيتىلمىغان ھېكايىلىرى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىنىدۇ.

60 يىلدىن ئاشتى، بۇ جەرياندا كىم قىزىل بايراق ئاستىدا چوڭ بولمىغان؟ قايسى بىرىمىز پارتىيەنىڭ تەربىيەسى ۋە غەمخورلۇقىدا ئۆسۈپ يېتىلمىگەن؟»[1]

[1] 《新疆自治区主席回应红色身份：哪个不是在红旗下成长》,《新京报》,《新华网》, 2015-03-11
http://www.xinhuanet.com//mil/2015-03/11/c_127567205_3.html

زاكىرنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەمەلدار ئۆستۈرۈشتىكى قېلىپلىشىپ قالغان قائىدىسىگە تەتۈر ھالدا ئىككىنچى سەپتىن بىرىنچى سەپكە قايتۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە قويۇلۇشى.

ئۇنىڭدىن باشقا خەلقئارادىكى كۆزەتكۈچىلەر ۋە تاراتقۇلار شۆھرەت زاكىرنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىشىدە ئۇنىڭ «قىزىل ئارقا كۆرۈنۈشى»، يەنى ئۇنىڭ خىتايدىكى «قىزىل ئىككىنچى ئەۋلاد» قا مەنسۇپ كىشى ئىكەنلىكىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت ئاغدۇردى.

2015-يىلى 1-ئايدا شۆھرەت زاكىر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىدىن رەسمىي رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. شۆھرەت زاكىر شۇ يىلى 3-ئاينىڭ 11-كۈنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىك سالاھىيىتى بىلەن رايوندىكى ئاتالمىش «تېرورلۇق» ۋە «دىنىي ئەسەبىيلىك» مەسىلىسى بويىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

شۇ يىغىندا «يېڭى بېيجىڭ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى ئۇنىڭدىن: «سىز قىسقىغىنە بىر يىل ئىچىدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا يۆتكىلىپ باردىڭىز، ھازىر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندىڭىز. چەتئەللەردىكى بەزى كىشىلەر بۇنى سىزنىڭ قىزىل ئارقا كۆرۈنۈشىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەۋاتىدۇ. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟» دەپ سورايدۇ.

شۆھرەت زاكىر ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قىزىل ئەۋلادلاردۇر. نېمىشقا دېمەمسىز؟ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىلى

خىتاي ھۆكۈمىتى «تېررورلۇق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش» شۇئارىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنى بىر پۈتۈن مىللەت گەۋدىسى بىلەن ئەيىبلەشكە، قارىلاشقا ۋە باستۇرۇش نىشانى قىلىشقا يۈزلەندى. شۆھرەت زاكىر مانا مۇشۇنداق بىر پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەتتە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىك ئورنىغا چىقىرىلدى.

سىياسىي ئانالىزچىلار شۆھرەت زاكىرنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان تۇنجى «قىزىل ئىككىنچى ئەۋلاد» قا مەنسۇپ رەئىس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنى ئۇنىڭ «ئىككىنچى سەپتىن بىرىنچى سەپكە يۆتكەپ كېلىنگەن» ۋە «مەركەزدىن يەرلىككە قايتۇرۇلغان» تۇنجى رەئىس ئىكەنلىكىنىمۇ ئىلگىرى سۈرمەكتە.

شۆھرەت زاكىرنىڭ ئائىلە ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى «قىزىل ئىككىنچى ئەۋلاد» قا مەنسۇپ رەئىس ئىدى. بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمائىل ئەھمەت، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق رەئىسلىرىدىن ھېچكىمنىڭ ئىككىنچى ئەۋلادىغا «رەئىسلىك» تەلىيى نېسىپ بولمىغان ئىدى. ئۇيلىمىغان يەردىن بۇ «دۆلەت قۇشى» ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد كوممۇنىستلاردىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئوغلىغا نېسىپ بولدى!

مەنچىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن ۋاڭ-گۇڭلۇق مەنسىپىگە ئېرىشكەنلەر بۇ ئەمەلگە ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلغان ئىدى. گومىنداڭ دەۋرىدە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى مەلۇم دائىرىدە بۇ ئالاھىدە ئىمتىيازلاردىن بەھرىمان بولدى. كوممۇنىست خىتايلاردىن بۇرۇن ئۇيغۇر دىيارىنى ئىدارە قىلغان ئوخشىمىغان 4 خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇچۇن، «يۇمىلاق تاۋۇز» دەك دومىلاپ ساداقەت

## ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى تۇنجى «قىزىل ئىككىنچى ئەۋلاد» رەئىس

شۆھرەت زاكىر پەۋقۇلئاددە مەزگىلدىكى پەۋقۇلئاددە سىياسىي ۋەزىيەتتە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

خىتاي ھۆكۈمەت تاراتقۇلىرى ۋە خەلقئارا تاراتقۇلارنىڭ خەۋەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 2014-يىلى ئۇيغۇر دىيارىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرى ئەڭ يوقىرى پەللىگە چىققان بىر يىل بولدى. بۇ بىر يىل جەريانىدا «كۇنمىڭ ۋەقەسى»[2]، «ئۈرۈمچى ئەتىگەنلىك بازارغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى»[3]، «ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسى ۋەقەسى»[4]، «يەركەن ۋەقەسى»[5] قاتارلىق دۇنيانى زىل-زىلىگە كەلتۈرگەن زور ھۇجۇم ۋەقەلىرى يۈز بەردى.

---

[2] Jonathan Kaiman & Tania Branigan, "Kunming knife attack: Xinjiang separatist blamed for 'Chinese 9/11'", The Guardian, March 02, 2014

https://www.theguardian.com/world/2014/mar/02/kunming-knife-attack-muslim-separatists-xinjiang-china

[3] Urumqi attack kills 31 in China's Xinjiang region, BBC News, May 23, 2014,https://www.bbc.com/news/world-asia-china-27502652

[4] Ben Blanchard, "Almost 100 killed during attacks in China's Xinjiang last week", REUTERS, August 02, 2014 (https://www.reuters.com/article/us-china-attacks-xinjiang/almost-100-killed-during-attacks-in-chinas-xinjiang-last-week-idUSKBN0G301H20140803);

[5] "'At Least 2,000 Uyghurs Killed' in Yarkand Violence: Exile Leader", Radio Free Asia,2014-08-05 (https://www.rfa.org/english/news/uyghur/yarkand-08052014150547.html)

## لاگېرلار مەسىلىسىدىكى ئىككى قېتىملىق يالغانچىلىق

شۆھرەت زاكىرنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىك تەختىگە چىققان مەزگىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل مىللەت گەۋدىسى بىلەن تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى باستۇرۇشلارغا دۇچ كەلگەن بىر دەۋرگە توغرا كەلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بىرقانچە يىللىق تەييارلىقلاردىن كېيىن 2016-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر دىيارىدا زور كۆلەملىك تۇتقۇنىنىڭ پەردىسىنى ئېچىشقا ھازىرلاندى.

2017-يىلىنىڭ باشلىرىدىن باشلانغان زور كۆلەملىك تۇتقۇندا بىر مىليوندىن ئۈچ مىليونغىچە بولغان ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مىللەت كىشىلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ۋە يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولانغانلىقى مەلۇم بولدى. 2018-يىلىغا كەلگەندە خەلقئارالىق تاراتقۇلار، سىياسىي ئانالىزچىلار، بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇر دىيارىدا يۈرگۈزۈۋاتقان سىستېمىلىق تەقىبكە ئىنكاس قايتۇرۇشقا باشلىدى. بەزى ژۇرنالىستلار ۋە تەتقىقاتچىلار خىتاينىڭ ئۇيغۇر دىيارىدا تەسىس قىلغان «تەربىيەلەش مەركىزى» نامىدىكى جازا لاگېرلىرىنى 1940-يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ناتسىستلار گېرمانىيەسى يەھۇدىي تۇتقۇنلىرىنى قاماش

بىلەن خىزمەت قىلغان بۇرھان شەھىدى 1949-يىلىدىن كېيىن يەنە ئۆلكە رەئىسى بولدى.[6] ئەمما ئۇنىڭ «رەئىسلىك» ئورنى ئوغلى نۇسرەت شەھىدىگە نېسىپ بولمىغان ئىدى.

خىتايدىكى ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە ئىچكى موڭغول ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇنجى رەئىسى ئۇلەنفۇ[7]نىڭ ئوغلى بۇخ[8] ۋە نەۋرىسى بۇ شياۋلىن[9] ئۈچ ئەۋلاد رەئىسلىككە قويۇلغان بولۇپ، ئاناللىزچىلار ئۇلارنى خىتايدىكى موڭغوللار ئارىسىدىن چىققان «قىزىل ئۈچ ئەۋلاد» رەئىسلەر دەپ ئاتىغان.

شۆھرەت زاكىر مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە «قىزىل ئىككىنچى ئەۋلاد» رەئىس ئىدى.

---

[6] بۇرھان شەھىدى كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىدىن بۇرۇن ئۇيغۇر دىيارىنى ئىدارە قىلغان 3 نەپەر خىتاي مىلىتارىست ھاكىمىيىتى - ياڭ زېڭشىن (1912-1928)، جىن شۇرېن (1928-1933)، شېڭ شىسەي (1933-1944) ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى گومىنداڭ (1944-1949) ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلغان ئىدى. كوممۇنىست خىتايلار ئۇيغۇر دىيارىنى ئىدارە قىلغاندىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە قويۇلغان بۇرھان شەھىدىنى 1949-يىلى 12-ئاينىڭ 16-كۈنى يەنە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلىگەن. شۇنداق بولغاندا بۇرھان شەھىدى ھاياتىدا خىتاينىڭ ئوخشىمىغان 5 ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان كىشى ھېسابلىنىدۇ - ئاپتوردىن

[7] ئۇلەنفۇ (乌兰夫, 1906-1988) ئىچكى موڭغول ئاتونوم رايونىنىڭ تۇنجى رەئىسى. ئۇ 1947-يىلىدىن 1967-يىلىغىچە ئىچكى موڭغول ئاپتونوم رايونىغا 20 يىل رەئىس بولغان. كېيىنچە خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، خىتاينىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى، خىتاينىڭ مۇئاۋىن دۆلەت رەئىسى، خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان

[8] بۇخ (布赫) - ئۇلەنفۇنىڭ چوڭ ئوغلى. ئۇ 1983-يىلىدىن 1993-يىلىغىچە ئىچكى موڭغول ئاپتونوم رايونىغا رەئىس بولغان

[9] بۇ شياۋلىن (布小林) - بۇخنىڭ قىزى، ئۇلەنفۇنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، 2016-يىلى ئىچكى موڭغول ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. ھازىرغىچە بۇ ۋەزىپىنى ئۆتىمەكتە

2018-يىلى 10-ئاينىڭ 16-كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى شۆھرەت زاكىرنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق ئۇيغۇر دىيارىدىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا ئىزاھات بەردى. شۆھرەت زاكىر لاگېرلار ھەققىدىكى تۇنجى يالغاننى مۇنداق سۆزلىدى: «شىنجاڭدا كەسپىي ماھارەت ۋە تېخنىكا تەربىيەلەش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى. بۇ ئورۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىنى تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇردى. بۇ ئورۇنلار كۇرسانتلارغا ‹كوللېكتىپ كۇرس، ياتاقلىق مەكتەپ ۋە نەق مەيدان تەربىيەلەش پروگراممىلىرى› نى ھەقسىز تەمىن ئەتتى. كۇرسانتلار بۇ ئورۇنلاردا دۆلەت تىلى، قانۇن بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەربىيەسى ئالدى.»[15]

2019-يىلى 7-ئاينىڭ 30-كۈنى شۆھرەت زاكىر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئىككىنچى قېتىم مۇخبىرلارغا يالغان مەلۇمات بەردى. ئۇ شۇ كۈندىكى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا سۆز قىلىپ: «كەسپىي ماھارەت تەربىيەلەش ئورۇنلىرىدا تەربىيەلىنىۋاتقان كۆپ قىسىم كىشىلەر ئالقاچان جەمئىيەتكە قايتتى. ئۇلارنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپى ئۆزىگە مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتى،»[16] دېدى. شۆھرەت زاكىر 2019-يىلى 12-ئاينىڭ 9-كۈنى بۇ يالغاننى بېيجىڭدا يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ: «نۆۋەتتە كۇرسانتلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولدى.

---

[15] Kelsey Cheng, “China now claims its mass internment camps in Xinjiang are ‹free vocational training› centres for Muslims - after firmly denying their existence”, Daily Mail, Oct. 16, 2018, https://www.dailymail.co.uk/news/article-6280517/China-rolls-PR-push-Xinjiang-internment-camps.html

[16] 《新疆维吾尔自治区主席：教培中心学员多数已回归社会九成人找到理想就业》，《环球时报-环球网》， 2019-07-30
https://china.huanqiu.com/article/9CaKrnKlRFO

ئۇچۇن قۇرغان «يىغىۋېلىش لاگېرلىرى» غا ئوخشاتسا[10]، بەزىلەر ستالىننىڭ سىبىرىيەدىكى «گۇلاگ»[11] لىرىغا، يەنە بەزىلەر ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ جەنۇبىي ئافرىقادا يۈرگۈزگەن «ئىرقىي ئايرىمىچىلىق» (Apartheid)[12] تۈزۈمىگە ئوخشىتىپ سۈرەتلىدى. بەزىلەر پۈتكۈل ئۇيغۇر دىيارىنى «يەر شارىدىكى ئەڭ چوڭ ئۈستى ئوچۇق تۈرمە»[13] گە ئوخشاتسا، يەنە بەزىلەر «دۇنيادا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان تەقىب دۆلىتى»[14] دەپ ئاتىدى.

خەلقئارا تاراتقۇلارنىڭ بېسىمى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى 2018-يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە ئۇيغۇر دىيارىدىكى لاگېرلار ۋە بۇ لاگېرلارغا قامالغان مىليونلىغان تۇتقۇنلار ھەققىدە ئىزاھات بېرىشكە مەجبۇر بولدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئىلگىرىكى لاگېرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشتىن ئۇنى پەردازلاپ كۆرسىتىشكە ئۆتتى.

---

[10] Rian Thum, "China's Mass Internment Camps Have No Clear End in Sight", Foreign Policy, 08/ 22/ 2018 (https://foreignpolicy.com/2018/08/22/chinas-mass-internment-camps-have-no-clear-end-in-sight)

[11] Mustafa Akyol, "China's Gulag for Muslims", The New York Times, 01/02/2019, (https://www.nytimes.com/2019/01/02/opinion/uighur-muslims-china-gulag.html)

[12] Apartheid with Chinese characteristics: China has turned Xinjiang into a police state like no other, The Economist, 05/31/2018 (https://www.economist.com/briefing/2018/05/31/china-has-turned-xinjiang-into-a-police-state-like-no-other)

[13] Pesach Benson, "The World's Largest Outdoor Prison Isn's Gaza", Honest Reporting, March 12, 2019 (https://honestreporting.com/the-worlds-largest-outdoor-prison-isnt-gaza/); Leigh Hartman, "China's Surveillance state: An open air prison in Xinjiang", Share America, April 22, 2019, (https://share.america.gov/chinas-surveillance-state-an-open-air-prison-in-xinjiang)

[14] Bernhard Zand, "China Xinjiang Region: A Surveillance State Unlike Any the World Has Ever Seen", Spiegel International, 26-07-2018, https://www.spiegel.de/international/world/china-s-xinjiang-province-a-surveillance-state-unlike-any-the-world-has-ever-seen-a-1220174.html

## 1957-1959-يىللاردىكى ئابدۇللا زاكىروف ۋە 2017-2019-يىللاردىكى شۆھرەت زاكىر

خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنى ئىدارە قىلغاندىن بۇيانقى 70 يىل جەرياندا ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان ئىككى قېتىملىق زور سىياسىي ھەرىكەت قوزغىدى. 60 يىل جەرياندا ئوخشاش ئۇسۇل ۋە ئوخشاش مەقسەت بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئىككى قېتىملىق بۇ زور تەقىبتە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، دىن، ئىلىم-پەن ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى سەرخىللىرى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرىپ تاشلاندى.

گەرچە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى 70 يىل جەرياندا ئۇيغۇرلار پۈتكۈل مىللەت گەۋدىسى بىلەن ئۈزلۈكسىز ھالدا زەربە بېرىلىش ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما 1957-يىلدىن 1959-يىللاردىكى «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» بىلەن 2017-يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «ئۈچ خىل كۈچ» كە قارشى تۇرۇش ۋە «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش» ھەرىكىتى داۋامىدا ئېلىپ بېرىلغان زور تۇتقۇن ئۇيغۇرنى ھەقىقەتەنمۇ ھالسىراتقان ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەقە بولدى.

بۇ ئىككى قېتىملىق زور تۇتقۇننىڭ سىنارىيەسىدە ئاتا-بالا

ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە مۇۋاپىق خىزمەتلەرگە ئورۇنلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلىدى ۋە بەختلىك تۇرمۇش كۆچۈرمەكتە،» دېدى.[17]

[17] Lily Kuo, "China claims detained Uighurs have been freed", The Guardian, Dec. 09, 2019, https://www.theguardian.com/world/2019/dec/09/china-claims-detained-uighurs-have-been-freed

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئەسلىمىسىدىكى بۇ بايانلارنىڭ چىنلىقىنى ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجادا تۇرۇشلۇق كونسۇلى شالۇنوف 1958-يىلى 7-ئاينىڭ 9-كۈنى موسكۋاغا يوللىغان مەخپىي دوكلاتىدا تەستىقلايدۇ. مەزكۇر دوكلاتىدا دېيىلىشىچە، 1958-يىلى 6-ئاينىڭ 21-كۈنى سوۋېت كونسۇلى شالۇنوف غۇلجاغا كەلگەن ئابدۇللا زاكىروف بىلەن مەخپىي كۆرۈشىدۇ. كۆرۈشۈشتە ئابدۇللا زاكىروف ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى «يەرلىك مىللەتچىلەر» نىڭ ئارقىسىدا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بارلىقى، بىراق خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىدىن سەيپىدىن ئەزىزنى «يەرلىك مىللەتچىلەر» قاتارىدا تەنقىد قىلماسلىق ھەققىدە يوليورۇق كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقى، شىنجاڭدا «يەرلىك مىللەتچىلىك» نىڭ 1951-يىلدىكى «51 چىلەر مەجلىسى» دىن باشلاپ سەھنىگە چىققانلىقى، سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەدئىمىن ئىمىنوف، زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى، ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق يوقۇرى دەرىجىلىك كادىرلاردىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ زىيالىيلار قاتلىمىغىچە نۇرغۇن كىشىلەردە «يەرلىك مىللەتچىلىك» ئىدىيەسى ۋە «ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش غايىسىنىڭ بارلىقىنى دوكلاد قىلىدۇ. كۆرۈشۈشتە يەنە ئابدۇللا زاكىروف سوۋېت كونسۇلى شالۇنوفقا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ مىجەز-خاراكتېر جەھەتتىن گۇمانخور، ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن كىشىلەردىن ئۆچ ئالىدىغان قىساسخور كىشى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بۇ قېتىم ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆزلىشىش ھەققىدە ھېچكىمگە ئېغىز ئاچماسلىقنى، بولۇپمۇ سەيپىدىن ئەزىزدىن سىر تۇتۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئەكتىلىنىدۇ.[19]

ب-نۇسخا، 209-بەت

[19] Memorandum on a Discussion Hel by the Consul of the USSR in

زاكىروفلار ئوخشاش رول ئالدى.

1950 ـ يىللاردا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق بىر قاتار ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ئابدۇللا زاكىروف 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى باشلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» داۋامىدا ۋاڭ ئېنماۋنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە «سەيپىدىن گۇرۇھى» غا مەنسۇپ سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەدئىمىن ئىمىنوف قاتارلىق مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك كادىرلارغا قارشى شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزىنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئۇلاشمىغان «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 3 ـ تومىدا ئەينى ۋاقىتتا مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئابدۇللا زاكىروفنىڭ 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بىردىنلا ۋاڭ ئېنماۋنىڭ يېقىن ئادىمىگە ئايلانغانلىقىنى، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» داۋامىدا ئۇنىڭ سەيپىدىن ئەزىزى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلىك كادىرلارغا قارشى جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتكەنلىكىنى، ھەتتا سەيپىدىن ئەزىزنىڭ دوكلاتىدىكى «يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيەسىگە قارشى تۇرۇش» دېگەن ئىبارىنى «يەرلىك مىللەتچىلىك ئەكسىيەتچىل ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش» دەپ ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى يازىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە يەنە «ئابدۇللا زاكىروف قاتارلىق بىر قىسىم ئاتالمىش ‹ئاكتىپلار› ۋاڭ ئېنماۋنىڭ يوليورۇقى بىلەن مەن ۋە مېنىڭ ئەتراپىمدىكى مىللىي كادىرلارنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزى رەھبەرلىك ئورنىغا چىقماقچى ئىدى،»[18] دەپ يازىدۇ.

---

[18] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە ـ 3)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرگە تەييارلىغان، ئەمما نەشر قىلىش تەستىقى بېرىلمىگەن ئەسەر، 1990 ـ يىللار، ئا ـ نۇسخا، 218 ـ 216 ـ بەتلەر؛

سەۋەبلىك ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىك تەختىگە چىقتى. خىتاي ھۆكۈمىتى 2014-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، يەنى ئالقاچان ئىككىنچى سەپكە چىقىرىلغان 61 ياشلىق شۆھرەت زاكىرنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە تاللىغان ۋاقىتتا ئۇيغۇر دىيارىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مىسلى كۆرۈلمىگەن زور تۇتقۇنىنىڭ چوتىنى ئالقاچان سوقۇپ بولغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋلادىدىن تارتىپ خىتايغا ساداقەت بىلەن ئىشلەپ كەلگەن، سىياسىي مەيدانى مۇستەھكەم بىر قورچاق رەئىس لازىم ئىدى.

شۆھرەت زاكىر ئەنە شۇنداق بىر ئارقا كۆرۈنۈشتە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىك تەختىگە چىقتى. ئۇ 2017-يىلىدىن تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان خىتاينىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى تەقىب سىنارىيەسىدە دادىسى ئابدۇللا زاكىروۋ بۇنىڭدىن 60 يىل بۇرۇن ۋاڭ ئېنماۋ ئۈچۈن قانداق رول ئېلىپ بەرگەن بولسا، بۈگۈن شۆھرەت زاكىرمۇ خوجايىنى چېن چۈەنگو ئۈچۈن شۇنداق رول ئالدى.

دىگەنـدەك، 1957-يىلى 12-ئايدا باشلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ بۇ ھەقتىكى كېڭەيتىلگەن يىغىنى يېرىم يىلدەك داۋاملىشىدۇ. 1958-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىدىن باشقا نۇرغۇنلىغان يەرلىك كادىرلار، جۇملىدىن سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەدئىمىن ئىمىنوف قاتارلىق مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك كادىرلار، زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى، ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق نازارەت دەرىجىلىك كادىرلار ۋە نەچچە يۈزلىگەن باشقارما دەرىجىلىك كادىرلار بىلەن باشقا ساھەلەردىكى سەرخىللار «يەرلىك مىللەتچىلىك» بىلەن ئەيىبلىنىپ جازالىنىدۇ.

ئابدۇللا زاكىروف بۇ جەرياندا كۆرسەتكەن «ئالاھىدە خىز-مەتلىرى» بەدىلىگە ئىككى مۇھىم ئەمەلگە ئېرىشىدۇ. 1959-يىلى ئۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، 1960-يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى بولىدۇ. يەنى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك ئىككى مۇھىم ئەمەلگە ئېرىشىدۇ.

ئارىدىن يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندە ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئوغلى شۆھرەت زاكىر دادىسىنىڭ خىتاي كومپار-تىيەسىنىڭ ئارخىپىدىكى «ساداقەت تارىخى» ۋە ئىشەنچ كرىدىتى

---

Ghulja, Comrade E. I. Shalunov, with the Chief of the Education Department of the People's Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comrade Zakirov, 9 July, 1958, M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov", August 18, 1958, Wilson Center Digital Archive International History Declassified, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy

https://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

شىڭ شىسەينىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇرۇمچىدە «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغاندا، كېيىن زاكىر مەزكۇر ئۇيۇشمىنىڭ مۇھىم بىر ھەيئەت ئەزالىقىغا كۆرسىتىلىدۇ.

شۇ يىللاردا شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆپلىگەن كوممۇنىستلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرىمۇ ھەم خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەزالىرىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى تەسىرى تولىمۇ كۈچەيگەن بولۇپ، مەنسۇر ئەپەندى[21] باشچىلىقىدىكى

[21] مەنسۇر ئەپەندى (1902-1989) ئەسلى ئىسمى مەنسۇر روزىيېۋ بولۇپ، سوۋېت دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇنى مەشۇر روزىيېۋ دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. ئۇ قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستىغا قاراشلىق چىلەك ناھىيەسىنىڭ قاراتوروق يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1929-يىللارنىڭ ئاخىرلىرى تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تاشكەنتتىكى قىزىل پروفېسسورلار ئىنستىتۇتىدا رېكتورنىڭ بىرىنچى ئورۇنباسارى بولۇپ خىزمەت قىلغان ھەمدە سوۋېت ئىستىخباراتى ئۈچۈن ئالاھىدە خادىم سۈپىتىدە ئىشلىگەن. 1935-يىلى موسكۋانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇيغۇر دىيارىغا ئەۋەتىلىپ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئۇ نامدا «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى» بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجانىياز ھاجىنىڭ قېشىغا قويۇلۇپ، ئۇنى كونتروللۇققا ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىلەن يېڭىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇرچىسىنى كونتروللۇق ئاستىغا ئالغان. 1936-يىلى شىڭ شىسەينىڭ ئەۋەتىشى بىلەن جەنۇبىي ئۇيغۇر دىيارىغا ئۈمەك باشلاپ بېرىپ، قەشقەردە گېنېرال مەھمۇد مۇھىتى بىلەن قارشىلاشقان. قەشقەردە نەشر قىلىنىۋاتقان «يېڭى ھايات» گېزىتى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئۇرۇنغان، ئەمما مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن بۇ ئۇرۇنۇشى مەغلۇب بولغان. ئۇ قەشقەردىكى مەزگىلىدە ئابدۇغوپۇر شاپتول داموللا

## زاكىروفلار جەمەتىنىڭ «قىزىل تارىخى» كېڭەر زاكىردىن باشلىنىدۇ

زاكىروفلار جەمەتىنىڭ سىياسىي سەھنىگە كىرىپ كېلىشى 1930 ـ يىللاردىن باشلىنىدۇ. مىلىتارىست شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھاكىمىيەت تەختىگە چىققان يىللاردا غۇلجادىكى مەرپەتپەرۋەر ئائىلىلەردىن ھېسابلىنىدىغان كېڭەر زاكىر ئائىلىسى، يەنى ئۈچ ئەۋلاد زاكىروفلارنىڭ بېشى بولغان كېڭەر زاكىر شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولۇپ سايلىنىدۇ.

1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ۋە ماددىي ياردىمى بىلەن جايلاردىكى قوراللىق كۈچلەرنى تىنجىتىپ، ئۈرۈمچىدە يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەيدۇ ھەمدە ھەر مىللەتتىن بولغان ھەر ساھە ئەربابلىرىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا «تىيانشان فىرمىسى»، يەنى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقان كېڭەر زاكىر شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە يېقىنلىشىدۇ. زىيا سەمەدىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، شۇ يىللاردا كېڭەر زاكىر غۇلجا خەلقى ئارىسىدا «كېڭەر تەنشاڭ» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولىدۇ.[20] 1934 ـ يىلى كۈزدە

---

[20] زىيا سەمەدى: «ئىستەك ۋە قىسمەت» (ئەسلىمە)، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2012 ـ يىل نەشرى، 397 ـ بەت

بىر تۈركۈم سوۋېت بولشېۋىكلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇيغۇر دىيارىدا كوممۇنىزم مەپكۇرىسىنى يېيىشقا باشلىغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» نىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بىرى بولغان كېۋىر زاكىر تەدرىجى ھالدا مەپكۇرە جەھەتتىن كوممۇنىستلارغا ماھىل بولۇشقا باشلايدۇ. 1936-يىلى كېۋىر زاكىرنىڭ ئوغلى ئابدۇللا زاكىروفنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈشىدىمۇ دادىسىنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە بولغان سىياسىي ماھىللىقى مۇھىم دەسمايە بولغان ئىدى.

ھالبۇكى، 1937-يىلى كۈزدىن ئېتىبارەن شېڭ شىسەي ئاتالمىش «خەلقئارا سۇيىقەستلىك زور دېلو» دېگەن سىياسىي ئويۇننى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجانىياز ھاجىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىڭلىغان كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىدۇ. كېۋىر زاكىرمۇ شۇ قاتاردا غۇلجادا قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىدىكى شېڭ شىسەي تۈرمىسىگە قامىلىدۇ.

قىزىقارلىقى شۇكى، كېۋىر زاكىرنىڭ دېلوسى كېيىنكى ۋاقىتلاردا شېڭ شىسەي قولغا ئالغان خىتاي كوممۇنىستلىرىدىن چېن تيەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىقلارنىڭ دېلوسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ قارىلىدۇ. كېۋىر زاكىر 1943-يىلى 9-ئاينىڭ 27-كۈنى يوقىرىقى خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن

---

بىلەن ئىشلىگەن مەنسۇر ئەپەندى سوۋېت ئىمپېرىيەسى غۇلاشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى، يەنى 1989-يىلى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ. مەنسۇر ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى»، «ئۇيغۇر يېرىدە» قاتارلىق 20 يېقىن كىتابلىرى، تۈزگەن بىرقانچە لۇغەت ۋە دەرسلىكلىرى شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن ماقالىلىرى بار (قاراڭ: مەشۇر روزىيېۋ: «ئۇيغۇر زېمىنىدا»، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2012-يىل نەشرى).

قاتارلىقلار بىلەن دوستلاشقان، گېنېرال مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئەتراپىدىكى قۇتلۇق ھاجى شەۋقىي، مەتىلى ئەپەندى، مەجىدىدىن ئەپەندى قاتارلىق ئىلغار كىشىلەر ھەققىدە شىڭ شىسەيگە مەخپىي مەلۇمات ئەۋەتىپ، ئۇلارنى «پان-تۈركىست»، «پان-ئىسلامىست» دەپ ئەيىبلىگەن. خوجانىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتى ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىي ئالاقىلەر ھەققىدە ماتېرىيال توپلىغان. ئابدۇغوپۇر شاپتول داموللا 1936-يىلى 5-ئاينىڭ 12-كۈنى كېچىدە، يەنى مەنسۇر ئەپەندى قەشقەردىن ئايرىلىدىغان كۈننىڭ ھارپا كېچىسى گېنېرال مەھمۇد مۇھىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇ ئەتىسى ئالمان-تالمان قەشقەردىن ئايرىلىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن ئابدۇغوپۇر شاپتول داموللانىڭ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى ماختاپ يازغان رىسالەسىنى نەشرگە تەييارلاپ، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باسمىخانىسىدا 5000 نۇسخا باستۇرۇپ تارقىتىدۇ. 1937-يىلى 10-ئايدا شىڭ شىسەي خوجانىياز ھاجىنى قولغا ئالغاندا مەنسۇر ئەپەندى ئۇنىڭ شەخسىي تۇرالغۇسىدىكى مەخپىي ھۆججەتلەرنى ساقلايدىغان ساندۇقنى ئېچىپ تەكشۈرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي مەنسۇر ئەپەندىنىڭ ئۆزىمۇ شىڭ شىسەينىڭ گۇمان قىلىدىغان ئوبيېكتلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىدۇ ۋە قولغا ئېلىنىپ، شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە 6 ئايدەك ياتىدۇ. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن ئۇ تۈرمىدىن بوشىتىلىدۇ ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىلىدۇ. مەنسۇر ئەپەندى ئەر-ئايال ئىككەيلەننىڭ ئۇيغۇر دىيارىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن قىلغان مەخپىي خىزمەتلىرى ۋە كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتى ستالىننىڭ قىزىل تېررورلۇقى يۈرگۈزۈلىۋاتقان 1938-يىلنىڭ ياز ئايلىرىدا ئۇلارنى موسكۋادىكى ئالىي مېھمانخانىلاردا، كافكازدىكى ئىستىراھەت ئورۇنلىرىدا دەم ئالدۇرىدۇ. مەنسۇر ئەپەندى 1943-يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چۆچەككە يېقىن باختۇ چېگرا ئېغىزىغا ئەۋەتىلىپ، بۇ يەردە ئىلى ئىنقىلابىنى قوزغاشقا تەييارلىق قىلدۇرىدۇ. 1944-يىلى ئىلى ئىنقىلابى پارتلاپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا ۋە مىللىي ئارمىيە چۆچەكنى ئازاد قىلغاندا مەنسۇر ئەپەندى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ بۇ يىللاردا تارباغاتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولسىمۇ، ئەمما باش ۋالىي باشباينى قورچاق قىلىپ قويۇپ، تارباغاتاينىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئۆزى بىر قوللۇق كونترول قىلىدۇ. 1946-يىلى يازدا «11 بىتىم» ئىمزالىنىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا سوۋېت ھۆكۈمىتى مەنسۇر ئەپەندىنى قايتۇرۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەنسۇر ئەپەندى ئالمۇتادىكى «يېڭى ھايات»، «قازاق ئېلى» قاتارلىق نەشرىياتلارنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمى رېداكسىيەلىرىگە مەسئۇل بولۇپ، بىر ئۆمۈر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا قاراتقان سىياسىي تەشۋىقات خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر ئۆمۈر كوممۇنىزىم مەپكۇرىسىگە ئېتىقاد قىلغان ۋە رۇس بولشېۋىكلىرى ئۈچۈن جان پىدالىق

## «تاشكەنتچى» ئابدۇللا زاكىروف

مىللەتچى، مىلىتارىست شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئىچكى كېلىشىم بويىچە 1934-يىلىدىن 1936-يىلىغىچە ئۇيغۇر دىيارىدىن بىرقانچە يۈز ياشنى تاللاپ، ئۇلاردىن ئۈچ قارار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى (SAGU) غا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن ئىدى.

ئۈچ قارار بويىچە تاشكەنتكە ئەۋەتىلگەن بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 300 دىن ئارتۇقراق بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار تەشكىل قىلاتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشىنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن گەرچە كۆپ قىسمى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە تۈرمىلەرگە تاشلانغان بولسىمۇ، ئەمما ھايات قالغانلىرى 1940-يىللاردىكى ئىلى ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار يەنە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مائارىپ ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىمۇ بىر ئەۋلاد تايانچ كۈچلەردىن بولۇپ قالغان ئىدى. 1930-يىللاردا تاشكەنتتە ئوقۇپ كەلگەن بۇ تۇنجى تۈركۈمدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كېيىنچە خەلق ئىچىدە «تاشكەنتچىلەر» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى.

1936-يىلى 11-ئايدا ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن ئابدۇللا

بىللە ئۇرۇمچىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.[22]

كېيىن زاكىر شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دېلوسىنىڭ ماۋ زېمىن قاتارلىق خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ دېلوسى بىلەن بىرلىكتە بىر تەرەپ قىلىنىشى كىشىلەردە كۈچلۈك گۇمان پەيدا قىلىدۇ. كېيىن زاكىرنىڭ راستىنلا رۇس بولشېۋىكلىرى ياكى خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن يوشۇرۇن باغلىنىشى بولغانمۇ؟ شىڭ شىسەي نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ دېلوسىنى خوجانىياز ھاجىنىڭ ئاتالمىش «ياپونىگە باغلانغان دېلوسى» غا ياكى شەرىپخان تۆرەنىڭ «ئەنگلىيەگە باغلانغان دېلوسى» غا باغلىماي، ئەكسىنچە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ «شىڭ شىسەيگە قارشى ئاغدۇرمىچىلىق دېلوسى» غا باغلايدۇ؟

ئەپسۇسكى، قولىمىزدا بۇ نۇقتىنى تولۇق دەلىللەيدىغان ئارخىپ ماتېرىياللىرى تېخى يوق. شۇنداقتىمۇ كېيىن زاكىرنىڭ 1943 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە چېن تيەنچيۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىق خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلىشى زاكىروفلار جەمەتىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەتىۋارلىنىشىغا ھەم يوقىرى ئەمەللەرگە قويۇلۇشىغا يېشىل چىراق ياققان ئامىل بولسا كېرەك.

[22] 阿不都拉 · 扎克洛夫:百度百科, https://baike.baidu.com/item/阿不都拉 · 扎克洛夫/2567864

مەلۇمات بېرىدۇ: «بىرىنچى تۆركۈمدە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلار 106 نەپەر بولۇپ، 1934-يىلى 11-ئايدا، ئىككىنچى تۆركۈمدە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلار 101 نەپەر (كېيىن لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ ئوغلى قوشۇلغان) بولۇپ، 1935-يىلى 11-ئايدا، ئۈچىنچى تۆركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار 100 نەپەر بولۇپ، 1936-يىلى 11-ئايدا ئەۋەتىلگەن ئىدى... ئۈچ تۆركۈمدە ئەۋەتىلگەن 300 دەك ئوقۇغۇچى ئارىسىدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار 140 نەپەردىن ئارتۇق بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 46 پىرسەنتىنى، قازاق، قىرغىز ئوقۇغۇچىلار 30 دەك كىشى بولۇپ، 10 پىرسەنتىنى، تۇڭگان ئوقۇغۇچىلار 16 كىشى بولۇپ، 5 يېرىم پىرسەنتىنى، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار 84 كىشى بولۇپ، 30 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى. قالغان قىسمىنى تاتار، ئۆزبېك، موڭغۇل، مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تاللانغان ئوقۇغۇچىلار تەشكىل قىلاتتى.»[24]

سەيپىدىن ئەزىزىمۇ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 2-تومىدا ئۆزىنىڭ 1935-يىلى قەشقەردىن تاشكەنتكە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن 12 ئوقۇغۇچى قاتارىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىققانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي ئەسلىمە بېرىدۇ.[25]

300 نەپەردىن ئاشىدىغان «تاشكەنتچىلەر» ئۇيغۇر دىيارىدىن تۇنجى تۆركۈمدە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەتئەللەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ستۇدېنتلار بولۇپ قالدى، شۇنداقلا 20-ئەسىردىكى ئۇيغۇر سەرخىللار قاتلىمىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل

[24] ئابلىمىت ھاجىيوف: «شېڭ شىسەينىڭ 1930-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل نەشرى، 27-قىسىم، 153-152-بەتلەر

[25] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-2)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل نەشرى، 422-421-بەتلەر

زاكىرووف ئۈچىنچى قاراردا تاشكەنتكە ئەۋەتىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا تاللىنىپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئۇزۇن مەزگىللىك يوشۇرۇن مۇناسىۋىتى باشلىنىدۇ.

1935-يىلى 11-ئايدا شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىككىنچى تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى تاشكەنتكە ئاپىرىپ قويۇشقا مەسئۇل بولغان ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى سەي خېگىسېڭ ئۆز ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شېڭ شىسەي 1934-يىلدىن 1936-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا جەمئىي ئۈچ تۈركۈم ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى. ھەر يىلى بىر تۈركۈم، ھەر تۈركۈمدە 100 نەپەر ئوقۇغۇچى بار ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنبەسى ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ئالدى بىلەن ئىختىيارىي تىزىمغا ئالدۇرۇش، ئاندىن ئىمتىھان ئېلىش ۋە سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق قوبۇل قىلىناتتى. قوبۇل قىلىش ۋە سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ئارىلىشاتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللەت تەركىبى مۇنداق ئىدى: خەنزۇچە سۆزلەيدىغان خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇ، شىبە ئوقۇغۇچىلار 40 پىرسەنتنى، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار 40 پىرسەنتنى، موڭغۇل، قازاق، قىرغىز ئوقۇغۇچىلار 10 پىرسەنتنى تەشكىل قىلاتتى.»[23]

1935-يىلى 11-ئايدا ئىككىنچى تۈركۈمدە تاشكەنتكە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئابلىمىت ھاجىيوف بۇ ھەقتە تېخىمۇ تەپسىلىي

---

[23] سەي خېگىسېڭ: «شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چىقىرىش مەسىلىسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىل نەشرى، 19-قىسىم، 94-93-بەتلەر

گېنېرال مەھمۇد مۇھىتى ئەينى ۋاقىتتا بولشېۋىكلارنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەن ۋە قەشقەردىن تاشكەنتكە ئوقۇشقا ماڭغان ئوقۇغۇچىلارنى كوممۇنىزم مەپكۇرىسىنى قوبۇل قىلماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى بولشېۋىكلارنىڭ ئىدىيەۋى زەھەرلىشىدىن تامامەن توسۇپ قېلىشقا قادىر بولالمايدۇ. ئۈرۈمچىدە ئۆتمەيلا شېڭ شىسەي سوۋېت مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلەر 6-دىۋىزىيەسىدىن قۇربان سەئىدى، قۇربانىياز شاھىدى، سەمەت ھاجى قاتارلىق مۇھىم ئوفىتسېرلارنى تاللاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىدىيەۋى جەھەتتىن ئاينىپ، گېنېرال مەھمۇد مۇھىتىغا قارشى كۈچ بولۇپ ئۇيۇشىدۇ. ئۇلار 6-دىۋىزىيەنى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاشقا ئۇرۇنىدۇ ھەمدە ئاسىرتتىن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ۋە سوۋېت مەسلىھەتچىلىرىگە ئىچكى ئەھۋاللارنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.[27] 1937-يىلى گېنېرال مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ھىندىستانغا چىقىپ كېتىشىگە قول ئاستىدىكى بولشېۋىكلارغا سېتىلىپ كەتكەن ئوفىتسېرلىرىدىن كېلىدىغان يوشۇرۇن خەۋپمۇ سەۋەب بولغان ئىدى.

---

[27] مۇھەممەد ئىمىن قۇربانى: «ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكىرىي 6-دىۋىزىيەسى»، نۇرمۇھەممەد دۆلەتى نەشرگە تەييارلىغان: «تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغاندا»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2014-يىل نەشرى، 2-توم، 2-كىتاب، 1-11-بەتلەر؛ ھەمدۇللا تارىم: «تۈركىستان تارىخى»، ئىستانبۇل: شەرقىي تۈركىستان دەرگىسى، 1983-يىلى نەشرى، 220-234-بەتلەر؛ پولات قادىرى: «ئۆلكە تارىخى»، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2018-يىل نەشرى، 133-139-بەتلەر؛ ليۇ ژىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئىككىنچى قىسىم، 2-كىتاب، 1280-1291-بەتلەر؛ ئۆمەرجان سىدىق: «ئىدىقۇت ئوغلانلىرى - مۇھىتىلار جەمەتى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل نەشرى، 383-388-بەتلەر

قىلدى. ھالبۇكى، كېيىنكى تارىخىي ئەمەلىيەتلەر شۇنى كۆرسەتتىكى، 1930 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئىككى يىل ئوقۇش جەريانىدا رۇس بولشېۋىكلىرىنىڭ ئىدىيەسىنى، جۈملىدىن كوممۇنىزم مەپكۇرىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىنمۇ كوممۇنىزم ئۇيغۇرلارغا مۇستەقىللىق، ئازادلىق ۋە چىقىش يولى ئېلىپ كېلىدۇ، دېگەن ئەقىدىگە قاتتىق ئىشەندى. تېخىمۇ ئېچىنارلىق يېرى شۇكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تاشكەنتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخباراتىنىڭ سىرتمىقىغا ئىلىنىپ قالدى. ئۇلار شۇ ئىلىنغىنىچە ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، ھەتتا 1940 ـ يىللاردىن 1960 ـ يىللارغىچە بولغان ئۇزۇن جەرياندا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن مەخپىي ئىشلەشكە، ئاخبارات توپلاپ بېرىشكە ياكى باشقا يوللار بىلەن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 2 ـ تومىدا 1935 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قەشقەردىن تاللانغان 12 نەپەر ئوقۇغۇچى تاشكەنتكە يولغا چىقىش ئالدىدا قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلەر 6 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ كوماندىرى، گېنېرال مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئۇلارنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە تۆۋەندىكىدەك يوليورۇق بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ: «سىلەرنىڭ ئوقۇشقا بېرىشىڭلار ئاسانغا چۈشمىدى. شۇڭا تىرىشىپ ئوقۇڭلار، بولشېۋىكلارنىڭ بىلىمىنى ۋە پەن ـ تېخنىكاسىنى ئۆگىنىڭلار، ئەمما بولشېۋىكلارنىڭ مەپكۇرىسىنى ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ناماز ۋە روزىنى تاشلىماڭلار...»[26]

---

[26] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە ـ 2)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 423 ـ بەت

## زىيا سەمەدى: «ئابدۇللا زاكىروف سوۋېت ئىستىغباراتىغا باغلانغان كىشى»

ئابدۇللا زاكىروف تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ دادىسى كېۋىر تەنشاڭ، يەنى كېۋىر زاكىر شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئالقاچان قولغا ئېلىنغان ئىدى.

خىتايچە تور ئېنسىكلوپېدىيەسى - «بەيدۇ» دىكى ئابدۇللا زاكىروفقا دائىر بايانلاردا ئۇنىڭ 1935-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، 1938-يىلىنىڭ ئاخىرىدا قايتىپ كەلگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ.[29] ئېنىقكى، بۇ يىلنامىدە خاتالىق مەۋجۇت. ئەينى يىللىرى تاشكەنتكە ئوقۇشقا چىققان ئابلىمىت ھاجىيوف 1934-يىلدىن 1936-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 3 تۈركۈمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ تىزىملىكتە ئابدۇللا زاكىروفنىڭ 1936-يىلى 11-ئايدا، يەنى 3-تۈركۈمدە تاشكەنتكە ئەۋەتىلگەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ.[30] شۇنداق بولغاندا، ئابدۇللا

[29] 阿不都拉 · 扎克洛夫:百度百科, https://baike.baidu.com/item/阿不都拉 · 扎克洛夫/2567864

[30] ئابلىمىت ھاجىيوف: «شىڭ شىسەينىڭ 1930-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 27-قىسىم، 168-167-بەتلەر

دەرۋەقە، «تاشكەنتچىلەر» ئارىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىرلىق سىرتمىقىغا بوينى ئىلىنىپ قالغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى. تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق كەسپىدە 2 يىل ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇللا زاكىروف ئەنە شۇ قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان يوشۇرۇن بېغىنىڭ تاشكەنتتىكى ئوقۇغۇچىلىق مەزگىللىرىدە باشلانغانلىقى ياكى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن غۇلجا ياكى چۆچەكتە باشلانغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بۇنى دەلىللەيدىغان ئارخىپ ماتېرىياللىرى ھازىرچە قولىمىزدا يوق. ئەمما ئابدۇللا زاكىروفنىڭ زامانىدىشى ۋە يېقىن دوستى بولغان زىيا سەمەدىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، ئابدۇللا زاكىروف 1938-يىلدىن كېيىن چۆچەك ۋە غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى ئۈچۈن ئىشلەشكە باشلىغان ئىكەن.[28]

[28] زىيا سەمەدى: «ئىستەك ۋە قىسمەت» (ئەسلىمە)، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2012-يىل نەشرى، 398-396-بەتلەر

مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئەھۋالغا قاراپ ئىككى يىلدىن ئۇزۇن ياكى قىسقا بولغان. ئەمما تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى بىردەك 2 يىل بولغان.[32]

ئۇنداقتا، ئابدۇللا زاكىروف ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قانداق خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان؟ خىتايچە مەنبەلەردىكى ئابدۇللا زاكىروفقا دائىر بايانلاردا ئۇنىڭ 1938-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كېلىپ ئىلگىرى-كېيىن «چۆچەك گېزىتى» ۋە «ئىلى گېزىتى» دە تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەنلىكى، يەر ئاستى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، ئىلى ۋىلايىتىدە تۇنجى «ماركسىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» قۇرۇپ چىققانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.[33]

ھالبۇكى، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ زامانىدىشى ۋە ئىلى ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى سەپداشلىرىدىن زىيا سەمەدى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يازغان «ئىستەك ۋە قىسمەت» ناملىق تەرجىمھال خاراكتېرلىق ئەسلىمىسىدە ئابدۇللا زاكىروفنىڭ 1938-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپىي رازۋېتكىسى ئۈچۈن «ئايغاقچىلىق» قا ياللانغانلىقىنى يازىدۇ.[34]

زىيا سەمەدىنىڭ يېزىشىچە، 1945-يىلى ئەتىيازدا غۇلجا

---

[32] ئابلىمىت ھاجىيوف: «شىڭ شىسەينىڭ 1930-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل نەشرى، 27-قىسىم، 153-152-بەتلەر

[33] 阿不都拉 · 扎克洛夫:百度百科， https://baike.baidu.com/item/阿不都拉 · 扎克洛夫/2567864

[34] زىيا سەمەدى: «ئىستەك ۋە قىسمەت» (ئەسلىمە)، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2012-يىل نەشرى، 398-396-بەتلەر

زاكىروفنىڭ تاشكەنتتە 1936 - يىلى 11 - ئايدىن 1938 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 2 يىل ئوقۇغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

مەلۇمكى، شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلار كېلىشىم بويىچە 2 يىلدىن ئوقۇغان. يەنى 1934 - يىلى 11 - ئايدا ئەۋەتىلگەن تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلار 1936 - يىلى كۈزدە، 1935 - يىلى ئەۋەتىلگەن ئىككىنچى قارار ئوقۇغۇچىلار 1937 - يىلى كۈزدە قايتىپ كەلگەن. ئەمما 1936 - يىلى 11 - ئايدا ئەۋەتىلگەن ئاخىرقى قارار ئوقۇغۇچىلارغا كەلگەندە ۋەزىيەت ئۆزگەرگەن. ئۇلارنىڭ 26 نەپىرى، يەنى ئاتا - ئانىسى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تۇتقۇن قىلىنغان ئائىلىلەرنىڭ باللىرى بىر يىل بولمايلا، يەنى 1937 - يىلىنىڭ ياز مەزگىللىرىدە شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قايتۇرۇپ كېلىنىپ، تەقىب ئاستىغا ئېلىنغان. قالغانلىرى 1938 - يىلى كۈزدە ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەن.[31] ھالبۇكى، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ 1937 - يىلى يازدا مۇددەتتىن بۇرۇن قايتۇرۇپ كېلىنگەن 26 نەپەر ئوقۇغۇچى ئارىسىدا بار - يوقلۇقى ياكى ئۇنىڭ ئوقۇشىنى تولۇق تاماملاپ، 1938 - يىلىنىڭ ئاخىرى قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىدىغان مەنبەلەر كەمچىل.

سەمەرقەنتتىكى يېزا - ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى، ئەنجاندىكى يېزا - ئىگىلىك ئالىي تېخنىكومى ياكى ئالمۇتادىكى چارۋىچىلىق ئالىي تېخنىكومىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنلەر ھەمدە تاشكەنتتىكى

---

[31] ئابلىمىت ھاجىيوف: «شېڭ شىسەينىڭ 1930 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى، 27 - قىسىم، 153 - 152 - بەتلەر؛ سەي خېڭسېڭ: «شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چىقىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، 19 - قىسىم، 94 - 93 - بەتلەر

غۇلجادا سىياسىي ساقچى باشقارمىسىدا «مەسلىھەتچى» بولۇپ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان سولوماخىن مېنى «ۋەربوۋات - ئايغاقچىلىق» قا جەلپ قىلىپ، تارباغاتاي-چۆچەك ساقچى باشقارمىسىغا يوللىدى. رەسمىيەتتە خىتاي پولىتسىيەسىدە ئىشلىسەممۇ، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېتكا خىزمىتىگە ئىشلىدىم. مانا شۇندىن بېرى قولدىن قولغا ئۆتۈپ كېلىۋاتىمەن... بىراق رازۋېتكىغا باغلىنىپ قالدىممۇ، بۇ دائىرىدىن چىقالمايسەن. ئۆز ئەرك-خاھىشىڭ بىلەن ھەرىكەت قىلالمايسەن، چەكلىنىپ قالىسەن. «خوجايىن» لىرىڭدىن رۇخسەت-ئىجازەت ئېلىشىڭ شەرت. ھەرقانداق ئىشتا «ۋەھىچىلەر» نىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.»[37]

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئابدۇللا زاكىروۋ 1938-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپىي رازۋېتكا سىستېمىسى ئۈچۈن «ئايغاقچىلىق» قىلىشقا باشلىغان. ئۇ زىيا سەمەدىگە ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا غۇلجادىكى سىياسىي ساقچى باشقارمىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقلىق «مەسلىھەتچىسى» سولوماخىن تەرىپىدىن جەلپ قىلىنغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ چۆچەك ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلەپ تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن مەلۇمات توپلايدىغان مەخپىي خادىم بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

1942-يىلى شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئوچۇق-ئاشكارا يىرىكلەشكەندىن كېيىن ئۇ ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەلۇم باغلىنىشى بولغان كىشىلەردىن گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ. شۇ يىللاردا ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق شەھەرلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان كۆپلىگەن «تاشكەنتچىلەر» سوۋېت كونسۇلى بىلەن

[37] زىيا سەمەدى: «ئىستەك ۋە قىسمەت» (ئەسلىمە)، 398-397-بەتلەر

شەھىرىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئابدۇللا زاكىروفنى ئىلى 1-رايونلۇق شۆبە ساقچى ئىدارىسىغا، زىيا سەمەدىنى 2-رايونلۇق شۆبە ساقچى ئىدارىسىغا، توختى ئالىموفنى 3-رايونلۇق شۆبە ساقچى ئىدارىسىغا، ئابدۇرەھىم كەنجىنى 4-رايونلۇق شۆبە ساقچى ئىدارىسىغا باشلىقلىققا تەيىنلەيدۇ.[35]

شۇ كۈنلەردە زىيا سەمەدى مۇھىم بىر مەسىلە بويىچە ئابدۇللا زاكىروف بىلەن ئايرىم ئۇچرىشىدۇ. كۆرۈشۈشتە ئابدۇللا زاكىروف بۇ مەسىلىنى غۇلجادىكى «ئىككىنچى دوم» (2-نومۇرلۇق ئۆي) نىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا ئوتتۇرىغا چىقىرالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. قاتتىق تەئەججۈپلەنگەن زىيا سەمەدى بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىدا ئابدۇللا زاكىروف مۇنۇلارنى ئىقرار قىلىدۇ: «ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن تارتىپ سىزنىڭ ياكى مېنىڭ دېيىشمەي چوڭ بولغان، شۇڭا سەندىن يوشۇرىدىغان سىرىم يوق. ‹چوڭ ئۆي› (دوم نومېر ۋتوروي) بىلەن ئالاقەم بار... ئۆزۈڭ بىلسەن، 1937-يىلى بىزنى بىر تۈركۈم ياشلار بىلەن تاشكەنتكە ئوقۇشقا چىقاردىڭلار. سىلەرمۇ شۇ يىلى قاماققا ئېلىندىڭلار. سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردا دادام كېۋىر تەنشاڭ سولاققا ئېلىنىپ، زىنداندا قازا تاپتى. 1938-يىلى بىرنەچچىمىزنى سۈرۈشتە قىلىپ ئوقۇش قەرەلىمىز تۈگىمەيلا غۇلجاغا قايتۇرۇپ ئەكىلىشتى. سۆزنىڭ قىسقىسى، شارائىت، مەجبۇرىيەت، بېسىم-تەھدىت تۈپەيلى ھايات يولۇم باشقا قىنغا كىرىپ قالدى.»[36]

ئابدۇللا زاكىروف شۇ قېتىملىق ئايرىم ئۇچرىشىشتا زىيا سەمەدىگە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئوچۇقىنى ئېيتسام، شۇ مەزگىلدە

---

[35] زىيا سەمەدى: «ئىستەك ۋە قىسمەت» (ئەسلىمە)، 357-بەت

[36] زىيا سەمەدى: «ئىستەك ۋە قىسمەت» (ئەسلىمە)، 397-بەت

ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ھالبۇكى، شۇ يىللاردا چۆچەك ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلىگەن ئۈچىنچى قارارلىق «تاشكەنتچى» ئابدۇللا زاكىروف ئاردىن شۇنچە يىللار ئۆتكەندە، يەنى 1945-يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدا زىيا سەمەدىگە ئۆزىنىڭ 1938-يىلىدىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېتكىسى ئۈچۈن يوشۇرۇن ئىشلەپ كەلگەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ.

زىيا سەمەدىنىڭ ئەسلىمىسىدىن باشقا ئابدۇللا زاكىروفنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مەخپىي بېغىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەيدىغان ئىككىنچى بىر مەنبە ھازىرچە قولىمىزدا يوق. ئەمما 1958-يىلى 7-ئاينىڭ 9-كۈنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئابدۇللا زاكىروفنىڭ غۇلجادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى شالۇنوفقا ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئاتالمىش «يەرلىك مىللەتچى» كادىرلار ۋە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ يوشۇرۇن «مىللەتچىلىك خاھىشى» توغرىلىق مەخپىي دوكلات بېرىشى[39] ئۇنىڭ بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەستىقلايدۇ.

[39] Head of the Far-Eastern Department of the MFA USSR M. Zimianin, Consulate of the USSR in Ghulja Secret, “Memorandum on a Discussion Held by the Consul of the USSR in Ghulja, Comrade E. I. Shalunov, with the Chief of the Education Department of the People’s Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comrade Zakirov”, 18-08-1958, Wilson Center Digital Archive International History Declassified

http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

يوشۇرۇن مۇناسىۋىتى بار دېگەن گۇمان بىلەن تۇتقۇن قىلىندۇ ياكى سوراقتا تارتىلىدۇ. ھالبۇكى، 1938-يىلىدىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېتكىسى ئۈچۈن مەخپىي ئىشلەپ كەلگەن ئابدۇللا زاكىروفنىڭ شۇ مەزگىللەردە تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ياكى سوراققا تارتىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئەمما شۇ يىللاردا «چۆچەك گېزىتخانىسى» دا ئىشلىگەن سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزىنىڭ يوقۇرىقى گۇمان بىلەن قاماققا ئېلىنغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شۇ كۈنلەردە تۇيۇقسىزلا مېنى قامىدى. ئۇلار سوراقتا ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى ۋە مۇئاۋىن كونسۇلىنىڭ ساڭا بەرگەن تاپشۇرۇقىنى ئېيتىپ بېرىسەن، دەپ قىستاپ تۇرىۋالدى. مېنىڭ كونسۇلخانا بىلەن بېرىش-كېلىشىم بار ئىدى. ‹جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى› نىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئاشۇ جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرى توغرىلىق ئۇلار بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مالىنىن دېگەن مۇئاۋىن كونسۇلنىڭ تەكلىپى بىلەن كونسۇلخانا خىزمەتچىلىرىگە ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بەرگەنىدىم. مەن سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەن بىر زىيالىي بولغانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، باش كونسۇل دۇباشىن، مۇئاۋىن كونسۇل مالىنىنلار ماڭا ئېتىبار قىلاتتى، لېكىن ئۇلار ماڭا ھېچقانداق تاپشۇرۇق بەرمىگەن ئىدى.»[38]

سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە يوقۇرىقى بايانلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، ئەمما كونسۇلخانىنىڭ ئۆزىگە ھېچقانداق تاپشۇرۇق بەرمىگەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. ئۇ يەنە سوۋېت كونسۇللىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەنلەرگە

[38] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-1)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل نەشرى، 503-بەت

پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، ئىلى ۋىلايىتىدە تۇنجى «ماركسىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» قۇرۇپ چىققانلىقى بايان قىلىنىدۇ.[40] ھالبۇكى، سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىدە 1943-يىلى غۇلجادىكى تۇنجى «ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» نىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوف تەرىپىدىن قۇرۇپ چىقىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.[41]

1944-يىلى 4-ئايدا غۇلجا شەھىرىدە «ئازادلىق تەشكىلاتى» مەخپىي تۈردە قۇرۇلىدۇ. مەزكۇر تەشكىلات قۇرۇلغاندا ئەلىخان تۆرە (رەئىس)، مۇھەممەتجان مەخسۇم، رەھىمجان سابىرھاجى، جانى يولداشوف، ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم، سالىجانباي، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، زۇنۇن تېيىپوف، مۇھىددىن ئەخمىدى، ئۆمەرجان پىرمۇھەممەت، نۇردۇنبەگ قاتارلىق 12 نەپەر كىشى ئەزا بولىدۇ. سەيپۇللايوف «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ يوقۇرىقى 12 نەپەر ئەزاسىدىن باشقا ئۇنىڭ تۆۋىنىدە ئەزالىرى يوق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.[42] بۇ تەشكىلاتتا شۇ ۋاقىتلاردا كۆزگە كۆرۈنگەن ياشلاردىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف بار بولۇپ، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ مەزكۇر تەشكىلاتقا ئەزا بولغانلىقىنى ئەستىقلايدىغان ھېچقانداق مەنبە مەۋجۇت ئەمەس. ئەگەردە خىتاي مەنبەلىرى تەكىتلىگەندەك ئابدۇللا زاكىروف ئىلىدا تۇنجى «ماركسىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» نى قۇرغان، غۇلجادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ ۋە ئىلىدىكى يەرلىك

[40] 阿不都拉·扎克洛夫:百度百科, https://baike.baidu.com/item/阿不都拉·扎克洛夫/2567864

[41] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-2)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل نەشرى، 26-بەت

[42] سەيدۇللا سەيپۇللايوف: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا»، «مەن ساھىت بولغان ئىشلار»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2005-يىل نەشرى، 61-بەت

# شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئابدۇللا زاكىروف

1940 ـ يىللاردىكى ئىلى ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىشىدىن ئۇنىڭ شىمالدىكى 3 ۋىلايەتتە غەلىبىگە ئېرىشىشىگىچە، غۇلجادا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن تاكى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبى قىسمىغا قوشۇلۇپ كەتكۈچە بولغان جەرياندا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، تەربىيەلەنگەن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەلۇم باغلىنىشى بولغان سەرخىللار ھالقىلىق رولىلارنى ئوينىغان ئىدى. بولۇپمۇ 1930 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن «تاشكەنتچىلەر» نىڭ بۇ جەرياندا ئوينىغان رولى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى.

غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنىشى بىلەن مىللىي ئىنقىلاب سېپىدە ئاۋانگارتلىق رولىنى ئوينىغان «تاشكەنتچىلەر» نىڭ كۆپ قىسمى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرىدا، بولۇپمۇ تەشۋىقات، ئاخبارات، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ياشلار خىزمىتى ساھەلىرىدە شۇنداقلا مىللىي ئارمىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك شتابلىرىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنىدۇ.

ئابدۇللا زاكىروفنىڭ «ئىنقىلابى پائالىيەتلىرى» تونۇشتۇرۇلغان خىتايچە مەنبەلەردە ئۇنىڭ ئىلى ئىنقىلابى باشلىنىشتىن ئىلگىرى، يەنى 1940 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يەر ئاستى ئىنقىلابىي

ئىلى ئىنقىلابى باشلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانىدا ئابدۇللا زاكىروف ئىلگىرىكى چۆچەك ساقچىخانىدا ئىشلىگەن تەجرىبىسى بويىچە ئىلى 1-رايون شۆبە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنچە يەنە باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغانلىقى ھەققىدىمۇ مەلۇماتلار بار.[44]

خىتايچە مەنبەلەردە ئابدۇللا زاكىروفنىڭ يەنە «ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» نىڭ باش كاتىپى بولغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.[45] ئەمما ئىلى ئىنقىلابىغا قاتناشقان شاھىتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شۇ مەزگىللەردە ئىلىدا «ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» ياكى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى» دەپ ئاتالغان بىر ھۆكۈمەتنىڭ بولمىغانلىقىنى، بەلكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى نامىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ بولغانلىقىنى، 1944-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى غۇلجادا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1946-يىلى 6-ئايدا «11 بىتىم» ئىمزالىنىپ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغىچە ئوچۇق-ئاشكارا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى، بۇ ھۆكۈمەتكە ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئەمەس، بەلكى ئابدۇرەئۇپ مەخسۇمنىڭ باش كاتىپ بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. گەرچە بىتىمدىن كېيىن ئىلىدىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەتلىرىدە ياكى گېزىت-ژۇرناللاردا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بۇ نام بۇرۇنقىدەك ئوچۇق-ئاشكارا تىلغا ئېلىنمايدىغان بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىلى خەلقى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ھېچ

---

[44] 阿不都拉·扎克洛夫:百度百科, https://baike. baidu. com/item/阿不都拉·扎克洛夫/2567864

[45] 阿不都拉 · 扎克洛夫:百度百科, https://baike.baidu.com/item/阿不都拉 · 扎克洛夫/2567864

خەلقىنىڭ نەزەرىدە ھەقىقەتەن مۇھىم كىشى بولىدىغان بولسا، ئۇ شەكسىزكى ئىلى ئىنقىلابىنى قوزغاشقا تەييارلىق قىلىش يۈزىسىدىن قۇرۇلغان «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ ئەزالىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولاتتى.

ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئىلىدا ئىنقىلاب باشلانغان كۈنلەردە قانداق كونكرېت ۋەزىپىلەردە بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى ئازاد قىلىنغان 1945 ـ يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدا ئىلى 1 ـ رايون شۆبە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغانلىقى مەلۇم.

ئابدۇللا زاكىروف 1938 ـ يىلى سوۋېت ئىستىپاقىدىكى ئوقۇشىنى تولۇق تۈگەتمەيلا مۇددەتتىن بۇرۇن قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، چۆچەك ساقچى ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. چۆچەكتە 1937 ـ يىلدىن 1943 ـ يىلغىچە 6 يىل خىزمەت قىلغان سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە ساۋاقدىشى ئابلىمىت ھاجىيوفنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالدۇ ـ يۇ، ئەمما ئابدۇللا زاكىروف ھەققىدە ھېچنېمە دېمەيدۇ. ئۇ شۇ يىللاردا چۆچەكتە ئابلىمىت ھاجىيوف، مۇھەممەت ھۇسەيىن ۋە ئۆزىدىن ئىبارەت ئۈچ «تاشكەنتچى» نىڭ خىزمەت قىلغانلىقىنى، چۆچەك خەلقىنىڭ بۇ ئۈچ نەپەر «تاشكەنتچى» دىن كۆپ ئۈمىدلەرنى كۈتكەنلىكىنى يازىدۇ.[43] سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە چۆچەكتىكى 6 يىللىق ھاياتى ھەققىدە شۇنچە تەپسىلىي ئۇچۇرلارنى بەرگەن تۇرۇقلۇق، چۆچەكتىكى يەنە بىر «تاشكەنتچى» ئابدۇللا زاكىروف ھەققىدە ھېچقانداق ئېغىز ئاچماسلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

---

[43] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە ـ 1)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 479 ـ بەت

## «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» ۋە ئابدۇللا زاكىروۋ

مىللىي ئارمىيە غەلىبەسىرى ئىلگىرىلەپ ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ كەلگەن، ئۈرۈمچىگە ئاران يۈز نەچچە كىلومېتىر مۇساپە قالغان بىر ھەل قىلغۇچ تارىخىي پەيتتە ئۇرۇش توختاپ، ئۈرۈمچىدە سۆھبەت باشلىنىدۇ.

دەل مۇشۇ پەيتتە ئىلگىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ياكى ئىدىيە جەھەتتىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ماھىللىقى بولغان بىر گۇرۇپپا ياشلار غۇلجادا «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نى قۇرىدۇ. سەيدۇللا سەيپۇللايوف «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئەڭ دەسلەپكى ھەيئەتلەر ئىدارىسى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1945 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى غۇلجادا ‹ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى› قۇرۇلدى. ‹ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى› نىڭ مەركىزىي كومىتېت ھەيئەت رىياستى (پرېزىدىيۇمى) تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى: ئابدۇكېرىم ئابباسوف (رەئىس)، سەيدۇللا سەيپۇللايوف (مۇئاۋىن رەئىس)، سەيپىدىن ئەزىزى (ھەيئەت ئەزا)، ئابدۇللا زاكىروف (ھەيئەت ئەزا)، ئەنۋەر خانبابا (ھەيئەت ئەزا)، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف (ھەيئەت ئەزا)، بۇقارا تىشقانبايېف (قازاق، ھەيئەت ئەزا)».[47] سەيپىدىن ئەزىزىمۇ «ئىنقىلابچىل

---

[47] سەيدۇللا سەيپۇللايوف: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر

شۇبھە قىلمىغانلىقىنى، غۇلجا كوچىلىرىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاي-يۇلتۇزلۇق يېشىل بايراقلىرىنىڭ يەنىلا ئېسىقلىق تۇرغانلىقى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[46]

1945-يىلى 10-ئايدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى جاڭ جىجوڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈرۈمچىدە تىنچلىق سۆھبىتى باشلىنىدۇ. شۇ يىلى 11-ئايدا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ تەشەببۇسى بىلەن غۇلجادا «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» قۇرۇلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللا زاكىروفنىڭ غۇلجادىكى پائالىيەتلىرى ئاساسلىقى «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلغان «خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسى» ئەتراپىدا بولىدۇ.

---

[46] كومىنار تالىپوۋ: «پاجىئەلىك ئاياقلاشقان شانلىق ئىنقىلاب سەھىپىلىرىدىن - كومىنار تالىپوۋنىڭ سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرەئۇف مەخسۇم ئىبراھىمىي بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى»، يولداش ئەزىمەتوۋ نەشرگە تەييارلىغان: «تارىخ ساۋاقلىرى ياكى ئۇنتۇلۇشسىز كېلەچەك يوق»، ئالمۇتا: «مىر» نەشرىياتى، 2010-يىل نەشرى، 51-81-بەتلەر

دېمەك، نىزامنامىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ تۈپ نىشانى ياشلارنى تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىستىقلالى ئۈچۈن كۈرەشكە تەييارلاش ئىدى. ئەمما بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ بىرقانچە يىللار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغىچە بولغان پۈتكۈل جەرياندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېقىندىن كۆزىتىشى ئاستىدا بولۇپ كەلگەن ئىدى. خۇددى سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن سەيپۇللايوف ئۆز ئەسلىمىلىرى ياكى يازمىلىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكىنىدەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رۇخسىتى بولماي تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە ئۇن مىڭدىن ئارتۇق ئەزاسى بولغان مۇنداق بىر تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزكۇر تەشكىلات خاراكتېر جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقى كومسومۇللار ئىتتىپاقىنىڭ مودېلىغا تەدبىق قىلىنىپ قۇرۇلغان ئىدى. 1946-يىلىدىن كېيىن «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن سەيپۇللايوف بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى تەكىتلەيدۇ: «1946-يىلى بىتىم تۈزۈلگەن كۈنلەردە ياشلار خىزمىتىنى قانداق قىلغاندا ياخشىراق ئىشلىگىلى بولىدۇ، دېگەن ئويدا سوۋېت ئىتتىپاقى كومسومۇللار ئىتتىپاقىنىڭ خىزمەت قوللانمىلىرىنى كۆرۈپ بېقىش نىيىتىدە غۇلجادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ھاكىم جاپپاروۋىچ (ئۇيغۇر) بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇنىڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقى كومسومۇللار تەشكىلاتىنىڭ خىزمەت قوللانمىلىرىدىن تېپىپ بېرىشىنى سورىغان ئىدىم. ئۇ كىشى: ‹ئۆز شارائىتىڭلارغا قاراپ ئىش قىلساڭلار بولىدۇ›، دەپ مەسلىھەت بەردى.»[50]

سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، 1946-يىلى

---

[50] سەيدۇللا سەيپۇللايوف: «مەن ساھىت بولغان ئىشلار»، 111-بەت

ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ 1945 ـ يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى بىر پەۋقۇلئاددە تارىخىي ۋەزىيەتتە، غۇلجادىكى كوممۇنىزم ئىدىيەسىگە ماھىل ياش تايانچ كۈچلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.[48]

«شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» مەركىزىي كومىتېتى ھەيئەت رىياستىنى تەشكىل قىلغان 7 كىشىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەينى ۋاقىتتىكى ئاكتىپ ياشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەيپۇللايوف، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇللا زاكىروف، ئەنۋەر خانبابا قاتارلىق 4 نەپەر ياش سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەنلەر ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىدىيە جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كوممۇنىزمغا كۈچلۈك ماھىللىقى بار كىشىلەر ئىدى.

«شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىزامنامىسىنىڭ 2 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىدا ياشىغۇچى ئومۇمىي ياشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىزچىل يوسۇندا خەلقچىل يولدا تەربىيەلەپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ پارلاق ئىستىقبالى ئۈچۈن ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش ئاساسىدا كۈرەش ئېلىپ بېرىشنى نىشان قىلىدۇ.»[49]

---

توغرىسىدا»، «مەن ساھىت بولغان ئىشلار»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2005 ـ يىل نەشرى، 106 ـ 105 ـ بەتلەر

[48] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە ـ 2)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 110 ـ 107 ـ بەتلەر

[49] سەيدۇللا سەيپۇللايوف: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا»، «مەن ساھىت بولغان ئىشلار»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2005 ـ يىل نەشرى، 107 ـ بەت

بۇاستە ئارىلىشىپ كەلگەن. ئەمما خىتاي مەنبەلىرى تىلغا ئالغاندەك، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى[52] بولۇپ سايلانغانلىقىنى دەلىللەيدىغان باشقا ھۆججەتلەر يوق. مەيلى سەيپىدىن ئەزىزى بولسۇن ياكى سەيپۇللايوف بولسۇن، ئۆز ئەسلىمىلىرى ۋە يازمىلىرىدا ئابدۇللا زاكىروفنىڭ «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7 كىشىلىك ھەيئەت ئەزاسىنىڭ بىرى بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ مەزكۇر تەشكىلاتقا مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ سايلانغانلىقىنى ھېچقاچان تىلغا ئېلىپ باقمايدۇ. ئابدۇللا زاكىروفنىڭ «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلانغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار بەلكىم كېيىنچە خىتاي ھۆكۈمەت تارىخچىلىرى تەرىپىدىن قوشۇلغان ۋە بېيىتىلغان مەزمۇنلار بولسا كېرەك.

[52] 阿不都拉·扎克洛夫: 百度百科, https://baike.baidu.com/item/阿不都拉·扎克洛夫/2567864

6-ئايدا «11 بىتىم» ئىمزالىنىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ رەئىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوف خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قايتا سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ، سەيپۇللايوف «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ رەئىسلىكىگە، قۇسايىن سىياباييېۋ مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىنىدۇ. ئەسئەت ئىسھاقوف قاتارلىق كىشىلەر ھەيئەت ئەزالىققا تولۇقلاپ سايلىنىدۇ. ئابلىمىت ھاجىيوف «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» تارباغاتاي ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ رەئىسلىكىگە، قالى ئاباكوف ئالتاي ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ رەئىسلىكىگە، توختى ئىبراھىم مىللىي ئارمىيە ياشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىدۇ. «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ ئەزالىرى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئەمەلىي كونترول قىلىپ تۇرغان 27 ناھىيەدە تېزلىكتە تەرەققىي قىلىپ، ئەزا سانى 41 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ تەشكىلات 1946-يىلى «خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسى (خ ئى پ) قۇرۇلغاندا بۇ پارتىيەنىڭ ياشلار بۆلۈمى بولۇپ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، 1948-يىلى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «ئىتتىپاق» تەشكىلاتى قۇرۇلغاندا «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» ئۇنىڭ تەركىبىي قىسمىغا قوشۇلۇپ، «ئىتتىپاق» تەشكىلاتىنىڭ ياشلار بۆلۈمى بولۇپ قايتا تەشكىللىنىدۇ.[51]

دېمەك، ئابدۇللا زاكىروف «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ، تاكى بۇ تەشكىلات 1948-يىلى «ئىتتىپاق» تەشكىلاتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا قوشۇلۇپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا، باشتىن-ئاخىر بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە

[51] سەيدۇللا سەيپۇللايوف: «مەن ساھىت بولغان ئىشلار»، 108-105-بەتلەر

كىشىنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.[54] دېمەك، ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن مەخپىي تەشكىلات «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» 1945-يىلى 12-ئايدىن 1946-يىلى 6-ئايغىچە بولغان جەرياندا غۇلجادا قۇرۇلغان. ئۇنداقتا، بۇ مەخپىي پارتىيەنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەزالىرى كىملەر ئىدى؟

مەيلى سەيپىدىن ئەزىزى بولسۇن ياكى سەيپۇللايوف بولسۇن، ھەر ئىككىسى «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ ئەڭ دەسلەپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بولغان غۇلجادىكى 7 نەپەر ياش تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقىنى تەستىقلايدۇ. بۇلار ئابدۇكېرىم ئابباسوف (رەئىس)، سەيپىدىن ئەزىزى (ئەزا)، سەيدۇللا سەيپۇللايوف (ئەزا)، ئەسئەت ئىسھاقوف (ئەزا)، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف (ئەزا)، ئەنۋەر خانبابا (ئەزا) ۋە ئابدۇللا زاكىروف (ئەزا) تىن ئىبارەت 7 كىشى ئىدى.[55]

سەيپىدىن ئەزىزى يەنە «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» ھەققىدە يەنىمۇ تەپسىلىي مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز ئىچكىي جەھەتتە ‹خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى› نى يەنە ‹لېنىنچىلار پارتىيەسى› دەپمۇ ئاتىدۇق. ‹لېنىنچى› دېگەن سۆزنىڭ ھەر بىر ھەرپىنى باش ھەرپ قىلىپ، ھەممىمىزگە يوشۇرۇن ئىسىم قويدۇق. ئابدۇكېرىم - ‹لېتىپ›، سەيدۇللا سەيپۇللايوف - ‹ئىلغار›، سەيپىدىن ئەزىزى - ‹نۇر›، ئەسئەت ئىسھاقوف - ‹ئىلدان›، ئابدۇللا زاكىروف - ‹نجات›، ئەنۋەر خانبابا - ‹چولپان›، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف - ‹ئىجاد› بولدى. بىراق بىز ‹لېنىنچى› دېگەن نام بىلەن يوشۇرۇن

[54] سەيدۇللا سەيپۇللايوف: «مەن ساھىت بولغان ئىشلار»، 116-بەت

[55] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-2)، 112-بەت؛ سەيدۇللا سەيپۇللايوف: «مەن شاھىت بولغان ئىشلار»، 116-بەت

## ئابدۇكېرىم ئابباسوف: «ئا XX ‹خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى› ھەققىدە موسكۋاغا مەلۇمات بېرىپتۇ»

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 3 نەپەر سۆھبەت ۋەكىلى 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە جاڭ جىجوڭ بىلەن ئۈرۈمچىدە يېرىم يىلدەك بىتىم ماددىلىرىنى بىرمۇ ـ بىر تارتىشىۋاتقان كۈنلەردە غۇلجادا مەخپىي پارتىيە ـ «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» قۇرۇلىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزى «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نى قۇ ـ رۇش ئىشىنىڭ 1945 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مەخپىي ھالدا قارار قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ باشچىلىقىدا غۇلجادا «ماركسىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» بىلەن «پەلەسەپە ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» مەخپىي قۇرۇلغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى «مەسلىھەتچىلىرى» نىڭ بۇ گۇرۇپپىلارنى قەتئىي تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا «پىكىر بەرگەنلىكى»، ئەمەلىيەتتە «بۇيرۇق قىلغانلىقى» نى يازىدۇ.[53]

ھالبۇكى، سەيدۇللا سەيپۇللايوف «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيە ـ سى» نىڭ «11 بىتىم» ئىمزالىنىش ئالدىدا غۇلجادا مەخپىي قۇرۇلغانلىقىنى، بۇ پارتىيەنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان

[53] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە ـ 2)، 111 ـ 110 ـ بەتلەر

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا قوشۇلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.[58]

سەيپۇللايېۋ ئەسلىمىسىدە يەنە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» گە ئەزا بولۇش-بولماسلىق مەسىلىسى مەركىزىي كومىتېتتا مۇزاكىرىگە قويۇلغانلىقى، كۆپچىلىك بىردەك: «ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ‹خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى› گە كىرمىگىنى ياخشى، ئەمما پارتىيەنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى كېرەك.» دەپ ھېسابلىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.[59]

سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن سەيپۇللايېۋ ھەر ئىككىسى «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ دەسلەپتە غۇلجادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى «مەسلىھەتچىلىرى» دىن مەخپىي ھالدا قۇرۇلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ھەقتە سەيپىدىن ئەزىزى مۇنۇلارنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ: «بىز پارتىيەنى سوۋېت ئىتتىپاقى ‹مەسلىھەتچىلىرى› دىن يوشۇرۇن تەشكىللىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن، ئالدىنقى قېتىملاردىكىدەك قارشىلىق قىلىشى ۋە تارقىتىۋېتىشكە ‹بۇيرۇق› قىلىشىدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك ئىدى. ئۇلار بىلىپ قالسا، ‹بىزنىڭ سۆزىمىزگە كىرمىدى، بىزنى كۆزگە ئىلمىدى› دەپ نارازى بولۇشى، ھەتتا بىزگە ‹سوۋېتكە قارشى› دەپ قالپاق كىيدۈرۈشىمۇ مۇمكىن ئىدى.»[60]

1946-يىلى 6-ئايدا «11 بىتىم» نىڭ قوشۇمچە ماددىسى ئىمزالىنىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» مەركىزىي كومىتېتىدىكى 7

[58] سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ: «مەن ساھىت بولغان ئىشلار»، 116-بەت

[59] سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ: «مەن ساھىت بولغان ئىشلار»، 119-بەت

[60] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-2)، 113-بەت

ئىسىملىرىمىزنى مەخپىي تۇتۇپ، ئۇنى پەقەت ئۆز-ئارا ۋە پارتىيە ھۆججەتلىرىدىلا قوللاندۇق.»[56]

سەيپىدىن ئەزىزى يەنە «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» مەركىزىي كومىتېتىدىكى 7 نەپەر دائىمىي ئەزانىڭ كونكرېت ئىش تەقسىماتى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوقۇرىقى 7 نەپەر ئەزاسى پارتىيەنىڭ نىزامنامىسىگە ئاساسەن ۋەزىپە تەقسىم قىلىشالدۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوف رەئىس بولۇپ، ئومۇمىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلدى. سەيپىدىن ئەزىزى تەشۋىقات ئىشلىرىنى تۇتتى. ئەسئەت ئىسھاقوف تەشكىلىي ئىشلارغا مەسئۇل بولدى. ھەربىي ئىشلارنى مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، دېھقانلار خىزمىتىنى سەيدۇللا سەيپۇللايوف، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنى ئەنۋەر خانبابا باشقۇرىدىغان بولدى. ئابدۇللا زاكىروف كاتىباتلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.»[57]

دېمەك، ئابدۇللا زاكىروف «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ كاتىباتلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، مەزكۇر پارتىيەنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، پارتىيەنىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرى، يىغىن خاتىرىلىرى ۋە ئالغان قارارلىرىنى ئارخىپلاشتۇرۇپ ساقلاش ئىشلىرى ئۇنىڭ ۋەزىپە دائىرىسىدە ئىدى.

سەيپۇللايوف مەزكۇر پارتىيەنىڭ ئۆز مەشغۇلاتلىرىنى قەتئىي مەخپىي ئېلىپ بارغانلىقىنى، ئەزا كېڭەيتىش ئىشلىرىنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن تەدرىجىي كېڭەيتكەنلىكىنى، كېيىنكى يىللاردا ئابدۇرەھىم ئەيسا، لى تەييۇ (خىتاي)، داشجاپ (موڭغول) قاتارلىق كىشىلەرنىڭمۇ

[56] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-2)، 112-بەت

[57] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-2)، 113-112-بەتلەر

سەۋەبتىن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن كۆرۈشكەندە ئىنتايىن قوپال مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ.

ئۇنداقتا، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ ئىشى قانداق بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە پاش بولۇپ قالدى؟ مەركىزىي كومىتېتتا قەسەم قىلىشقان 7 كىشىلىك دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىدىن كىم بۇ سىرنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە مەلۇم قىلىپ قويدى؟

بۇ ھەقتە سەيپۇللايوفنىڭ ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن قالدۇرغان بىر قىسىم بايانلىرىدىن باشقا قولىمىزدا ئىككىنچى بىر مەنبە يوق.

سەيپۇللايوف «مەن شاھىت بولغان ئىشلار» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىر كۈنى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ماڭا: ‹مەن كونسۇلخانىغا بېرىپ ‹خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى› نىڭ تەشكىل قىلىنغانلىقىنى كونسۇلغا مەلۇم قىلىشتىن بۇرۇنلا ئۇلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بولغان ئىكەن. بۇ ئىشنى ئۇلارغا كىم يەتكۈزگەندۇ؟› دېدى. مەن بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، ھەم ئۇزۇممۇ كىمدىن گۇمان قىلىشنى ئۇقماي قالدىم. ئارىدىن بىر-ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بۇ مەسىلە ئۈستىدە يەنە سۆز ئېچىپ: ‹خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى ھەققىدىكى ئىشنى ئا XX ئىنىسى ئارقىلىق قورغاس چېگراسىدىكى رازۋېدكا ئورۇنلىرىغا خەۋەر بەرگەن ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن موسكۋا بۇ ئىشنى غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن سۈرۈشتۈرگەندە كونسۇلخانا بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز بولغاچقا: ‹ئۇنداق ئىش يوق› دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن موسكۋا غۇلجادىكى كونسۇلنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. شۇڭا ئۇلار ماڭا

نەپەر دائىمىي ئەزادىن 3 نەپىرى، يەنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى ۋە ئەنۋەر خانبابالار خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر پارتىيەنىڭ ئەزا قوبۇل قىلىش دائىرىسى پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستانغا كېڭىيىپ، ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئاقسۇ ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىمۇ يېڭى ئەزالىرى پەيدا بولىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە يەنە «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ ئىشىدىن ھامان بىر كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ خەۋەر تاپىدىغانلىقىنى، شۇڭا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇ ئىشنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە قانداق ئۇقتۇرۇشنى بىلمەي كۆپ قىينالغانلىقى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىنى غۇلجادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى «مەسلىھەتچىلىرى» بىلەن سۆزلەشمەي، بەلكى موسكۋا بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.[61]

سەيپۇللايوفمۇ «ئەينى ۋاقىتتا پارتىيەمىز مەخپىي قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى خەۋەردار قىلىپ قويۇش زۆرۈر ئىدى. شۇڭا كونسۇلخانا بىلەن سۆزلىشىشنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۈستىگە ئالدى،» دەپ يازىدۇ.[62]

دەل مۇشۇ پەيتتە، يەنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ ئىشىنى غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىغا مەلۇم قىلىش ئالدىدا تۇرغان مەزگىللەردە بۇ مەخپىيەتلىك بىردىنلا سوۋېت تەرەپكە ئاشكارا بولۇپ قالىدۇ. شۇ

---

[61] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە ـ 2)، 114 ـ بەت

[62] سەيدۇللا سەيپۇللايوف: «مەن ساھىت بولغان ئىشلار»، 119 ـ بەت

نىڭ ئىشى سەۋەبلىك موسكۋادىن قاتتىق تەنقىد يەيدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى ۋە «ئىككىنچى دوم» ئابدۇكېرىم ئابباسوۋقا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان، مۇھىم ئىشلاردا ئۇنى چەتتە قالدۇرىدىغان بولۇۋالىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سوۋېت تەرەپ ئۇنى جازالايدۇ ياكى ئۇنىڭدىن «ئۆچ ئالىدۇ». سەيپۇللايوۋ ئەسلىمىسىدە سوۋېت تەرەپنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋقا بولغان ئاچچىقىنىڭ تاكى 1948-يىلى 8-ئايدا غۇلجادا «ئىتتىپاق» تەشكىلاتى قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا چىقمىغانلىقىنى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىكىدە «ئىتتىپاق» تەشكىلاتى قۇرۇلغاندا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي ھەيئەتلىكىگە كىرگۈزۈلمىگەنلىكىنى، بۇ ئىشنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. سەيپۇللايوۋ ئەسلىمىسىدە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنى سوۋېت تەرەپنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن «ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قۇردى»، «ئۇنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ قويۇش كېرەك» دەپ ھېسابلىغان بولسا كېرەك، دەپ يازىدۇ.[64]

دېگەندەك، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن «تىزگىنى تارتىلغان» ئابباسوۋ 1948-يىلى غۇلجادىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «باش مەسلىھەتچىسى» گە تۆۋەنامە يازىدۇ. ئۇ ئۆزىنى تەكشۈرۈش مەكتۇبىدا «ئىتتىپاق» تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى، ئەمما سوۋېت تەرەپنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇئامىلىسىنىڭ توغرا بولمايۋاتقانلىقىدىن رەنجىگەنلىكىنى يازغان ئىكەن. سەيپۇللايوۋ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ بۇ مەكتۇبىنىڭ بىر كوپىيەسىنى ئۇنىڭ ئىنىسى خەمىت ئابباسوۋنىڭ ساقلىغانلىقىنى،

---

[64] سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ: «مەن شاھىت بولغان ئىشلار»، 123-122-بەتلەر

ئاچچىقلىنىپ قوپاللىق قىلغان بولسا كېرەك،› دېدى.»[63]

بۇ يەردە «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى قورغاس چېگراسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېدكىسىغا ئاشكارىلاپ قويغان شەخس زادى كىم؟

سەيپۇللايوف بۇ شەخسنىڭ «ئاXX » دېگەن ئىشارەتلىك ئىسىمدىكى كىشى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ مەركىزىي كومىتېتىدا شۇ ۋاقىتتا پەقەتلا 7 نەپەر دائىمىي ئەزا بار ئىدى. بۇ 7 كىشىدىن باشقا ھېچكىم بۇ پارتىيەنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئۇقمايتتى. دائىمىي كومىتېتتىكى 7 كىشىنىڭ ئىسىملىرىنى بىرمۇ-بىر تەكشۈرۈپ كۆرسەك، ئىسمى ‹ئا› ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىككى ئادەم بار. بىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، يەنە بىرى ئابدۇللا زاكىروف. دېمەك، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېدكا ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىش ئىشىدا ئابدۇللا زاكىروف ئەڭ گۇمانلىق شەخس ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ مەسىلىنى تولۇق جەزىملەشتۈرۈش ئۈچۈن يەنىمۇ كۆپ مەنبەلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا توغرا كېلىدۇ.

ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ غۇلجادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى، ياكى غۇلجادا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى «مەسلىھەتچىلىرى» نىڭ تەستىقىنى ئالمايلا «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نى مەخپىي ھالدا تەشكىللىشى، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەزەرىدىكى كىرېدىتىنى يوق قىلىدۇ. بولۇپمۇ غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى»

---

[63] سەيدۇللا سەيپۇللايوف: «مەن شاھىت بولغان ئىشلار»، 67-66-بەتلەر؛ 120-119-بەتلەر

## ئابدۇللا زاكىروف خىتاي كومپارتىيەسىگە تۇنجى قېتىم ئەزالىققا قوبۇل قىلىنغان سەككىز ئۇيغۇر كوممۇنىستىنىڭ بىرى

1949 ـ يىلى سېنتەبىردە غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئورۇنباسارى سەيپىدىن ئەزىزى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جاكارلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭ ئىلگىرى جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن ئىدى، ھازىر جۇڭگو كومپارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولدى، كەلگۈسىدىمۇ جۇڭگونىڭ مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان بىر قىسمى بولۇپ قالىدۇ.»[66]

سەيپىدىن ئەزىزى 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا موسكۋادىكى كىرېمىل سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە ماۋ زېدوڭ بىلەن ستالىنىنىڭ ئالدىدا بۇ گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلايدۇ.[67]

---

[66] 朱培民/王宝英著：《中国共产党治理新疆史》，北京：当代中国出版社，　2015年版，第37页

[67] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە ـ 3)، 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان ۋە مىللەتلەر نەشرىياتىغا سۇنۇلغان، بىراق خىتاي ھۆكۈمىتى نەشر قىلىشقا تەستىق بەرمىگەن كىتاب، ئا ـ نۇسخا (دەسلەپ كومپيوتېرغا ئۇرۇلغان نۇسخا)، 49 ـ 48 ـ بەتلەر؛ ب ـ نۇسخا (تەھرىرلەشتىن

خەمىت ئابباسوفنىڭ 1980 ـ يىللاردا بۇ مەكتۇبنى ئىنىسى ئابدۇسالام ئاببباسوفقا تاپشۇرغانلىقىنى، ئابدۇسالام ئاببباسوفنىڭ بولسا بۇ مەكتۇبنى سەيپىدىن ئەزىزىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.[65]

دېمەك، ئابدۇكېرىم ئاببباسوف سوۋېت تەرەپكە ئۇقتۇرماي تۇرۇپ «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نى قۇرغانلىقى ئۈچۈن مەزكۇر پارتىيەنىڭ ئەڭ دەسلەپكى 7 كىشىلىك دائىمىي ئەزاسىنىڭ بىرى، پارتىيەنىڭ كاتىبات ئىشلىرىغا مەسئۇل ئابدۇللا زاكىروفنىڭ چېقىمى بىلەن سوۋېت تەرەپنىڭ «ئۆلۈنسىز جازاسى» غا ئۇچرايدۇ.

[65] سەيدۇللا سەيپۇللايوف: «مەن شاھىت بولغان ئىشلار»، 123 ـ بەت

باش قوماندانى تاۋ سىيۈنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۆلكە رەئىسى بۇرھان شەھىدى ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، بىر دوملاپلا خىتاي كومپارتىيەسىگە ماھىل بولىۋالىدۇ. ئۇچىنچىسى، دېڭ لىچۈننى موسكۋا ئارقىلىق ئىلىغا ئەۋەتىپ، ئالدى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەرنى ئىلىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ئارقىدىن غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن، سەيپىدىن ئەزىزىنى بېيجىڭغا يولغا سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلىنىڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىپ تۇرغان «ئىتتىپاق» تەشكىلاتىنىڭ تەشكىلىي ھەيئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. كېيىنچە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى خىتاي كومپارتىيەسىگە كاندىداتسىز قوبۇل قىلىدۇ. مانا بۇ ئۈچ ئامىل خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا توسالغۇسىز كىرىپ، بىرقانچە ئايغا يەتمىگە ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىنى تولۇق ئىدارە قىلىشىغا يول ئاچىدۇ.

1949 - يىلىنىڭ ئاخىرى خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جاي - جايلىرىغا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن 12 - ئاينىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئورۇمچىدە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بيۇروسىنى قۇرىدۇ، ئاندىن «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى» ۋە «شىنجاڭ ھەربىي رايونى» تەشكىللەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي كومپارتىيەسى ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەتلەر ئارىسىدىن ئەزا قوبۇل قىلىش ئىشىنى جىددىي كۈنتەرتىپكە قويىدۇ.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر كادىرلار ئارىسىدىن ئەزا قوبۇل قىلىش پىلانى سەيپىدىن ئەزىزى بېيجىڭدىكى ۋاقىتىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، يەنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى جاكارلىنىپ بەش كۈن ئۆتكەندىن

1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، يەنى 20 - ئەسىردىكى ئىككى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى جاكارلانغان قۇتلۇق كۈندە سەيپىدىن ئەزىزى ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى خىتاي كوممۇنىستلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىدىن غۇلجاغا باردى. تۆت يىلدىن بۇيان ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا بىر پاي ئوق ئاتماستىن قورالنى قوچاقلاپ ياتقان مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى كۆز ئالدىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ھەيرانلىق بىلەن سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇردى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى جاكارلانغان كۈندىن ئېتىبارەن بىرمۇ خىتاي ئەسكىرى دەسسەپ باقمىغان ئىلى تۇپرىقىغا ۋاڭ جېن باشلاپ بارغان خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 2 - بىڭتۇەننىڭ 50 - پولكى كىرىپ كېلىدۇ ۋە مەنچىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان خىتاي چېرىكلىرىنىڭ قارارگاھى بولۇپ كەلگەن ئىلىدىكى كورە سېپىلى ئىچىگە ئورۇنلىشىدۇ.[68]

خىتاي كومپارتىيەسى 1949 - يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا مۇنداق ئۈچ ئامىلغا تايىنىپ ئۇيغۇر دىيارىنى ئۇرۇشسىز ۋە بەدەلسىز قولغا كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. بىرى، ستالىن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبىرى ماۋ زېدوڭغا كۆرسەتمە بېرىپ، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ تېزلىكتە ئۇيغۇر دىيارىغا كىرىشىنى تەۋسىيە قىلدى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ترانسپورت ئايروپىلانلىرىنى جىۋچۈەنگە ئەۋەتىپ، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرىنى ئۈرۈمچىگە توشۇيدۇ. ئىككىنچىسى، جاڭ جىجوڭنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر دىيارىدىكى 100 مىڭ كىشىلىك گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ

---

ئۆتكەن نۇسخا) دا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بۇ سۆزلىرى كېسىۋېتىلگەن

[68] ھۈسەيىن غازى قىمبىرى: «مەنزىلگە يېتەلمىگەن سەپەرلەر» (ئەسلىمە)، بىشكەك، 2016 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 253 - 255 - بەتلەر

شۇنداق قىلىپ، 1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خىتاي كومپارتىيەسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ كۆرسىتىشى، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۇيغۇر دىيارىدىن 15 كىشى تۇنجى بولۇپ خىتاي كومپارتىيەسىگە ئەزا بولۇپ كىرىدۇ. بۇ 15 كوممۇنىست ئىچىدە 8 نەپىرى ئۇيغۇر، 1 نەپىرى خىتاي، 1 نەپىرى قازاق، 1 نەپىرى موڭغول، 1 نەپىرى تاتار، 1 نەپىرى ئۆزبەك، 2 نەپىرى شىۋە ئىدى.[72]

خىتاي كومپارتىيەسىگە تۇنجى قېتىم ئەزا بولغان سەككىز نەپەر ئۇيغۇر كوممۇنىست سەيپىدىن ئەزىزى، بۇرھان شەھىدى (ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ئېلان قىلغان)، ئابدۇراھمان مۇھىتى، ئابدۇللا زاكىروف، ئىسمائىل ياسىنوف، ئىبراھىم تۇردى، ئۇيغۇر سايرانى (ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ئېلان قىلغان)، ئابلىمىت مەقسۇتوف قاتارلىقلار ئىدى.[73]

ئۇيغۇر دىيارىدىن تۇنجى قېتىم خىتاي كومپارتىيەسىگە كاندىداتلىق مەزگىلىنى ئۆتمەيلا بىۋاستە قوبۇل قىلىنغان يۇقىرىقى 15 كىشىنىڭ 14 نەپىرى ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدا 1948 - يىلى قۇرۇلغان «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيەنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزالىرى ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ باشچىلىقىدا 1945 - يىلى 12 - ئايدىن 1946 - يىلى 6 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا غۇلجادا مەخپىي ھالدا قۇرۇلغان «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7 نەپەر دائىمىي ئەزاسىدىن 3 نەپىرى 1949 - يىلى 12 - ئايدا خىتاي كومپارتىيەسىگە بىۋاستە ئەزالىققا قوبۇل قىلىندۇ. ئۇلار

[72] 朱培民/王宝英著:《中国共产党治理新疆史》，第122页

[73] 《维吾尔族简史》，编写组编:《维吾尔族简史》，北京：民族出版社，2009年版，第306页

كېيىن، سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىگە كىرىش ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى تاپشۇردى. 10-ئاينىڭ 23-كۈنى ماۋ زېدوڭ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىلتىماسىنى شەخسەن ئۆزى تەستىقلايدۇ ۋە خىتاي باش مىنىستىرى جۇ ئېنلەيگە بۇيرۇق بېرىپ: «ئۇلارنىڭ ھېلىقى پارتىيەسى (خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى) نىڭ مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنى بىۋاستە ھالدا، يەنى كاندىدات مەزگىلىنى ساقلىمايلا جۇڭگو كومپارتىيەسىگە ئەزا قىلىپ قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ،» دەيدۇ.[69]

ھالبۇكى، بۇ ۋاقىتتا ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى خىتاي كومپارتىيەسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى «پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا بەلگىلىمە» ناملىق ھۆججەت چىقىرىپ، «باشقا مىللەتلەر ئارىسىدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كەچكەندىن كېيىن، ئاندىن پارتىيەگە قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ،» دەپ بېكىتىدۇ.[70] ئەمما خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق رەھبىرى ليۇ شاۋچى 1950-يىلى 3-ئايدا بۇ ھەقتە ئايرىم كۆرسەتمە بېرىپ، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ يوقىرىقى بەلگىلىمىسىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزىدۇ: «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كەچمەكچى بولغانلارنى چوقۇم ئىدىيە ئۆزگەرتىش باسقۇچىدىن ئۆتكۈزۈش زۆرۈر. بۇ باسقۇچ ئۇلار پارتىيەگە كىرگەندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. پارتىيەگە كىرىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشنى شەرت قىلىپ قويماسلىقىمىز كېرەك.»[71]

---

[69] 朱培民/王宝英著：《中国共产党治理新疆史》，第121页

[70] 朱培民/王宝英著：《中国共产党治理新疆史》，第121页

[71] 《建国以来刘少奇文稿》， 第1册， 北京：人民出版社，1984年版，第222页

## ئابدۇللا زاكىروفنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىدىن چىقىرىلىشى

1949-يىلى 12-ئاينىڭ 17-كۈنى خىتاي كومپارتىيەسى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىگەندە مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەنگەن سەيپىدىن ئەزىزى بولسۇن ياكى باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەن ئابدۇللا زاكىروف بولسۇن ۋە ياكى ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن غېنى باتۇر، ئەنۋەر جاكۇلىن، قېيىۇمبەگ خوجا، ئەنۋەر خانبابا، لېسكىن قاتارلىق كىشىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ گىراژدانلىرى ئەمەس ئىدى. ئۇلار ھەتتا گومىنداڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يىللاردا خىتاي جۇمھۇرىيىتى (جۇڭخۇا مىنگو) نىڭمۇ گىراژدانى ئەمەس ئىدى.

سەيپۇللايوفمۇ غۇلجادا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىلى تەۋەسىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا سوۋېت پۇقرالىقىغا يېزىلىش شامىلى كۆتۈرۈلگەنلىكى، بۇ ئىشتا غۇلجادا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ پەردە ئارقىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1946-يىلى ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتى ئاخىرلىشىپ، بىتىم ئىمزالىنىش ئالدىدا تۇرغان مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى

سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇللا زاكىروف ۋە ئەنۋەر خانبابا (ئۆزبەك) قاتارلىقلار ئىدى.

دېمەك، ئابدۇللا زاكىروف ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن تۇنجى بولۇپ خىتاي كومپارتىيەسىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلىنغان سەككىز كوممۇنىستنىڭ بىرى ئىدى.

دېگەندەك، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقان كۆپلىگەن مەسئۇل كادىرلار، مىللىي ئارمىيەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى شۇ مەزگىللەردە سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىغا ئۆتۈپ، سوۋېت پاسپورتى ئالغان ئىدى.

بارغانسېرى ئاشكارا بولۇۋاتقان ئارخىپ ماتېرىياللىرى ۋە تارىخىي ھۆججەتلەر سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ 1945-يىلى غۇلجادا سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىغا ئۆتكەنلىكى، ئۇنىڭ قولىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى پاسپورتىنى «يوقىتىپ كەتتى» دېگەن باھانە بىلەن تاكى 1960-يىللارغىچە خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرمىگەنلىكى، ئايالى ئايىم ئەزىزىنىڭ قولىدىكى سوۋېت پاسپورتىنى 1960-يىلى خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.[75]

ئۇنداقتا، ئابدۇللا زاكىروف قاچان، قەيەردە سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىغا ئۆتكەن؟ بۇ سوئالنىڭ ئېنىق جاۋابىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھۆججەتلەر قولىمىزدا يوق. ئەمما ئابدۇللا زاكىروفنىڭ 1945-يىلى ئەتىيازدا زىيا سەمەدىگە ئۆزىنىڭ 1938-يىلدىن ئېتىبارەن سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېدكىسىغا ئىشلىگەنلىكىنى ئىقرار قىلغانلىقىدەك بىر ئەھۋالنى كۆزدە تۇتساق، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئىلى ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى، ياكى بولمىسا ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ ئىلى ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى جاكارلانغان، ئىلى 1-رايون شۆبە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان مەزگىللەردە ئالقاچان سوۋېت

---

[75] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن ۋە كادىرلارغا ئىچكى قىسمدا تارقاتقان ماتېرىيال: «يولداش سەيپىدىنىڭ ئېغىر لۇشيەن خاتالىقىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ئۈرۈمچى، 1978-يىل، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا بېسىلغان ئىچكى نۇسخا، 50-49-بەتلەر

كونسۇلخانىسى سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە كوچىغا ئېلان چاپلىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتىنىڭ مۇشۇ ئۇقتۇرۇشى 1946 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجادىكى كونسۇلخانىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا چاپلانغان ۋە باشقا شەكىللەر ئارقىلىق تەشۋىق قىلىنغان... ئاشۇ ئۇقتۇرۇش چىققاندىن كېيىن ئاما ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىغا يېزىلىش ئېلىپ بېرىلدى ۋە پاسپورت تارقىتىلدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، شۇ چاغدىكى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى تىيىپ ئاخۇن (تىيىپ شەنگەن) نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پاسپورت تارقىتىش ئىشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆزى مەسئۇل بولۇپ خۇرجۇن-خۇرجۇندا پاسپورت ئېلىپ چىقىپ، غۇلجا ناھىيەسىنىڭ يېزىلىرىدا پاسپورت تارقاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەرمۇ تارقالغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىغا تىزىملاپ پاسپورت تارقىتىش ئىشى مىللىي ئارمىيە ئىچىدىمۇ ئېلىپ بېرىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ خادىملىرى ئالدىنقى سەپ ھېسابلانغان يەنىسخەي ئورمانلىقىدا چېدىر تىكىپ، جەڭچىلەرنى پۇقرالىققا تىزىملاپ پاسپورت تارقىتىش ئىشىنى ئېلىپ بارغان. پۇقرالىققا يېزىلىپ پاسپورت ئالغانلار ئادەتتىكى خەلق ئاممىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۈچ ۋىلايەتتىكى مەسئۇل كادىرلار، ئوفىتسېر-كوماندىرلار ئىچىدىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. پۇقرالىققا قانداق ئادەملەر يېزىلىۋاتىدۇ؟ يەرلىكلەر سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىغا يېزىلسا قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟ بۇ ئىشتا ساقچى تەرەپنىڭ ئالاقىسى بارمۇ؟ بۇلار ھەققىدە ھېچنەرسە مەلۇم ئەمەس ئىدى. يەرلىك ئورگانلار بۇنداق مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيتتى. پۇقرالىققا يېزىلىپ پاسپورت ئېلىۋالغان ياشلار پەخىرلىنەتتى.»[74]

---

[74] سەيدۇللا سەيپۇللايوف: «مەن شاھىت بولغان ئىشلار»، 115 ـ 114 ـ بەتلەر

ئۈتتىپاقىنىڭ پۇقراسى بولغان سەيپىدىن ئەزىزى قانداق قىلىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولالايدۇ؟ سوۋېت ئۈتتىپاقى پۇقراسى بولغان ئابدۇللا زاكىروف قانداقلارچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى؟

بۇ مەسىلە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنى ئىدارە قىلىش تارىخىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىكى خىتاي بىلەن سوۋېت ئۈتتىپاقىنىڭ «شىرىنئاي» مۇناسىۋىتىگە دائىر ئىچكى سىرلاردىن ھېسابلىنىدۇ. سابىق سوۋېت ئۈتتىپاقى بىلەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەخپىي ئارخىپلىرىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن بۇ سىرلارمۇ بىر-بىرلەپ پاش بولغۇسى، ئەلۋەتتە.

ئۇنتىپاقى پۇقرالىقىغا ئۆتۈپ بولغانلىقىنى تەخمىن قىلالايمىز.

1950-يىلى 2-ئاينىڭ 26-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 73-قېتىملىق يىغىنىدا ئۇيغۇر دىياردىكى بىر قىسىم سوۋېت پۇقرالىرىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىنى بىكار قىلىش توغرىلىق قارار ماقۇللايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا چۈشۈرۈلگەن بۇ قارارنىڭ 88-ماددىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئارقىلىق نۆۋەتتە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىگە كىرگەن ياكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان تۆۋەندىكى سوۋېت پۇقرالىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت تەۋەلىكىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئۇقتۇرىدۇ. بۇ كىشىلەر تۆۋەندىكىچە: سەيپىدىن ئەزىزوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، فاتىھ ئىۋانوۋىچ لېسكىن، ئەنۋەر خانبابايېۋ، غېنى باتۇر، ئەنۋەر جاكۇلىن، قېيۇمبەگ ھاكىمبايوف، ياقۇببەگ ھەسەنبايوف، ھۈسەيىن موللاۋۇدوف، مادرىت كېكىن، كامالىدىن سادىقوف، ئابدۇللا زاكىروف، ئابدۇراھمان ھەسەنوف، نۇسۇپقان بىنبايېۋ، ئالىمجان ھېكىمبايېۋ، ئەنۋەر مۇسابايوف.»[76]

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۇقراسى بولغان، قولىدا سوۋېت پاسپورتى كۆتۈرگەن سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇللا زاكىروف قاتارلىق يۇقىرىقى كىشىلەر قانداق قىلىپ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەۋەلىكىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ؟ ئەجەبا، بۇ ئىشتىن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خەۋىرى بولمىغانمۇ؟ سوۋېت

---

[76] 沈志华编译：《俄国解密档案：新疆问题》， 乌鲁木齐：新疆人民出版社， 2012年版，第360页

ساھەسىدىكى كىشىلەر، كىنو قويۇش خادىملىرى، خىزمەتچى خادىملار ۋە قوغدىغۇچىلار بار ئىدى. ئۇلار شىنياڭغا بارغاندىن كېيىن خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى پىدائىي قىسىملىرىنىڭ فورمىسىنى كىيىپ، ھەربىي كىيىملەردىكى بارلىق بەلگىلەرنى ئېلىۋېتىدۇ. ئاندىن 1951-يىلى 4-ئاينىڭ 6-كۈنى يالۇجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، شىمالىي كورىيەگە كىرىدۇ.

ئۇنداقتا، ئابدۇللا زاكىروف كورىيە ئۇرۇش مەيدانىدا قانداق پائالىيەتلەردە بولغان؟ ئۇيغۇرلاردىن تاللانغان ۋەكىللەر نېمە سەۋەبتىن ئۆزلىرى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان كورىيە ئۇرۇش مەيدانىغا ھال سوراشقا ئەۋەتىلدى؟

ئابدۇللا زاكىروفنىڭ خىتاي ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە 1951-يىلى كورىيە بېرىپ، ئۇ يەردە قانداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى تەپسىلىي كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھۆججەت ۋە ماتېرىياللار تېخىچە ئاشكارىلانمىدى. ئەمما ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن كورىيە ئۇرۇش مەيدانىغا ئەۋەتىلىشىدە مۇنداق بىرقانچە سەۋەبنىڭ بولغانلىقىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، خىتاي كومپارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مودېلى بويىچە ئۆز تېررىتورىيەسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا قاتنىشىۋاتقانلىقى، ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ خىتاي خەلقى بىلەن بىرلىكتە «ئامېرىكا جاھانگىرلىكى» گە قارشى مەيداندا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشتەك سىياسىي ئېھتىياج سەۋەب بولغان.

ئىككىنچىدىن، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ خىتاي ھال سوراش ئۆمىكىگە تاللىنىشىدا، ھەتتا ئۇنىڭ «غەربىي-شىمال شۆبە ئۆمىكى» گە مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولۇپ كورىيەگە

# ئابدۇللا زاكىروفنىڭ كورىيە ئۇرۇش مەيدانىغا ھال سوراشقا ئەۋەتىلىشى

1951 - يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەتتىن ھال سوراش ئۆمەكلىرى تەشكىللەپ، كورىيە ئۇرۇش مەيدانىغا ئەۋەتىدۇ. بۇ ئىشنى 1950 - يىلى 10 - ئايدا خىتاي كومپارتىيەرسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان «خىتاي خەلقىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ۋە ئامېرىكانىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتى» تەشكىللەيدۇ. بۇ كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە كوممۇنىستلارغا ماھىل خىتاي شائىرى گو مورو تەيىنلىنىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى تەشكىللىگەن تۇنجى ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى 1951 - يىلى 3 - ئايدا تيەنجىن شەھىرىگە يىغىلىدۇ. تۇنجى قېتىملىق ھال سوراش ئۆمىكىگە لياۋ چېڭجى (廖承志) ئۆمەك باشلىقى، خىتاي يازغۇچىسى تيەن خەن (田汉) مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولىدۇ. ئۆمەك تەركىبىدە جەمئىي 8 شۆبە ئۆمەك تەشكىللەنگەن بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇللا زاكىروف غەربىي - شىمال شۆبە ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ.

بۇ غايەت زور ئۆمەك جەمئىي 575 نەپەر كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، سەنئەت

تەرەپكە پايدىلىق ۋەزىيەتكە بۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.[77]
دېمەك، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئابدۇللا زاكىروف قاتارلىق ئۆزگە
سادىق ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنى خىتاي ھال سوراش ئۆمىكى
تەركىبىدە كورىيە ئۇرۇش مەيدانىغا ئەۋەتىشى ئامېرىكا تەرەپتە
تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىۋاتقان تۈرك ئەسكەرلىرىگە ھەيۋە كۆرسىتىش
ۋە بالانس ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

ئابدۇللا زاكىروفنىڭ كورىيە ئۇرۇش مەيدانىدا قانداق كونكرېت
پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، خىتاي پىدائىي قىسىملىرى بىلەن
شىمالىي كورىيە ئەسكەرلىرىدىن قانداق ھال سورىغانلىقى ھەققىدە
ھۆججەتلىك ماتېرىيال يوق. ئەمما خىتاي تىلىدىكى مەنبەلەردە
ئابدۇللا زاكىروفنىڭ شۇ قېتىملىق خىتاي ھال سوراش ئۆمىكى
تەركىبىدە خىتاي پىدائىي قىسىملىرى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئالدىنقى
سەپكە بېرىپ، بومبىلار چۈشۈپ تۇرغان، ئوقلار ئۇچۇپ يۈرگەن
جەڭ مەيدانىدا ھاياتىغا كېلىدىغان خەۋپ-خەتەرگە قارىماستىن ھال
سوراش ئېلىپ بارغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ.[78]

قىزىقارلىقى شۇكى، كورىيە ئۇرۇشى ئىككىنچى دۇنيا
ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى باشلىغان
ئىككى چوڭ لاگېر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئاسىيادىكى تەسىر
دائىرە تالىشىش ئۇرۇشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە
38-پاراللېلنى پاسىل قىلغان كورىيە يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇب
ۋە شىمالى ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭمۇ بىر
مۇنبىرى بولغان ئىدى.

ئابدۇللا زاكىروف باشچىلىقىدىكى خىتاي ھال سوراش ئۆمىكى

[77] Doğu Türkistan Vakfı Başkanı M. Riza Bekin'in Anıları, Istanbul: Kastas Yayinevi, 2005, Ss. 30-44

[78] 阿不都拉·扎克洛夫: 百度百科, https://baike. baidu. com/item/阿不都拉·扎克洛夫/2567864

ئەۋەتىلىشىدە، سىياسىي جەھەتتىن خىتاي كومپارتىيەسىگە ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان چەكسىز ساداقىتى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتىكى كورىيە ئۇرۇش مەيدانى خەۋپ-خەتىرى ئىنتايىن زور بولغان جەڭگاھ بولۇپ، بۇ ئۇرۇشنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەت ۋە ئۇلار يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئىككى چوڭ دۇنياۋىي لاگېر ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق ئۇرۇش مەۋجۇت ئىدى. كورىيە ئۇرۇش مەيدانىغا ھال سوراشقا ئەۋەتىلگەن بۇ ئۆمەكتىكى كىشىلەرنىڭ ھەر ۋاقىت قارشى تەرەپكە ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. شۇنداق بولغاچقا بۇ ئۆمەككە تاللانغان ۋەكىللەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر قاتارلىق ئازا سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى سىياسىي جەھەتتىن ھەم خىتايغا ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا سادىق كىشىلەردىن بولۇشى تەلەپ قىلىنغان ئىدى.

ئۈچىنچىدىن، تۈركىيەمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى كورىيە ئۇرۇشىغا ئەسكەر ئەۋەتكەن بولۇپ، تۈرك ئەسكەرلىرى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى ئارمىيەسى تەركىبىدە شىمالىي كورىيەنىڭ كوممۇنىست ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان ئىدى. گېنېرال مەھمەت رىزا بېكىننىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، تۈركىيە ھۆكۈمىتى كورىيە ئۇرۇش مەيدانىغا 5000 تۈرك ئەسكىرى ئەۋەتكەن. بۇ تۈرك ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتا زور قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، شىمالىي كورىيەنىڭ چۆمۈلدەك بېسىپ كەلگەن ئەسكەرلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن، ھەتتا سېئۇل ئەتراپىدا بولغان بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشتا قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە ھەمدەم بولۇپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئامېرىكا

ياردەم قىلىشقا ھەرىكەتلەندۇرۇلگەن ئىدى.

كېيىنكى يىللاردا كورىيە ئۇرۇشىغا دائىر بىر قىسىم ھېكايىلەر ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا سۆزلىنىپ يۈردى. يەنى ئۇرۇش جەريانىدا بىر قىسىم تۈرك ئەسكەرلىرى خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كورىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىۋاتقان پىدائىي قىسىملىرىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. خىتاي تەرەپ ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمىگەچكە ئۇيغۇر دىيارىدىن رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا قاتارلىق تۈركچە بىلىدىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى كورىيەگە ئېلىپ بېرىپ، ھەربىي سوراقتا تەرجىمانلىققا سالغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ.

ئەمما كورىيە ئۇرۇشىدا ب د ت قىسىملىرى تەركىبىدە ئۇرۇشقا قاتناشقان تۈرك ئارمىيەسى ھەقىقەتەنمۇ قەھرىمانلىق كۆرسىتىدۇ. تۈركىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كورىيە ئۇرۇشىغا ئەۋەتىلگەن ئۇيغۇر گېنېرال مەھمەت رىزا بېكىن ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى، گېنېرال مەك ئارتۇر ئۇرۇش مەيدانىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن توكيودىن كەلدى. گېنېرال مەك ئارتۇر تۈرك ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى گېنېرال تۇگايىغا مۇنداق دېدى: ‹سىلەرنى كۆرگىنىمدىن بەكمۇ مەمنۇن بولدۇم. ياپونىيەدە ھەممە كىشى سىلەر تۈرك ئەسكەرلىرىنى قەھرىمانلارنىڭ قەھرىمانى دېيىشىۋاتىدۇ. كۈنۈرىدىكى 8-ئارمىيەنى قۇتقۇزىۋالغان، كۇمياگجاڭنى قوغداش ئۇرۇشىدا دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ پەرىشان ئەتكەن سىزلەر قەھرىمان تۈرك ئەسكەرلىرىسىزلەر. تۈرك ئەسكەرلىرى ئۈچۈن مۇمكىنسىزلىك مەۋجۇت ئەمەستۇر.›»[79]

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئوخشاش بىر ۋەتەندە ۋە بىر تۇپراقتا

[79] Doğu Türkistan Vakfı Başkanı M. Riza Bekin'in Anıları, Istanbul: Kastas Yayinevi, 2005, S. 40

تەركىبىدىكى ئۇيغۇر ۋەكىللەر (بۇلارنىڭ ئىچىدە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىستلىرىمۇ بار) 38 - پاراللېلنىڭ شىمالىدا كىم ئىل - سۇڭ رەھبەرلىكىدىكى كورىيە كوممۇنىستلىرى بىلەن خىتاي پىدائىي قىسىملىرىغا ئويۇن كۆرسىتىپ ھال سورىغان بولسا، 38 - پاراللېلنىڭ جەنۇبىدا 5000 كىشىلىك تۈرك ئەسكەرلىرى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ب د ت قىسىملىرىنىڭ تەركىبىدە شىمالىي كورىيەنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن بىرلەشكەن بىرلەشمە ئارمىيەسىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان ئىدى. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، كورىيە يېرىم ئارىلىنى جەنۇب ۋە شىمال دەپ ئىككىگە ئايرىپ تۇرغان 38 - پاراللېلنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەردىن ئىبارەت ئىككى قېرىنداش خەلق ئۆزلىرى بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىغان بىر ئۇرۇشتا بىر - بىرىگە قارشى ئىككى سەپتە ئايرىلىپ تۇرغان ئىدى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 1950 - يىللارنىڭ باشلىرىدا «ئامېرىكاغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش» تېمىسىدىكى ئۆزلۈكسىز تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇر خەلقى زور مىقداردا ئىئانە توپلاپ، ئۆزلىرى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان شىمالىي كورىيەگە ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ مىلىتارىست شېڭ شىسەينىڭ 1930 - يىللاردا ئۇيغۇر دىيارىدا «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش» تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ ئۇيغۇر خەلقىدىن زور مىقداردا پۇل ۋە ئالتۇن - كۈمۈش توپلىشى ھەمدە بۇ پۇللارغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نەچچە ئونلىغان كۆرەشچى ئايروپىلان سېتىۋېلىپ، خىتاي ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىپ بېرىشىدىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق ئاممىۋي ھەرىكەت ئىدى. ئۇيغۇر خەلقى 1930 - يىللاردا ئۆزلىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشقا ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلىنغان بولسا، 1950 - يىللارنىڭ باشلىرىدا يەنە ئۆزلىرى بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىغان كورىيە ئۇرۇشىغا

تەيۋەندىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ بار-يوقلىقى، تۈركىيەدە قانچىلىك شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرنىڭ ياشايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ تۈرك ئارمىيەسى تەركىبىدە كورىيە ئۇرۇشىغا ئەسكەر بولۇپ قاتناشقان ياكى قاتناشمىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورايدۇ.[80]

[80] Ömer Kul yayına hazırlayan: «Esir Doğu Türkistan İçin-2: Isa Yusuf Alptekin'in mücadele hatıraları (1949-1980)», Ankara: Berikan Yayinevi, 2007, ss. 149-165

تۇغۇلغان، ئەمما ئوخشىمىغان سىياسىي مەپكۇرە ۋە سىستېمىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىككى ئۇيغۇر - ئابدۇللا زاكىروۋ بىلەن مەھمەت رىزا بېكىن. 1950 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى كورىيە ئۇرۇشىدا ئوخشىمىغان ئىككى لاگېر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئابدۇللا زاكىروۋ قىزىل خىتاينىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن 38 - پاراللېلنىڭ شىمالىدا تەشۋىقات بىلەن پايپېتەك بولغان بولسا، گېنېرال مەھمەت رىزا بېكىن 38 - پاراللېلنىڭ جەنۇبىدا كوممۇنىزم ۋاباسىغا قارشى قانلىق ئۇرۇشتا ئوق ئاتىدۇ.

كورىيە ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ خىتاي كومپارتىيەسى تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلارنىڭ تۈرك ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ كورىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقانلىقى ۋە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ يۈرىدۇ. 1957 - يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى ئابدۇرەھىم ئەيسانى خىتاي دۆلەتلىك ھەج ئۆمىكىگە مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى قىلىپ ھەجگە ئەۋەتكىنىدە، ئۇنىڭغا مۇھەممەدئىمىن بۇغراغا خىزمەت ئىشلەپ ۋەتەنگە قايتۇرۇپ كېلىش ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلارنىڭ تۈرك ئارمىيەسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن - ئۆتىمىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى يۈكلىگەنلىكى مەلۇم. ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ «ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 2 - تومىدىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، 1957 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يېرىم كېچىدە پولات قادىرى مەككىدىكى «مىسىر» مېھمانخانىسىغا بېرىپ ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ياتىقىدا مەخپىي كۆرۈشىدۇ. بۇ كۆرۈشۈشتە پولات قادىرى ئابدۇرەھىم ئەيسادىن ۋەتەننىڭ ئەھۋالى ھەققىدە نۇرغۇن سوئاللارنى سورايدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسامۇ پولات قادىرىدىن مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ قەيەرگە يەرلەشكەنلىكى، ئۇلارنىڭ چەتئەللەردىكى سىياسىي پائالىيەتلىرى،

قەھرىمان غوجامبەردىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، يىپىق ھالدا ئېچىلغان مەزكۇر مەجلىسكە «غۇلجادىكى مىللىي كادىرلار، زىيالىيلار ۋەكىللىرى، سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر قىسىم خادىملىرى، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاتاقلىق ئوفىتسېرلىرى، ئىجتىمائىي-سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ لىدېرلىرى، دىنىي زاتلار ۋە ياشلار ۋەكىللىرى بولۇپ 60 قا يېقىن ئادەم قاتناشقان. شۇ جۈملىدىن 5-كورپۇسنىڭ قوماندانى لېسكىن، سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، 5-كورپۇس ئارقا سەپ ھەربىي تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى رەسۇلوپ، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى ياسىن خۇدابەردى، غېنى باتۇر، فاتىخ باتۇر، ئوسمان زىيام، ئەردە ۋە باشقا ھەر ساھەدىكى رەھبىرىي كادىرلار ۋە زىيالىيلار قاتناشقان.»[82]

شاھىتلاردىن مەھمۇت پارماش، ئەسەت تېيىپ ۋە ھەبىبۇللا مۇتەللىپ قاتارلىقلارنىڭ تەكىتلىشىچە، غۇلجادىكى بۇ مەجلىسنى ئېچىشنى «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سابىق ھەيئەت ئەزالىرى بىلەن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ سابىق ۋالىيسى قېيۇمبەگ خوجانىڭ تەشەببۇس قىلغانلىقى مەلۇم.[83] يىپىق ئېچىلغان بۇ مەجلىستە 12 ماددىلىق بىر تەكلىپ-پىكىر لايىھەسى (بەزىلەر 15 ماددىلىق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ) تەييارلىنىپ، ئۇنىڭغا يىغىن ئىشتىراكچىلىرىدىن 51 كىشى ئىمزا قويىدۇ. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئىككى نېگىزلىك مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ،

---

[82] قەھرىمان غوجامبەردى: «كوممۇنىستىك خىتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنو-سىياسىي تارىخى (1949-2012)»، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2013-يىل ئۇيغۇركرىل يېزىقىدىكى نەشرى، 118-119-بەتلەر

[83] قەھرىمان غوجامبەردى: «كوممۇنىستىك خىتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنو-سىياسىي تارىخى (1949-2012)»، 119-بەت؛ «ئۇيغۇرلار: قەدىمكى زاماندىن تا ھازىرقى كۈنلەرگىچە بولغان ئېتنو-سىياسىي تارىخى»، ئالمۇتا، 2005-يىلى ئۇيغۇر كرىل يېزىقىدىكى نەشرى، 678-بەت

## «51 چلەر مەجلىسى» ۋە ئابدۇللا زاكىروف

1951 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئۇيغۇر سىياسىي سەرخىللىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بىلىپ باقماقچى ۋە ئۇلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرمەكچى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئۇيغۇر دىيارىدىكى باشقارمىدىن يوقىرى دەرىجىلىك مىللىي كادىرلارغا «مىللىي تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش نىزامى ‹لايىھە›» ناملىق ھۆججەت بىلەن خىتاي كومپارتىيەسى غەربىي ـ شىمال بيۇروسى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ «مىللىي تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش نىزامى ‹لايىھە› ھەققىدە پىكىر ئېلىش، تەكشۈرۈش پروگراممىسى» نى قوشۇپ ئەۋەتىدۇ.[81]

ئىلىدىكى مەسئۇل رەھبىرىي كادىرلار خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بۇ ھۆججەت ۋە پىكىر ئېلىش ماتېرىيالىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن 1951 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى غۇلجا شەھرىدىكى «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ زالىدا مەجلىس ئاچىدۇ. تارىخچى

[81] 厉声：《中国新疆：新中国民族分裂与反分裂斗争》，乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009年版，第 5-6页

خەۋەرنى شۇ ۋاقىتتا غۇلجاغا بېرىپ- قايتقان سەيپۇللايوفتىن ئاڭلىدىم. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غەربىي- شىمال بيۇروسىغا يازغان جاۋاب خېتىنى سەيپۇللايوفقا تاپشۇرغان ئىكەن، مەن خەتنى كۆرۈپ ناھايىتى قاتتىق نارازى بولدۇم. سەيپۇللايوفنىمۇ شۇ مەجلىسكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن تەنقىد قىلدىم.»[85]

ئىلى ئىنقىلابىغا قاتناشقان، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەزگىلىدە شىنخو، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى ساقچى ئىدارىلىرىدە ۋە مىللىي ئارمىيەنىڭ ھەربىي رازۋېتكا بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغان، ئەمما كېيىنچە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىلىدىكى ئۇيغۇر، قازاق سىياسىي سەرخىللىرىنى باستۇرۇشىغا ھەمكارلاشقان گارشابانى (موڭغول) «تارىخنىڭ ساداسى» ناملىق ئەسلىمىسىدە «51 چىلەر» مەجلىسى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەركەز ‹مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش تۈزۈمى› بىلەن غەربىي- شىمال بيۇروسى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان بۇ ھەقتىكى پىكىر ئېلىش خېتىنى قوشۇپ تارقاتقاندىن كېيىن، 1951- يىلى 3- ئاينىڭ 4- كۈنى غۇلجادا 51 كىشى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىدۇ. يىغىندا بەزىلەر مەركەزنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىگە خىلاپ كېلىدىغان خاتا تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەن ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىدىغان ۋاقىتىمدا سەيپۇللايوفنىڭ غۇلجادىكى ‹51 چىلەر› سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغانلىقىنى، يىغىندا شىنجاڭدا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش مەسىلىسىنىڭ مۇزاكىرە قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇلار يىغىندا ئاساسلىقى مۇنداق 4 تۈرلۈك تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ: (1) شىنجاڭدا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى

---

[85] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە- 3)، ئا- نۇسخا، 213- 214- بەتلەر؛ ب- نۇسخا، 107- 106- بەتلەر

بىرى ئۇيغۇرىستاننىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلىش، يەنە بىرى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىدە ـ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىگە ئوخشاش ـ «ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىش تەلەپ قىلىندۇ. ئەمما يىغىن قاتناشچىلىرى كەسكىن مۇزاكىرەلەردىن كېيىن، ئۇيغۇرىستاننىڭ تولۇق مۇستەقىللىق مۇئەمماسىنى ھازىرقى ۋەزىيەتتە ھەم بېيجىڭنىڭمۇ ھەم موسكۋانىڭمۇ قوللىمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھازىرچە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىدە ئۇيغۇرىستان ئۈچۈن ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىك سىياسىي ھوقۇق تەلەپ قىلىش پىكرىدە بىرلىككە كېلىدۇ.[84]

سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ تېخى ئېلان قىلىنمىغان 3-تومىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1951-يىلى غەربىي-شىمال بيۇروسى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللىي كادىرلارغا ‹ئاپتونومىيە توغرىسىدا پىكىر ئېلىش خېتى› دېگەن بىر ئالاقە خېتى تارقاتقان ئىدى، جۈملىدىن مەنمۇ بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدىم. ئەمما مەن بۇ خەتكە ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىغان ئىدىم، چۈنكى بۇ مەسىلە خېلى چوڭقۇر ئويلىنىدىغان بىر مەسىلە ئىدى. غۇلجادا مۇشۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان بىر قىسىم مەسئۇل كادىرلار باش قوشۇپ ۋە ئۆز-ئارا پىكىرلىشىپ، غەربىي-شىمال بيۇروسىنىڭ پىكىر ئېلىش خېتىگە جاۋاب قايتۇرماقچى بوپتۇ. بۇ مەجلىسكە ۋىلايەت دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئىدارە دەرىجىلىك كادىرلاردىن بولۇپ قاتناشقان ئادەملەرنىڭ سانى 51 بوپتىكەن. مەن بۇ

[84] قەھرىمان غوجامبەردى: «كوممۇنىستىك خىتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنو-سىياسىي تارىخى (1949-2012)»، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2013-يىل ئۇيغۇر كىرىل يېزىقىدىكى نەشرى، 120-بەت

ئۇنداقتا، «51 چىلەر مەجلىسى» گە ئابدۇللا زاكىروفمۇ قاتناشقانمۇ؟

ھازىرچە بۇ مەجلىسكە ئابدۇللا زاكىروفنىڭ قاتناشقانلىقىنى ئەستىقلايدىغان ھۆججەت ۋە ماتېرىياللار يوق. غۇلجادا «51 چىلەر مەجلىسى» ئېچىلغان ۋاقىتلاردا ئابدۇللا زاكىروف شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان بولۇپ، ئائىلىسى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇراتتى. سەيپىدىن ئەزىزىمۇ، گارشابانىمۇ غۇلجادا «51 چىلەر مەجلىسى» ئېچىلغان كۈنلەردە سەيپۇللايوفنىڭ خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن غۇلجاغا بارغانلىقى ۋە بۇ مەجلىسكە رىياسەتچىلىك قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئابدۇللا زاكىروفنىڭ غۇلجادىكى بۇ يىغىنغا قاتناشقان ياكى قاتناشمىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئىز ئاچمايدۇ.

«51 چىلەر مەجلىسى» ئېچىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1951-يىلى 4-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن 19-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدىكى غەربىي بىنادا ۋاڭ جېننىڭ رىياسەتچىلىكىدە خىتاي كومپارتىيەسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلىدۇ. بۇ يىغىنغا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار بىلەن 5-كورپۇسنىڭ پولكتىن يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرلىرى بولۇپ، جەمئىي 225 كىشى قاتنىشىدۇ. گارشابانى ئەسلىمىسىدە مەزكۇر يىغىنغا ئىلى تەرەپنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىدىن سەيپىدىن ئەزىزى، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، لېسكىن، ئەنۋەر جاكۇلىن، ئەنۋەر خانبابا، ساۋدانوف زاھىر، قۇربان مامۇتوف، ئابلىمىت ھاجىيوف قاتارلىقلارنىڭ قاتناشقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

قۇرۇش؛ (2) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت گىرىبىنىڭ ئاستى تەرىپىدە ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ گىربى بولۇش؛ (3) شىنجاڭغا كىرگەن خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنى ئىچكىرىگە قايتۇرۇپ كېتىش ياكى تارقىتىۋېتىش، شىنجاڭنىڭ ئامانلىق ئىشلىرىغا مىللىي ئارمىيە مەسئۇل بولۇش؛ (4) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتكەن تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلىنىڭ قېشىدا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۆزەتكۈچى ۋەكىلى بولۇش.»[86]

غۇلجادىكى بۇ يىغىن ۋە يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نېگىزلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ھازىرغىچە قولىمىزدا بار بولغان مەنبەلەر مۇشۇنچىلىك. بۇ يىغىننىڭ 1951-يىلى ئېچىلغانلىقى، يىغىنغا 51 كىشىنىڭ قاتناشقانلىقى ياكى يىغىندا قارار قىلىنغان تەكلىپ-پىكىرلەر لايىھەسىگە 51 كىشىنىڭ ئىمزا قويغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ يىغىن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان سىياسىي تارىخىدا «51 چىلەر مەجلىسى» ياكى «51 چىلەر قۇرۇلتىيى» دەپ ئاتالغان. ھالبۇكى، تارىخىي ئەھمىيىتى زور بولغان بۇ يىغىن ھەققىدە ھازىرغا قەدەر ئاشكارا بولغان ھۆججەتلىك ماتېرىياللار ۋە ئارخىپلار يوق. چۈنكى مەزكۇر يىغىندىن كېيىن بارلىق ھۆججەتلەر خىتاي تەپتىش ئورگانلىرى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغىچە تەقدىرى ئېنىق ئەمەس.[87]

---

[86] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，乌鲁木齐：新疆生产建设兵团出版社，　2012年版，第75-76页

[87] قەھرىمان غوجامبەردى: «كوممۇنىستىك خىتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنو-سىياسىي تارىخى (1949-2012)»، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2013-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 119-120-بەتلەر؛

قەھرىمان غوجامبەردى: «ئۇيغۇرلار: قەدىمكى زاماندىن تا ھازىرقى كۈنلەرگىچە بولغان ئېتنو-سىياسىي تارىخى»، ئالمۇتا، 2005-يىلى ئۇيغۇر كىرىل يېزىقىدىكى نەشرى، 678-بەت

تەمىنلىگەن مەلۇماتلىرىنى بايان قىلىدۇ.

شالۇنوفنىڭ موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئابدۇللا زاكىروف ئۇنىڭغا «يەرلىك مىللەتچىلىك» نىڭ بىر كۆندىلا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان ئىش ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخى بارلىقى، 1951-يىلى غۇلجادا ئېچىلغان «51 چىلەر مەجلىسى» نى ئەمەلىيەتتە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بىر قوللۇق پىلانلىغانلىقى ۋە سەيپۇللايوفنى غۇلجاغا ئەۋەتىپ بۇ مەجلىسنى تەشكىللىگەنلىكى، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ يەنە 5-كورپۇسنىڭ رادىيو ئالاقىسىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەردىكى ئىمىنوفقا كۆرسەتمە بەرگەنلىكى ۋە قەشقەردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يىغىن تەشكىللىگەنلىكىدەك بىر قاتار ئىنچىكە تەپسىلاتلارنى ئاشكارىلايدۇ.[89]

1950-يىللاردا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى ۋە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق يوقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ئابدۇللا زاكىروف، قانداق قىلىپ باشقا بىر مەملىكەتنىڭ كونسۇلىغا خىتاينىڭ ئىچكي ئىشلىرىدىن، بولۇپمۇ مىللەتلەر مەسىلىسىدىن ئىبارەت سەزگۈر تېمىدىكى ئىشلاردىن مەخپىي مەلۇمات بېرىدۇ؟

ئابدۇللا زاكىروفنىڭ غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلىغا ئۇيغۇر كادىرلىرىدىكى «يەرلىك مىللەتچىلىك» ئىدىيەسىنىڭ 1951-يىلىدىكى «51 چىلەر مەجلىسى» دىن باشلانغانلىقى،

[89] Memorandum on a Discussion Hel by the Consul of the USSR in Ghulja, Comrade E. I. Shalunov, with the Chief of the Education Department of the People's Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comrade Zakirov, 9 July, 1958, "M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov", August 18, 1958, Wilson Center Digital Archive International History Declassified

digitalarchive.wilsoncenter.org

ئەمما ئابدۇللا زاكىروفنى تىلغا ئالمايدۇ.[88] گارشابا ئەسلىمىسىدە بۇ يىغىنىدا ۋاڭ جېنىنىڭ قاتتىق غەزەبلىنىپ، ئىلىدىن كەلگەن مەسئۇل كادىرلاردىن سەيپۇللايوف، لېسكىن، ئىمىنوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، ئابلىمىت ھاجىيوف قاتارلىقلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىرمۇ-بىر تىلغا ئېلىپ، ئۇلارغا قاتتىق تەنبىھ بەرگەنلىكىنى يازىدۇ، ئەمما ئۇ بۇ ۋەقەدىمۇ ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ غۇلجادىكى «51 چىلەر مەجلىسى» گە قاتناشمىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغىنىدا، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى بولغان ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ۋاڭ جېندىن تەنبىھ يېمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ھالبۇكى، 1957-يىلىنىڭ ئاخىرىدا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» باشلانغاندا ۋاڭ ئېنماۋ تەرەپتە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلى ئىنقىلابىدىن بۇيانقى رىقابەتچىلىرىنى «يەرلىك مىللەتچىلىك» جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىگەن ئابدۇللا زاكىروف ئۆز سەپداشلىرىدىن سەيپىدىن ئەزىزى، سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف قاتارلىق كىشىلەرنى 1951-يىلى غۇلجادا ئېچىلغان «51 چىلەر مەجلىسى» دە «مەيدانى ئېنىق بولمىغان» دەپ شىكايەت قىلىدۇ.

1958-يىلى 7-ئاينىڭ 9-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجادا تۇرۇشلۇق كونسۇلى شالۇنوف ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ئابدۇللا زاكىروف بىلەن غۇلجادا مەخپىي سۆھبەتلىشىدۇ. شالۇنوف شۇ كۈنى موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا زاكىروفنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» نىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرى ھەققىدە

[88] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第76页

## «يولۋاس تۇتۇش ھەرىكىتى» دە ئامان قالغان ئابدۇللا زاكىروف

1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدا دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ باش ئاغرىقلىرىنىڭ بىرى قانداق قىلىپ سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن قالغان ھاكىمىيەت مىراسلىرىنى يوق قىلىش ۋە مىللىي ئارمىيەنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى پارچىلاپ تۈگىتىش مەسىلىسى بولغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن 1950 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خىتاي كومپارتىيەسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ۋاڭ جېننىڭ باشچىلىقىدا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جاي ـ جايلىرىدا «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قوزغايدۇ. ۋاڭ جېن، دېڭ لىچۈن باشچىلىقىدىكى خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇ ھەرىكەتنى ئەلگىرىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان 7 ۋىلايەت دائىرىسىدە ئوڭۇشلۇق باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما شىمالدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە، يەنى سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئەمەلىي كونترول قىلىپ كەلگەن رايونلاردا بۇ ھەرىكەتنى قانداق ئېلىپ بېرىش مەسىلىسىدە باش قېتىمچىلىقىغا دۇچ كېلىدۇ.

5 يىلدىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىسىدە تۇرغان، كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيەسى بىلەن بالدۇر تونۇشقان، رەھبەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، ياكى

«51 چىلەر ھەرىكىتى» نى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بىر قوللۇق پىلانلىغانلىقى ھەققىدە مەخپىي مەلۇمات بېرىشىدىن ئۇنىڭ «51 چىلەر مەجلىسى» گە قاتناشمىغانلىقىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئابدۇللا زاكىروف ئەگەر 1951 ـ يىلى غۇلجادا ئېچىلغان «51 چىلەر مەجلىسى» گە قاتناشقان بولسا ئىدى، ئۇ ئۆزى قاتناشقان بۇ يىغىن ھەققىدە سوۋېت كونسۇلىغا مەلۇمات بەرمىگەن، ئۆزىنىڭ بېشىغا بالا ـ قازا ئېلىپ كېلىدىغان بۇ ئىشنى تەگىمىگەن بولاتتى.

ئىشلىگەن، كېيىنچە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن شىخو ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىلىرىدە مەسئۇل خىزمەتلەردە بولغان موڭغۇل گارشابانىدىن ئاچماقچى بولىدۇ.

مىللىي ئارمىيە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ «5-كورپۇسى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، 1950-يىلى 2-ئايدا خۇ جېڭ (胡正) 5-كورپۇسنىڭ 14-دىۋىزىيەسىگە سىياسىي كومىسسارلىققا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ شىخودا گارشابانىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئىلى تەرەپكە دائىر نۇرغۇن ئىنچىكە ئۇچۇرلارنى بىلمەكچى بولىدۇ. شۇ يىلى 3-ئايدا خۇ جېڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن گارشابانى خىتاي كومپارتىيەسىگە ئەزا بولۇپ كىرىدۇ ۋە قەدەممۇ-قەدەم ئۆستۈرۈلىدۇ. خۇ جېڭنىڭ سىياسىي سىناقلىرىدىن ئۆتكەن گارشابانى، 1950-يىلى 3-ئاينىڭ ئاخىرىدا خىتاي كومپارتىيەسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى خوۋ كاڭ (候康) بىلەن شىخودا مەخپىي كۆرۈشىدۇ. خوۋ كاڭ ئۇنىڭدىن ئىلى تەرەپتىكىلەر بىلەن مىللىي ئارمىيەنىڭ يوقىرى قاتلىمدىكىلەرنىڭ، «شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش» ھەرىكىتىگە قارىتا قانداق ئىنكاسلاردا بولۇۋاتقانلىقى» نى سورايدۇ.[91]

گارشابانى بۇ كۆرۈشۈشتە خوۋ كاڭغا ئىلى تەرەپتىكى مەسئۇل رەھبەرلەرنىڭ بۇ مەسىلىدىكى ئىنكاسلىرىنى تەپسىلىي دوكلات قىلىدۇ. ئۇ ئىلى ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئائىلە كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن باي-پومېشچىكلار قاتلىمىغا مەنسۇپ كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ

[91] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第52-53页

سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسىنى تەكىتلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ بۇ رايونلاردا، يەنى شىمالدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش، بولۇپمۇ يەر ئىسلاھاتى بىلەن بىر ۋاقىتتا چارۋىچىلىق ئىسلاھاتىنىمۇ تەڭ ئېلىپ بېرىش كېرەكمۇ؟

بۇ مەسىلىدە سەيپۇللايوف ۋەكىللىكىدىكى ئىلى ئىنقىلابىدىن يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر كادىرلار ۋاڭ جېن، دېڭ لىچۈن قاتارلىق خىتاي كوممۇنىستلىرىغا دوكلات يوللاپ: «ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە باي-پومىشچىكلارنىڭ يوقسۇللارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. بۇ رايونلاردا ‹ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە زەربە بېرىش› ھەرىكىتى، يەر ئىسلاھاتى، بولۇپمۇ چارۋىچىلىق ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق،» دەپ كۆرسىتىدۇ.[90] ئەمما خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇنىڭغا قايىل بولماي، ئىلى رايونىدىن بىر يوچۇق ئېچىش، بۇ يوچۇقتىن پايدىلىنىپ، سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن قالغان مۈلۈك ئىگىلىرىگە، دىنىي زاتلارغا ۋە سىياسىي ساھەدىكى سەرخىللارغا قاتتىق زەربە بەرمەكچى بولىدۇ.

بۇ مەسىلىدە خىتاي كوممۇنىستلىرى ئالدى بىلەن سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت سىستېمىسى ۋە مىللىي ئارمىيەدە خىزمەت قىلغان موڭغۇل، شىبە ۋە تۇڭگان كادىرلارنى بۆسۈش ئېغىزى قىلماقچى بولىدۇ. خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇ مەسىلىدە ئىنچىكە پىلان تۈزۈپ، تۇنجى بۆسۈش ئېغىزىنى ئىلگىرى مىللىي ئارمىيەنىڭ رازۋېدكا بۆلۈمىدە

[90] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第54页

مەخپىي باشلىنىدۇ. سوڭ جۇننىڭ يوليورۇق بېرىشى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى سۇدەك سۆزلەيدىغان گارشابانى، تۇرپانىيۇزدىكى نامرات دېھقانلارنى كۈشكۈرتۈپ، مەسۇمباي ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا، ئۇنىڭ «نامرات دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان قانلىق تارىخى» دىن گۇۋاھلىق بېرىشكە مەجبۇرلايدۇ. ئىگىلىنىشىچە، تۇرپانىيۇزدىكى مەسۇمباينىڭ قورۇسى جايلاشقان تۆت كوچا دوقمۇشىدا بىر تۈپ غايەت زور ئۈژمە دەرىخى بار بولۇپ، ھەر يىلى قۇربان ھېيتتا مەسۇمباي نامرات ئائىلىلەرگە تارقاتقان يۈزلەرچە قۇربانلىق قويلار، مۇشۇ ئۈژمە دەرىخىنىڭ ئاستىدا بىر تۇتاش تەكبىر ئېيتىلىپ بوغۇزلىنىدىكەن. ئاندىن قۇربانلىق قويلار شۇ ئۈژمىنىڭ شېخىغا ئېسىلىپ سويۇلىدىكەن. بۇ جەرياندا ئۈژمە شاخلىرىغا قۇربانلىق قويلارنىڭ قانلىرى چاچراپ، قىپ-قىزىل بولۇپ كەتكەن ئىكەن. كاللىسى قىزىپ كەتكەن گارشابانى سوڭ جۇننىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بۇ دېتالنى تۇتقا قىلىپ، ھاپىلا-شاپىلا «قان تامچىلايدىغان دەرەخ» ناملىق دوكلات يېزىپ، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىغا ئەۋەتىدۇ. بۇ دوكلاتتا مەسۇمباينىڭ «ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تۇرپانىيۇزدىكى نامرات دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقى، ئىجارە ھەققىنى بېرەلمىگەن يوقسۇللارنى قورۇسى ئالدىدىكى ئۈژمە دەرىخىگە ئېسىپ ئۇرغانلىقى، دەرەخ شاخلىرىنىڭ نامرات دېھقانلارنىڭ بەدىنىدىن ئاققان قاندا قىپ-قىزىل رەڭگە ئۆزگەرگەنلىكى» بايان قىلىنىدۇ. گارشابانى دوكلاتىدا يەنە مەسۇمباينىڭ ئەشەددىي بىر زومگەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە 1948-يىلى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ئىشپىيونى ماكېرنان بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى، پانتۈركىست مەسئۇد سابىرى بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىسىنىڭ بارلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، سوتسىيالىزمغا ۋە خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى ئۇنسۇر ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى

«زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش» ھەرىكىتىگە چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى ئىكەنلىكىنى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنى مىسالغا ئالغاندا باش ۋالىي باشبايىنىڭ چوڭ چارۋىدار ئىكەنلىكى، ئوغلى بالقاشىنىڭ مىللىي ئارمىيەدە دىۋىزىيە دەرىجىلىك كادىر ئىكەنلىكى، مۇئاۋىن ۋالىي ئالىمجان ھېكىمبايوفنىڭ چوڭ باي سودىگەر ئىكەنلىكى، شىخو ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى نەسىردىن بىلەن مۇئاۋىن ھاكىمى نىزامىدىنلارنىڭمۇ چوڭ چارۋىدار ۋە يەر ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ بىرقانچە كۈن ئىلگىرى سەيپۇللايوف، ئۇيغۇر سايرانى، ئەنۋەر خانبابا، زىيا سەمەدى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ غۇلجادا مەخپىي يىغىن ئېچىپ، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە «زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقى توغرىلىق شۆبە بيۇروغا دوكلات سۇنماقچى بولغانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ.[92]

گارشابانى خوۋ كاڭ بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1950-يىلى 6-ئايدا شىنجاڭ شۆبە بيۇرو بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ 3-باشقارمىسىغا باشلىق بولۇپ ئۆستۈرۈلىدۇ. شۇ يىلى 11-ئايدا گارشابانى شۆبە بيۇرو بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سوڭ جۈن (宋均) نىڭ يېتەكچىلىكىدە، غۇلجا ناھىيەسىنىڭ تۇرپانيۈزى يېزىسىغا «خىزمەت گۇرۇپپىسى» بولۇپ، نۇقتىغا چۈشىدۇ. بۇ يەردە سوڭ جۈننىڭ بىر قوللۇق پىلانلىشى بىلەن، تۇرپانيۈزى يېزىسىدىكى قول-ئىلكىدە بار، مىللىي ئىنقىلابنى ماددىي جەھەتتىن قوللاپ كەلگەن، خەلق ئىچىدە زور ئابرويغا ئىگە مەسۇمباي ئائىلىسىنى «ئەشەددىي زومىگەر پومېشچىك» دەپ قارىلاش سۈيىقەستى

[92] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第53-54页

پايدىللنىپ، ئۈچ ۋىلايەتتە تۇنجى «يوچۇق»
ختاي كوممۇنىستلىرى 1951-يىلىنىڭ ئاخىرىغا
ۋ ئەشەددىي بولغان ئىككىنچى قەدەمنى باسىدۇ.
لايەتتە «ئۈچكە قارشى» ھەرىكەت قوزغاپ، سابىق
ستان جۇمھۇرىيىتىدىن قالغان ھۆكۈمەت خەزىنىسىنى
، «ئىنتىپاق» تەشكىلاتىنىڭ مالىيەسىنى ئېنىقلاش،
يەتتىكى «پاراخور، چىرىك ئەمەلدارلار» نى تەكشۈرۈپ،
س تۇتۇش» ھەرىكىتىنى كۆنتەرتىپكە كەلتۈردى.
195-يىلى 12-ئايدا ۋاڭ جېنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، «ئۈچكە
سى» ھەرىكەتنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بويىچە «ئۈچ
لايەتتىكى مەسئۇل كادىرلارنىڭ مالىيە مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ
ئىنقىلاش» قارارى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى
بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سوڭ جۇن بىلەن ئۈرۈمچى
رلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارى رېن گېبەي (任戈白) بۇ
شەھەرلىك قىلىنىدۇ. بۇ ئىككەيلەننىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە
ئىنقىلاش خىزمەت گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى.
بىلەن گارشابانى مەزكۇر
لىك ئىنتىپاق

سىياسەت تەتقىقات ئىشخا-
گارشابانىنىڭ بۇ دوكلاتىغا
ا ئۆزگەرتىپ چىقىدۇ-دە، شۇ
تى» نىڭ خىتايچە ۋە ئۇيغۇرچە
قىلىدۇ.[93]
يدىغان دەرەخ» نامىلىق بۇ دوكلاتى
اتارلىق خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ
ەرگە زەربە بېرىپ، ئىجارە ھەققىنى
ومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش» پىلانىنى
ن «بۆسۈش نۇقتىسى» ئىچىپ بېرىدۇ.
اڭ شۆبە بيۇروسى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ
ن (邓力群)، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ
نىڭ (马寒冰)، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى
5-كورپۇس (مىللىي ئارمىيە) نىڭ سىياسىي
شىڭيۈن (顿星云)، 5-كورپۇس سىياسىي
رلىرىدىن ساۋدانوف زاھىر، مامۇتوف قۇربان
بۋاستە قول سېلىشى بىلەن ئىلى رايونىدا نەچچە
لار، دىنىي زاتلار، مىللىي ئارمىيەنىڭ كوماندىرلىرى
اھەدىكى سەرخىللار باستۇرۇلىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى
شلىنىدۇ. گارشابانى قايمۇقتۇرغان ۋە كۈشكۈرتكەن
دىكى 30 نەچچە «يوقسۇل دېھقان» 1950-يىلى
نىڭ 15-كۈنى غۇلجا ناھىيەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن
شلىك چوڭ يىغىندا مەسۇمباي ئۈستىدىن «قان-
ايەت قىلىدۇ». شۇ كۈندىكى چوڭ يىغىندا مەسۇمبايغا
راسى بېرىلىپ، ئامما ئالدىدا ئىجرا قىلىنىدۇ.[94]

[93] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第67-74页
[94] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第74页

گارشابانىدىن پايدىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەتتە تونجى «يوچۇق» نى ئېچىۋالغان خىتاي كوممۇنىستلىرى 1951 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا تېخىمۇ ئەشەددىي بولغان ئىككىنچى قەدەمنى باسىدۇ. يەنى ئۈچ ۋىلايەتتە «ئۈچكە قارشى» ھەرىكەت قوزغاپ، سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن قالغان ھۆكۈمەت خەزىنىسىنى ئېنىقلاش، «ئىتتىپاق» تەشكىلاتىنىڭ مالىيەسىنى ئېنىقلاش، ئۈچ ۋىلايەتتىكى «پاراخور، چىرىك ئەمەلدارلار» نى تەكشۈرۈپ، «يولۋاس تۇتۇش» ھەرىكىتىنى كۆتەرتىپكە كەلتۈرىدۇ.

1951 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋاڭ جېننىڭ بۇيرۇقى بىلەن، «ئۈچكە قارشى» ھەرىكەتنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بويىچە «ئۈچ ۋىلايەتتىكى مەسئۇل كادىرلارنىڭ مالىيە مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش» قارارى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سوڭ جۈن بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارى رېن گېبەي (任戈白) بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىنىدۇ. بۇ ئىككەيلەننىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە ئۈرۈمچىدە «تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمەت گۇرۇپپىسى» قۇرۇلىدۇ. ۋاڭ جېننىڭ بىۋاستە كۆرسىتىشى بىلەن گارشابانى مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ باشلىقلىقىغا، تۇرسۇن دەريا (ئۆلكىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى)، مەمتىمىن يۈسۈپ (ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى)، ھۈسەيىن ئەبەيدۇللا («شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) قاتارلىق 3 كىشى مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. بۇ گۇرۇپپىغا پەۋقۇلئاددە زور ھوقۇق بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار بىر بۇيرۇق بىلەنلا ئىلى تەۋەسىدە، ھەمدە ئۆلكىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان يۈز نەپەردىن ئارتۇق مىللىي كادىرنى ئۈرۈمچىگە يىغىپ، يىپىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. تەكشۈرۈش جەريانىدا بۇ كادىرلارنىڭ ھەممىسى بىردەك ياتاقتا

سوٕرىدوٕ. شىنجاڭ شوٓبە بيوٕروسىنىڭ سىياسەت تەتقىقات ئىشخا-
نىسىدىكى خىتاي موٕنەججىملەر، گارشابانىنىڭ بوٕ دوكلاتىغا
كوٕچلوٕك سىياسىي توٕس بېرىپ قايتا ئوٓزگەرتىپ چىقىدوٕ-دە، شوٕ
يىلىنىڭ ئاخىرى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ خىتايچە ۋە ئوٕيغوٕرچە
بېرىنچى بېتىدە تەڭلا ئېلان قىلىدوٕ.[93]

گارشابانىڭ «قان تامچىلايدىغان دەرەخ» ناملىق بوٕ دوكلاتى
ۋاڭ جېن، دېڭ لىچوٕن قاتارلىق خىتاي كوممونىستلىرىنىڭ
«ئوٕچ ۋىلايەتتە ‹زومىگەرلەرگە زەربە بېرىپ، ئىجارە ھەققىنى
كېمەيتىش› ھەرىكىتىنى ئوموٕمىيوٕزلوٕك قانات يايدوٕروٕش» پىلانىنى
ئەمەلىيلەشتوٕروٕشى ئوٕچوٕن «بوٓسوٕش نوٕقتىسى» ئېچىپ بېرىدوٕ.
شوٕنىڭ بىلەن شىنجاڭ شوٓبە بيوٕروسى تەشوٕىقات بوٓلوٕمىنىڭ
باشلىقى دېڭ لىچوٕن (邓力群)، شىنجاڭ شوٓبە بيوٕروسىنىڭ
باش كاتىپى ما خەنبىڭ (马寒冰)، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى
ئەنۋەر جاكوٕلىن، 5-كورپوٕس (مىللىي ئارمىيە) نىڭ سىياسىي
كومىسسارى دوٕن شىڭيوٕن (顿星云)، 5-كورپوٕس سىياسىي
بوٓلوٕمىنىڭ كادىرلىرىدىن ساۋدانوف زاھىر، ماموٕتوف قوٕربان
قاتارلىقلارنىڭ بىۋاسىتە قول سېلىشى بىلەن ئىلى رايونىدا نەچچە
ئوٕنلىغان بايلار، دىنىي زاتلار، مىللىي ئارمىيەنىڭ كوماندىرلىرى
ۋە ھەر ساھەدىكى سەرخىللار باستوٕروٕلىدوٕ، ھەتتا بەزىلىرى
ئېتىپ تاشلىنىدوٕ. گارشابانى قايموٕقتوٕرغان ۋە كوٕشكوٕرتكەن
توٕرپانيوٕزدىكى 30 نەچچە «يوقسوٕل دېھقان» 1950-يىلى
12-ئاينىڭ 15-كوٕنى غوٕلجا ناھىيەسىدە ئوٓتكوٕزوٕلگەن 6000
مىڭ كىشىلىك چوڭ يىغىندا مەسوٕمباي ئوٕستىدىن «قان-ياشلىق
شىكايەت قىلىدوٕ». شوٕ كوٕندىكى چوڭ يىغىندا مەسوٕمبايغا ئوٓلوٕم
جازاسى بېرىلىپ، ئاما ئالدىدا ئىجرا قىلىنىدوٕ.[94]

---

[93] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第67-74页

[94] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第74页

ۋاقىتتا «تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى» دىكىلەرگە ئايرىم يولىيورۇق بېرىپ، مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ مەقسىتىمىز ‹يولۋاس› تۇتۇشلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۆزلىرىنى ‹مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ يېتەكچىلىرى› دەپ ئاتىۋالغان بۇ ‹چوڭ يولۋاس› لارنىڭ خورىكىنى سۇندۇرۇپ تاشلاشتۇر. بىز بۇ ئىش ئارقىلىق ئۇلارنى يۇۋاشلىق بىلەن كومپارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىدىغان ۋە كومپارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان قىلىشىمىز كېرەك.»[97]

ئىلى ئىنقىلابىغا قاتناشقان يۈزدىن ئارتۇق مىللىي كادىر ئۈرۈمچىدە ئايلارچە يېپىق تەكشۈرۈشكە ئېلىنغان، ئۇلاردىن 20 نەچچە نەپىرى «پاراخورلۇق» ۋە «چىرىكلىك» بىلەن «يولۋاس تۇتۇش» ھەرىكىتىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغان كۈنلەردە خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بىردىنلا ۋاڭ جېننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا خاتالاشقانلىقى» نى ئېلان قىلدۇ. 1952-يىلى 6-ئاينىڭ 28-كۈنى ۋاڭ جېن ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. شۇ يىلى 7-ئايدا خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى غەربىي-شىمال بيۇروسىنىڭ ئىككىنچى سېكرېتارى شى جۇڭشۇن (习仲勋) نى مەخسۇس ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، ۋاڭ جېننىڭ خاتالىقلىرىنى تەكشۈرىدۇ ۋە تەنقىد قىلىدۇ. شى جۇڭشۇن ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا بېرىپ، قاماققا ئېلىنغان كىشىلەرنى بوشىتىدۇ ۋە ئىلىنىڭ خىزمەتلىرىنى قايتىدىن تەرتىپكە سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدە ئايلاردىن بۇيان «يېپىق تەكشۈرۈش» كە ئېلىنغان ۋە «يولۋاس» دەپ بېكىتىلگەن ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ دېلوسى يېپىلىپ، ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىغا قايتىدۇ.

[97] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第86页

ياتقۇزۇلۇپ، سىرتقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. دەرۋازىغا قۇراللىق ئەسكەر تۇرغۇزۇلىدۇ.[95]

سوڭ جۇن، رېن گېبەي قاتارلىقلارنىڭ قاتتىق نازارىتى، گارشابانى، تۇرسۇن دەريا، مەمتىمىن يۇسۇپ ۋە ھۇسەيىن ئەبەيدۇللا قاتارلىق «تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش گۇرۇپپىسى» دىكى ئاكتىپلارنىڭ ئايلارچە سوزۇلغان سوراق-سوئاللىرى نەتىجىسىدە ئىلى ئىنقىلابىدىن يېتىشىپ چىققان مىللىي كادىرلارنىڭ ئابرويى ۋە ئىززەت-غۇرۇرى قاتتىق دەپسەندە قىلىنىدۇ. گارشابانىنىڭ تەكىتلىشىچە، سوراق جەريانىدا ئىككى مىللىي كادىر ئۆزىنى ئېسىۋالىدۇ. بۇلاردىن بىرى دەل ۋاقتىدا كۆزەتچىلەر تەرىپىدىن بايقىلىپ قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ. ئەمما سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ بوغالتېرى ئاتاۋۇللا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ.[96]

«تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش گۇرۇپپىسى» ھەتتا ئىلى ئىنقلابى جەريانىدا يېتىشىپ چىققان يوقىرى دەرىجىلىك كادىرلاردىن سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، ئابدۇللا زاكىروف، زىيا سەمەدى قاتارلىق كىشىلەر ئۈستىدىنمۇ «پاراخورلۇق-چىرىكلىك دېلوسى» تۇرغۇزىدۇ. ئىلىدىن چاقىرتىپ كەلگەن ھەر قاتلامدىكى كادىرلارنى ئۇلار ئۈستىدىن مەسىلە تاپشۇرۇشقا قىستايدۇ. «تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى» پارا يېگەن پۇلى شۇ ۋاقىتتىكى ئۆلكە پۇلى ھېسابىدا 10 مىڭ يۈەندىن ئاشقان كادىرلارنى «يولۋاس»، 20 مىڭ يۈەندىن ئاشقان كادىرلارنى «چوڭ يولۋاس» دەپ بېكىتىشنى قارار قىلىدۇ. گارشابانىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، ۋاڭ جېن شۇ

[95] 王永庆整理:《历史的回声: 格尔夏回忆录》, 第84-85页

[96] 王永庆整理:《历史的回声: 格尔夏回忆录》, 第87页

سۆز قىلىپ، گارشابانىڭ «چەكتىن ئاشقان» بىر قاتار قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەيدۇ. ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى ئىبراھىم تۇردى تۇنجى بولۇپ سۆز قىلىپ، گارشابانىڭ ئاتالمىش «قان تامچىلايدىغان دەرەخ» ناملىق ساختا دوكلات ئېلان قىلىپ، ئىلىدىكى شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ خاتا زەربە يېيىشىگە سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.[99] ئارقىدىن قومۇل ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ھامۇتخان سۆز قىلىپ، «قان تامچىلايدىغان دەرەخ» ناملىق بۇ دوكلاتنىڭ رېياللىقتىن يىراق، ساختا دوكلات ئىكەنلىكى، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يىغىندا يەنە زىيا سەمەدى سۆز قىلىپ: «مەن ئىلىلىق، ئىلىدا چوڭ بولدۇم، ئىلىدا گارشابانىڭ دوكلاتىدا يېزىلغاندەك ئىشلارنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانمەن. ئىلى رايونى گومىنداڭدىن ئازاد قىلىنغىلى شۇنچە يىللار بولدى، بۇ يەردە نەدىمۇ ئۇنداق زۇلۇم ۋە ئېزىلىشلەر بولسۇن!؟» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇللا زاكىروفمۇ سۆز قىلىپ: «يولداش گارشا، سەن نېمىشقا ئۇندىمەيسەن؟ ئۈرۈمچىدە يۈزدىن ئارتۇق كادىرنى خۇددى جازا لاگېرىغا سولىغاندەك سولاپ، يېرىم يىلدەك سوئال-سوراق قىلدىڭ، لېكىن ھېچنېمە چىقىرالمىدىڭ، مېنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان 20 نەچچە ‹يولۋاس› تۇتۇپسەن، يەنە ئىككى نەپەر كادىرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشىغا سەۋەبچى بولدۇڭ، قېنى، ھازىر سەن تۇتقان چوڭ-كىچىك ‹يولۋاس› لارنىڭ ئەھۋالىنى كۆپچىلىككە سۆزلىمەمسەن؟...» دەيدۇ.[100]

ئابدۇللا زاكىروف ئاشۇ قېتىملىق «يولۋاس تۇتۇش» ھەرىكىتىدىن ئەڭ قاتتىق ئەنسىرىگەن كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. چۈنكى بۇ ھەرىكەتتە ئۇ ئەگەر «يولۋاس» بولۇپ بېكىتىلىپ

[99] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第93页
[100] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第93页

ئاشۇ قېتىملىق «پاراخورلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش» ۋە «يولۋاس تۇتۇش» ھەرىكىتىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇللا زاكىروفمۇ تەكشۈرۈلۈپ، «يولۋاسلار تىزىملىكى» گە كىرگۈزۈلگەن ئىدى. گارشابانىنىڭ ئەسلىمىسىدە دېيىلىشىچە، ۋاڭ جېن دومىلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئابدۇللا زاكىروف «تەكشۈرۈپ-ئېنىقلاش خىزمەت گۇرۇپپىسى» نىڭ باشلىقى گارشابانىغا تېلېفون قىلىپ: «ھەي گارشا، ئاڭلىسام، 20 نەچچە ‹يولۋاس› تۇتۇپسەن، ھازىر ئەھۋال قانداقراق؟ مەنمۇ ‹يولۋاسلار تىزىملىكى› دە بار ئىكەنمەن، مېنىڭ پارا يېگەن پۇلۇم زادى قانچىلىك بوپتۇ؟» دەپ زەردە قىلىدۇ.[98]

ۋاڭ جېن دومىلىغاندىن كېيىن گارشابانىغا كۆرسەتمە بېرىۋاتقان سوڭ جۈن، خوۋ كاڭ، رېن گېبەي قاتارلىق خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭمۇ دېمى ئىچىگە چۈشىدۇ. دېڭ لىچۈنمۇ ۋاڭ جېن بىلەن بىرلىكتە تەنقىدلىنىدۇ ۋە بېيجىڭغا يۆتكەپ كېتىلىدۇ.

1952-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنى ئۈرۈمچىدىكى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىدا شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلىدۇ. قۇرۇلتايغا خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئەۋەتكەن شى جۇڭشۈن، ليۇ گېپىڭ (刘格平) قاتارلىق مەركەز ۋەكىللىرىمۇ قاتنىشىدۇ. قۇرۇلتايدا ۋاڭ جېنىنىڭ شىمالدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە «تەتۈر ئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش» ۋە «چارۋىچىلىق رايونلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش» ھەرىكىتى قوزغاپ، «ئېغىر خاتالىقلار» نى ئۆتكۈزگەنلىكى قاتتىق تەنقىد قىلىنىدۇ.

يىغىنىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا ئۇيغۇر كادىرلار ئارقا-ئارقىدىن

---

[98] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第88页

ئەسلىمىسىدە يەنە، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا يوقىرىقى كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېتىلگەنلىكى، ئەمما بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇلارغا يەنە خىزمەت بېرىلگەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ: «خاتالىقلارنى تۈزىتىش چارىسى سۈپىتىدە شۇ ۋاقىتتا يولداش ۋاڭ جېنغا تەتۈر ياردەم قىلغان بىرقانچە خەنزۇ ۋە مىللىي كادىرلارغا چارە كۆرۈلدى. ئىلى رايونلۇق پارتكومنىڭ سېكرېتارى دۇن شىگيۈن خىزمىتىدىن قالدۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لى چۈەن (李铨) ئىلىغا ئەۋەتىلىپ، رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ۋە 5-كورپۇسنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولدى. ئۇندىن باشقا يەنە بىرقانچە خەنزۇ كادىرلارغا چارە كۆرۈلدى. بىرقانچە ئاتالمىش ‹ئاكتىپ مىللىي كادىر› لارغىمۇ چارە كۆرۈلدى. ئىلىنىڭ ۋالىيسى ئەنۋەر جاكۇلىن، 5-كورپۇس سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سەۋدانوف، سىياسىي بۆلۈمنىڭ كادىرى مامۇتوف قاتارلىقلارغىمۇ چارە كۆرۈلدى. بۇ كادىرلار كېيىنچە ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىندى، بىر مەزگىل ‹ئۆگىنىش› بىلەن بولدى، كېيىن ئۇلارغا يەنە خىزمەت بېرىلدى.»[102]

ۋاڭ جېن يىقىلغاندىن كېيىن گارشابانىنىڭ كەيىندىكى خوۋ كاڭ، سوڭ جۈن، رېن گېبەي قاتارلىق شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىدىكى خىتاي مۇنەججىملەرنىڭمۇ دېمى ئىچىگە چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى گارشابانىغا ئىگە چىقالمايدۇ. يوقىرى قاتلام ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىلى ئىنقىلابىدىن يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن گارشابانى، دوختۇرخانىدا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. ئۇ ئەسلىمىسىدە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇللا زاكىروفنىڭ

[102] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا نۇسخا، 120-بەت؛ ب نۇسخا، 61-بەت

جازالانسا، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىنىڭ تۇگىشىدىغانلىقىنى ئالدىن پەملىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ ھەرىكەتكە نىسبەتەن باشتىن-ئاخىر سەزگۈر مۇئامىلە قىلىدۇ. گارشابانىنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، ئابدۇللا زاكىروف «يولۋاس تۇتۇش» ھەرىكىتى باشلانغاندىن تارتىپ تاكى ئاخىرلاشقۇچە بولغان جەرياندا زادىلا خاتىرجەم بولالمايدۇ. گارشابانى بىلەن كۆپ قېتىم سۆزلىشىپ، ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىگە چېتىلىپ قالىدىغان ياكى قالمايدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرىدۇ. ۋاڭ جېن تەختتىن دومىلاپ، «يولۋاس تۇتۇش» ھەرىكىتى توختىتىلغاندىن كېيىن ئابدۇللا زاكىروف ئاندىن ئۇھ دەيدۇ.

1952-يىلى 7-ئاينىڭ ئاخىرى شى جۇڭشۈن ئۈرۈمچى ۋە غۇلجادا يىغىن ئېچىپ، ۋاڭ جېننىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى خاتالىقلىرى» نى قاتتىق تەنقىد قىلغاندىن كېيىن، ئۆز دەۋرىدە ۋاڭ جېنغا مەسلىھەت بەرگەن، ئۇنىڭغا ماسلاشقان، ئۇنىڭ بىلەن بىر ياقىدىن باش چىقارغان ياكى ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى «ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان» چاپارمەنلەرنىڭ ئۇن-دىمى ئىچىگە چۈشىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىلىدا ئاۋۋال ئىلى رايونلۇق پارتكومىنىڭ سېكرېتارى، 5-كورپۇسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى دۇن شىگيۈننىڭ ئېغىر خاتالىقى تولۇق پاش قىلىندى. مىللىي كادىرلار ئىلىدىكى خاتالىقلاردا زور شېرىكچىلىكى بولغان بىرقانچە ئاتالمىش ‹ئاكتىپ مىللىي كادىر› نى چوڭقۇر پاش قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ۋالىيسى ئەنۋەر جاكولىن، 5-كورپۇس سىياسىي بۆلۈمىنىڭ كادىرى سەۋدانوف زاھىر ۋە مامۇتوف قۇربانغا ئوخشاش بىر قاتار ئاتالمىش ‹سولچىل› لارنىڭ ئېغىر خاتالىقلىرى پاش قىلىندى.»[101] سەيپىدىن ئەزىزى

---

[101] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 117-118-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 60-59-بەتلەر

گىراۋدانى، ئۇ يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىدۇ، مەتتىمىن يۇسۇپ بولسا گومىنداڭنىڭ غالچىسى، خالاس.» دەيدۇ.[103]

دېمەك، ئابدۇللا زاكىروف بىلەن گارشابانى ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان يوقىرىقى سۆھبەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىق لاۋازىمىنى ئۆتەۋاتقان ئابدۇللا زاكىروف، «يولۋاس تۇتۇش» ھەرىكىتىدە ئۆزىنىڭمۇ تورغا ئىلىنىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن. بۇ ھەرىكەت توختىتىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇ گارشابانىغا بېسىم قىلىپ، «تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش گۇرۇپپىسى» دېلو تۇرغۇزغان 20 نەچچە «يولۋاس» توغرىلىق كۆپچىلىك ئالدىدا ئېنىقلىما بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئارخىپىدىكى ئۆزىنىڭ قىزىل تارىخىغا «داغ» چۈشۈپ قېلىشىدىن، ھەمدە سىياسىي ئىستىقبالىنىڭ بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

[103] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第95页

ئۆزىنى دوختۇرخانىغىچە ئىزدەپ بېرىپ، بىسىم ئىشلەتكەنلىكىنى يازىدۇ.

زاكىروف گارشابانى يېتىۋالغان بىيىمېن (شىمالىي قوۋۇق) دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر مىللىي كادىرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ساڭا قارىتا قاتتىق پىكرى بار. سەن ۋاڭ جېننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۈرۈمچىگە توپلاپ ئايلارچە سوراق قىلغان ئاشۇ يۈزدىن ئارتۇق مىللىي كادىرنىڭ ئالدىدا، بولۇپمۇ دېلو تۇرغۇزغان 20 نەچچە ‹يولۋاس› بىلەن بىرقانچە ‹چوڭ يولۋاس› ئالدىدا ئېنىقلىما بەرگىن. ئىككى نەپەر مىللىي كادىرنىڭ قانداق بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلىقى توغرىلىق ھېساب بەرگىن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەن بىلەن بىزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدىكى ئىنقىلابىي سەپداشلىرىمىز ئىدى. ‹ئوتنى كىم ياققان بولسا شۇ ئۆچۈرۈشى كېرەك!›» دەيدۇ. گارشابانى ئابدۇللا زاكىروفقا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «باش كاتىپ، مېنى قىستىما، ‹ئۇچكە قارشى› ھەرىكەت باشلىنىپ، ‹تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش گۇرۇپپىسى› تەشكىل قىلىنغان يىغىنغا سەيپىدىن ئەزىزىمۇ، سەنمۇ قاتناشقان ئىدىڭ. دېمەك، ئاشۇ يىغىندا چىقىرىلغان قارارلاردا سىلەرنىڭمۇ ئۈلۈشۈڭلار بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئۈستۈمدە سوڭ جۈن بىلەن رېن گېپبەي بار، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدا مەندىن باشقا ئونەنچچە كىشى بار. سوراق جەريانىدا سەيپىدىن بىلەن سېنى پاش قىلغانلار ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان بوغالتىر ئاتاۋۇللا ئەمەس، بەلكى ئىلىدىن كەلگەن بىرقانچە كادىرمۇ بار. بۇلارنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر، ھەممە مەسئۇلىيەتنى مەن بىر ئادەمگە دۆڭگىسەڭلار قانداق بولىدۇ، مەندىن باشقا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرىدىن بىرقانچە كىشىمۇ بار تۇرسا؟!». بۇ ۋاقىتتا ئابدۇللا زاكىروف غەزەبتىن تەرىنى تۈرۈپ: «تۇرسۇن دەريا سوۋېت

شۆبە بيۇروسى «شىنجاڭدا مىللىي تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش پىلانى» نى تۈزۈپ، مەركەزگە يوللايدۇ. بۇ پىلان شۇ يىلى 4-ئاينىڭ 13-كۈنى خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن تەستىقلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مىللىي تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش كومىتېتى» رەسمىي قۇرۇلىدۇ. ئابدۇللا زاكىروف مەزكۇر تەييارلىق قىلىش كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.[104]

سەيپىدىن ئەزىزى بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1954-يىلىنىڭ باشلىرىدا بېيجىڭدا ئاپتونومىيە توغرىسىدا مۇزاكىرە بولغاندا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان كەسكىن پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن يالغۇز مەنلا ئەمەس، باشقا مىللىي رايونلاردىن كەلگەنلەر، مەسىلەن، ئىچكى موڭغۇلىيەدىن كەلگەنلەرمۇ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت قۇرۇش تۈزۈمىنى تەكىتلىدى. ئۇلارمۇ جۇڭگو كومپارتىيەسى 6-قۇرۇلتىيى 6-يىغىنىنىڭ قارارىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئەمما لى ۋېيخەن (李维汉): ‹بۇ قارار شۇ ۋاقىتتا مۇزاكىرە قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىن ئەمەلدىن قالغان،› دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ: ‹جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن جۇڭگودا مىللىي تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە رايونلۇق ئاپتونومىيە، ئوبلاستلىق ئاپتونومىيە، ناھىيەلىك ئاپتونومىيە، كېيىنچە مىللىي يېزا قۇرۇلىدۇ،› دېدى. ئۇ يەنە: ‹جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە مىللەتلەر ئەھۋالى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشىمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر 50-60 پىرسەنتكىچە تەشكىل قىلىدۇ. جۇڭگودا ئاران 6 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇشۇ ئوخشىمايدىغان شارائىتنى

---

[104] 阿不都拉 · 扎克洛夫:百度百科, https://baike.baidu.com/item/阿不都拉 · 扎克洛夫/2567864

## ئابدۇللا زاكىروۋ «ئاپتونومىيە» سىنارىيەسىدە قانداق رول ئالدى؟

1953 ـ يىلى ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسى خىتايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا يولغا قويۇلماقچى بولغان ئاپتونومىيە مەسىلىسىدىكى ئاخىرقى قارارنى چىقىردى. ستالىن ھايات ۋاقتىدا خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، خىتايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا قانداق بىر ئۇسۇل ۋە شەكىلدە ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش ئۇسۇلىنى ئىزچىل ھالدا كەينىگە سوزۇپ كەلگەن ئىدى. چۈنكى مەيلى ماۋ زېدۇڭ بولسۇن، ياكى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى بولسۇن، ستالىننىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا يولغا قويغان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىك فېدېراتسىيە مودېلىنى قوبۇل قىلماي، خىتايدا باشقىچە بىر دۆلەت سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. ئەمما ستالىننىڭ ئۆلۈشى بىلەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر «چوڭ ئاكىسى» دىن كېلىدىغان بۇ پىسخىك بېسىمدىن قۇتۇلدى. شۇنداق قىلىپ، خىتاي كومپارتىيەسى ئاپتونومىيە مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مودېلىنى، يەنى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت مودېلىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن 1953 ـ يىلى خىتاي كومپارتىيەسى شىنجاڭ

ئاخىرىدا ئۈچ ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى ھەسرەت بىلەن بايان قىلىدۇ:

شۇ ئەھۋالدا گوگسەنداڭ دېدى،
«ئۈچ ۋىلايەت قازاق ئاپتونوم».
ھەيرانلىقتا سوئال بېرىلدى،
«بۇ نېمە گەپ، قانداق ئاپتونوم؟»
يىغىلىشتى ھەر مىللەت يەك-يەك،
مۇھاكىمە قىلىپ بۇ ئىشنى.
ئۇيغۇر، ئۆزبەك، تاتار، تۇڭگانمۇ،
«خاتا» دېدى بۇنداق قىلىشنى.
ئۇيغۇرلارنىڭ يىغىنى شۇ كۈن،
مەسىلىنى ئاۋازغا قويدى.
قىرىق سەككىز ئاۋاز رەت قىلدى،
ئىككى ئاۋاز «مەيلى» دەپ قويدى.
ئۆزبەك، تاتار، تۇڭگان باشقىلار،
رەت قىلىشتى تولۇق يۈز پائىز.
«بۇ قانداق گەپ، - دېيىشتى خاتا،
بۇنى ھەممە بىلىشى جائىز.»
ئېلان قىلدى ئاپتونومىيە،
ئۈچ ۋىلايەت تولۇق كىرىپتۇ.
غۇلجا شەھىرى شۇ زورلۇق بىلەن،
ئاپتونومغا مەركەز بولۇپتۇ.[106]

---

[106] ئابدۇقادىر زۇنۇنى: «تاڭنى كۈتۈپ» (بىيوگرافىك داستان)، 2-قىسىم، قوليازما نۇسخا، تاشكەنت، 1993-يىل، 99-98-بەتلەر، «ئالتۇن ئوق» تور كۈتۈپخانىسى

http://www.altunoq.com/ambar/2015/02/09/tangni-kutup-2

كۆزدە تۇتۇش كېرەك،» دېدى. بىز مەركەزنىڭ يوقىرىقى يوليورۇقىغا ئاساسەن شىنجاڭدا ئاپتونومىيەنى يوقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ تەشكىل قىلىش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتۇق.»[105]

ئەمما ئۇيغۇر دىيارىدا ئاپتونومىيە مەسىلىسى سەيپىدىن ئەزىزى ئېيتقاندەك يوقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن ئاساسلىق يەرلىك مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيەسى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇلۇپ، ئالدى بىلەن قازاق، قىرغىز، موڭغول قاتارلىق ئۇششاق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيەسى كۈنتەرتىپنىڭ بېشىدىن ئورۇن ئالدۇ. ئەڭ ئالدى بىلەن سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كەلگەن شىمالدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە، قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇش لايىھەسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇيغۇر كادىرلار، بولۇپمۇ ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇر كادىرلار قارشى چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەگەر قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلۇش توغرا كەلسە ئالتاي ۋە چۆچەك ئىككى ۋىلايەتنى ئاساس قىلىپ قۇرۇش، ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىدىغان ئىلى ۋىلايىتىنى قازاق ئوبلاستىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزمەسلىك پىكرىنى بېرىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتقان ئابدۇقادىر زۇنۇنمۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تاشكەنتتە يازغان «تاڭنى كۈتۈپ» ناملىق بىوگرافىك داستاندا، شىمالدىكى ئۈچ ۋىلايەتنى قوشۇپ قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇش لايىھەسىگە كۆپلىگەن ئۇيغۇر كادىرلاردىن باشقا يەنە، ئىلىدىكى ئۆزبەك، تاتار، تۇڭگان كادىرلارنىڭمۇ قارشى چىققانلىقىنى، بۇ مەسىلە ئاۋازغا قويۇلغاندا ئاران ئىككى كىشىنىڭ قوللىغانلىقى، قالغان 48 كىشىنىڭ قارشى ئاۋاز بەرگەنلىكى، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي

---

[105] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 166-167-بەتلەر؛ ب-نۇسخا 85-84-بەتلەر

بولسىمۇ، ئەمما ئابدۇرەھىم ئەيسا، ئابدۇللا زاكىروف، زىيا سەمەدى قاتارلىق نەچچە ئەۋلادىدىن بۇيان ئىلىدا ياشاپ كەلگەن «تارانچى» يىلتىزلىق كىشىلەرنىڭ، بۇ مەسىلىدە سەيپىدىن ئەزىزىگە ئۆكتە قوپقان ئاساسلىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلىدە مەيلى ئابدۇللا زاكىروف بولسۇن، ياكى ئابدۇرەھىم ئەيسا بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ پىكرىگە قارشى تۇرۇشقا ئەڭ ھوقۇقلۇق كىشىلەر ئىدى. يەنى ئابدۇللا زاكىروف «شىنجاڭ ئۆلكىلىك مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش كومىتېتى» نىڭ باش كاتىپى، ئابدۇرەھىم ئەيسا بولسا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، ئۈچ ۋىلايەتتە قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتىگورۇپپىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇللا زاكىروف، ئابدۇرەھىم ئەيسا ۋە زىيا سەمەدى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ «ئىلى-تارانچى» لىق يۇرت كىملىكى ئاملىمۇ، ئۇلارنىڭ سەيپىدىن ئەزىزى ۋەكىللىكىدىكى «قەشقەرلىق» لەر گۇرۇھى بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىش زىددىيىتىنى ئۇلغايتقان ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ غۇلجا شەھرىنى قازاق ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىش، ئىلى ۋىلايىتىنى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قوشۇپ بېرىش پىكرى تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغايدۇ.

قىزىقارلىق يېرى شۇكى، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىلى ۋىلايىتىنى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قوشۇپ بېرىش پىكرىگە قارشىلىق كۆرسىتىپ مەغلۇب بولغان ئابدۇللا زاكىروف، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاتۇشنى قىرغىز ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىش مەسىلىسىدە سەيپىدىن تەرەپتە تۇرىدۇ. بۇ ئىش ئەينى ۋاقىتتا ئاۋازغا قويۇلغاندا ئابدۇللا زاكىروف قىلچە ئارىسالدا بولۇپ ئولتۇرماي،

شۇ مەزگىللەردە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئابدۇرەھىم ئەيسا، شىمالدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىدىن ئورۇن ئالغان بىردىن-بىر ئۇيغۇر ئىدى. ئۇ بۇ جەرياندا ئەگەر شىمالدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلسا، ئىلى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ئورنى زادى قانداق بولىدۇ، دېگەن مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئەمما سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بۇ مەسىلىدە ئۇيغۇر كادىرلارنى «كەڭ قورساق» بولۇشقا، «باشقا مىللەتلەرگە ياردەم قىلىش»قا ئۈندەپ، ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ئاخىرىدا ئاساسلىق ئاھالىسىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىدىغان غۇلجا شەھىرى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىپ بېكىتىلىدۇ. بۇ ھەقتە سەيپىدىن ئەزىزى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپچىلىكى، يەنى ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قىلىش، ئىلىدا ئايرىم ۋىلايەت قۇرۇش، ئاتۇشنى قوشۇپ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇش كېرەك، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مېنىڭ بۇ پىكرىمگە ئۇيغۇر كادىرلار قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. قارشىلىق ئادەتتىكىچە ئەمەس، ھەتتا ناھايىتى جىددىي ۋە ناھايىتى قەتئىي بولدى.»[107]

بۇ يەردە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىلى ۋىلايىتىنى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قوشۇپ بېرىش، غۇلجانى قازاق ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىش پىكرىگە قارشى چىققۇچى ئۇيغۇر كادىرلار كىملەر ئىدى؟ گەرچە سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىگە قارشى چىققۇچى ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ كىملىكىنى ئوچۇق دېمىگەن

---

[107] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 167-بەتلەر؛ ب-نۇسخا 85-بەت

قوۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ سۆزىدە يەنە نەق مەيداندا ئولتۇرغان 27 نەپەر مىللىي كادىر ئىچىدە ئابدۇللا زاكىروفنىڭ غۇلجادىن، ئەسئەت ئىسھاقوفنىڭ تاتار بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا، قالغان 25 نەپەر كادىرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاتۇشتىن ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتكەن. ھالبۇكى، ئاتۇشنى قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىش-قىلماسلىق ھەققىدىكى مەسىلە ئاۋازغا قويۇلغاندا، شۇ مەيداندىكى 25 نەپەر ئاتۇشلۇق كادىر بىلەن تاتار مىللىتىدىن بولغان ئەسئەت ئىسھاقوۋ، «ئاتۇشنى قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس» دەپ قارشى ئاۋاز بەرگەن. ئەمما ئابدۇللا زاكىروف پەقەت بىر كىشى «بولىدۇ» دەپ تەستىق ئاۋاز تاشلىغان.[109]
بۇ ئەھۋاللار ئەينى ۋاقىتتا نەق مەيداندا بولغان ئابدۇقادىر زۇنۇنىنىڭ «تاغنى كۆتۈپ» ناملىق بىيوگرافىك داستانىدا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

*ئىككى يىلچە ئۆتەر-ئۆتمەستىن،*
*يىغدى ئۇيغۇر مەسئۇللىرىنى.*
*لۇ جيەنرېن ۋە سەيپىدىن بىلەن،*
*ئېلان قىلدى دەستۇرلىرىنى.*
*«ئىمىش بۇ يىل قىرغىز ئاپتونوم،*
*ئوبلاستىنى قۇرۇش كېرەكمىش.*
*ئاپتونومغا مەركەز قىلىشقا،*
*ئاتۇشنىمۇ قوشۇپ بېرەرمىش.»*
*«پەرۋەردىگار، نېمە گەپلەر بۇ،*

[109] ئابدۇقادىر زۇنۇنى: «تاغنى كۆتۈپ» (بىيوگرافىك داستان)، 2-قىسىم، قولىيازما نۇسخا، تاشكەنت، 1993-يىل، 101-بەت

ئاتۇشنى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىشنى تەستىقلايدۇ. ئەمما ئابدۇللا زاكىروفتىن باشقا ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ ھەممىسى بۇ لايىھەگە قارشى چىقىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە ئاتۇشنى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىش پىكرىنى شەخسەن ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى، ئەمما بۇ پىكىرگە كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قارشىلىق چىققانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ: «مەن ئاتۇشنى قوشۇپ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇش كېرەك، دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىمدا ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ كۆپىنچىسى نارازىلىق بىلدۈردى. مەن ئۇلار بىلەن قايتا-قايتا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئۆزۈمنىڭ پىكرىمنى تەكىتلىدىم. ئاتۇش ناھىيەسىنى قىرغىز ئوبلاستىغا قوشۇپ بېرىش مەسىلىسىدە مەن كۆپرەك ئۇيغۇر كادىرلارغا: ‹كەڭ قورساق بولۇشىمىز كېرەك، شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار ئاساسلىق چوڭ مىللەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كۆپرەك ياردەم قىلىشىمىز كېرەك،› دەپ چۈشەنچە بەردىم. كېيىن ئىشلار ھامان شۇنداق بولدى.»[108]

ئابدۇقادىر زۇنۇننىڭ تەكىتلىشىچە، قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنى قۇرۇش ئىشى بويىچە 1954-يىلى مىللىي كادىرلاردىن پىكىر ئېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ يىغىنغا 27 نەپەر يەرلىك كادىر قاتناشقان بولۇپ، شۇ يىغىندا ئىبراھىم تۇردى ئۇزۇن سۆز قىلغان. ئۇ سۆزىدە 95 پىرسەنت ئاھالىسى ئۇيغۇرلاردىن بولغان ئاتۇشنى قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى، قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنى ئاتۇشنىڭ شىمالى قىسمىدىكى ئۇلۇغچات ۋە ئاقچى ناھىيەسىنى ئاساس قىلىپ

[108] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 167-بەتلەر؛ ب-نۇسخا 85-بەت

ياشار قىرغىز چارۋىچى دوستلار.
شۇ رايونلار قىرغىز ئاپتونوم،
ئوبلاستىنغا قوشۇلۇش لازىم.
بۇ ئەقىلغا سىغمدىغان گەپ،
خەلقىمۇ خوش قىلىدۇ تازىم.
باشقىلارمۇ قوشۇلدى سۆزگە،
پەقەت بىرلا سۆز بولدى ئۆزگە.
سۆزگە چىققان ئابدۇللا زاكىر،
يالغان ئېيتتى قارىماي كۆزگە.
ئۇ ئەلبەتتە دىلنى ئېيتمدى،
قىلدى پەقەت سىياسەتۋازلىق.
«داھى پىكرى - دەپ باشلىغاندى،
ھەممە دېدى: سەپسەتەۋازلىق.»
شۇنداق قىلىپ يىگىرمە ئالتە،
(بىرگە قارشى) ئاۋاز بېرىلدى.
بۇندا ئاتۇش ئاجرىتىلسا گەر،
خاتالىقى چۈشەندۈرۈلدى.
«خوپ» دېيىشتى قوشما رەئىسلەر،
مەركەزگە بىز خەۋەر قىلىمىز.
لېكىن بۇنى دېمەي تۇرۇڭلار،
داھى ئەمرىگە ئەمەل قىلىمىز...
مەلۇم ئىدى نېمە بولۇشى،
«پىكرىمىزنى بىلسۇن» دېگەندۇق.
كۆپ ئۆتمىدى، ئېلان قىلىشتى،
«ئاتۇش قىرغىز ئاپتونوم» بىلدۇق.
ئاتۇش كۆرۈڭ غىچ-غىچ ئۇيغۇرلار،

ياقا تۇتۇپ ھەممە كۈلۈشتى.
رۇخسەت سوراپ ئابلىز قارى،
سۆزگە چىقتى «خەپشۈك» بولۇشتى.
قارى سۆزنى يېپىق باشلىدى،
ئەمما كېيىن ئېچىپ تاشلىدى.
«بۇ ئەقىلغا سىغمايدىغۇ» دەپ،
تىترەپ كەتتى، كۆزىن ياشلىدى.
ئەلەم قىلغان ئىدى بۇ خورلۇق،
خەلقىمىزگە پەشمۇ-پەش زورلۇق.
«نېمە گۇناھ قىلغان بۇ؟» - دېدى،
ئۇيغۇر دېگەن پىشانە شورلۇق!»
يەنە ئىككى ئادەمدىن كېيىن،
سۆزگە چىقتى ئىبراھىم تۇردى.
گەپنى قىزىق ۋەقەدىن باشلاپ،
غەزىپىنى ياپتىلاپ ئۇردى.
بولدى، چاقچاق ئارىلاشمىسۇن!
ۋارقىرىدى رەئىس چىدىماي.
ئەمما ناتىق ئەمدى ئاشكارا،
تىزدى راسا ھەق گەپنى ئاي-ھاي!
ئاتۇش دېگەن پۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ،
قايناق قەلبى، يۈرەك ماكانى.
بۇ يەردىمۇ ئۇلتۇرغانلاردىن،
توقسان پائىز ئاتۇشلۇق سانى.
پىكىر بەردى ناتىق ئۇچۇقراق،
دېدى: مېنىڭ بىر تەكلىپىم بار.
شىمالدىكى ئىككى رايوندا،

ئاتۇشنى قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا قوشۇپ بېرىشتە تۆھپە كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ «كەڭ قورساقلىقى» نى كۆرسەتكەن، ھەم خىتاي خوجايىنلىرىغا ياخشىچاق بولۇۋالغان بولدى.

*ئۆيلەردىمۇ، بازاردىمۇ شۇ.*
*ئېلان، يېزىق قىرغىز تىلىدا،*
*ھەممە ھەيران، نېمە قىلىق بۇ؟*
*ئوقۇغۇچىم، ئەزىز جانلىرىم،*
*بىلىسىزغۇ ئۆتكەن ئەھۋالدىن.*
*بۇ بىرىنچى ئالدىشى ئەمەس،*
*كۆپ دەرت تارتتۇق مۇناپىقلىقتىن.*[110]

ئابدۇللا زاكىروف نېمە ئۈچۈن ئاتۇشنى قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىش مەسىلىسىدە ھەممە كىشىنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ، سەيپىدىن ئەزىزنىڭ پىكرىنى قوللاپ قالدى؟ ئىلى ۋىلايىتىنى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قوشۇپ بېرىش، غۇلجانى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىش مەسىلىسىدە سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن شۇنچە قارشىلاشقان ئابدۇللا زاكىروف ئاتۇش مەسىلىسىدە نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئاسان ۋاز كەچتى؟

ئابدۇللا زاكىروفنىڭ بۇ مەسىلىسىدىكى چىقىش نۇقتىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھۆججەتلىك ماتېرىياللار قولىمىزدا يوق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ مەسىلىدە مۇنداق ئىككى چوتنى سوققانلىقىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ئابدۇللا زاكىروف سەيپىدىنىڭ يۇرتى ئاتۇشنى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا قوشۇپ بېرىشتە كۈچ كۆرسىتىش ئارقىلىق، ھەم سەيپىدىندىن، ھەم ئاتۇشلۇقلاردىن ئۆچ ئالغان بولىدى. ئىككىنچىدىن، 99 پىرسەنت ئاھالىسى ئۇيغۇرلاردىن بولغان

[110] ئابدۇقادىر زۇنۇنى: «تاگنى كۆتۈپ» (بىيوگرافىك داستان)، 2-قىسىم، قولىيازما نۇسخا، تاشكەنت، 1993-يىل، 103-100-بەتلەر

زاكىروفتا ئەشەددىي مىللەتچىلىك كەيپىياتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئۇنىڭ خەنزۇ كادىرلارنى چەتكە قاقىدىغانلىقى ۋە خىزمەت ئۇستىلىدا تەكەببۇرلۇق خاھىشىنىڭ بارلىقىنى قاتتىق تەنقىد قىلدىم، ھەم پاش قىلدىم. شۇ كۈنى يىغىن ئاخىرلاشقاندا زاكىروف ياتىقىمغا ئۇسۇپ كىرىپ، مېنى تىللىدى ۋە ئېغىر گەپلەر بىلەن تەھدىت سالدى.»[111]

گارشابانى ئېيتقاندەك، ئابدۇللا زاكىروفتا راستىنلا «يەرلىك مىللەتچىلىك» ئىدىيەسى ياكى خاھىشى بارمىدى؟ ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئىلى ئىنقىلابىدىن يېتىشىپ چىققان ۋە ئۇزۇن مەزگىل يۇقىرى دەرىجىلىك لاۋازىملاردا خىزمەت قىلغان بىر كادىر بولۇشتەك ئارقا كۆرۈنۈشى بۇ مەسىلىدە مەلۇم گۇمانلارنى پەيدا قىلىشى مۇ، ئەمما ئابدۇللا زاكىروف بىلەن شەخسىي زىددىيىتى بولغان گارشابانىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۇنى «يەرلىك مىللەتچىلىك» بىلەن ئەيىبلىگەنلىكىگە دائىر ماتېرىياللار يوق.

ئابدۇللا زاكىروف بىلەن گارشابانى ئوتتۇرىسىدىكى شەخسىي زىددىيەت، 1951-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1952-يىلىنىڭ ياز مەزگىلىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلىپ بېرىلغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن چىققان كادىرلارنىڭ مالىيەسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش» ھەرىكىتى مەزگىلىدە باشلانغان ئىدى. ۋاڭ جېننىڭ بىۋاسىتە كۆرسىتىشى بىلەن «تەكشۈرۈپ-ئېنىقلاش گۇرۇپپىسى»، يەنى «يولۋاس تۇتۇش گۇرۇپپىسى» نىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن گارشابانى، شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئابدۇللا زاكىروفتا «پارىخورلۇق ۋە چىرىكلىك» مەسىلىسى بار دەپ قاراپ، ئۇنى ئۈچ ۋىلايەتتىن بېكىتكەن 20 نەچچە نەپەر «يولۋاس» لار قاتارىغا كىرگۈزگەن

[111] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第108页

## ئابدۇللا زاكىروفنىڭ «يەرلىك مىللەتچى» لەر «قارا تىزىملىكى» دىن قۇتۇلۇپ قېلىشى

1957 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىنتايىن جىددىي ۋە سۈرلۈك رەۋىشتە باشلانغان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەتكە سەپەرۋەرلىك قىلىش كېڭەيتىلگەن يىغىنى» دا، مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىكلەردىن يۇقىرى بولغان ئۇيغۇر كادىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى «قارا تىزىملىك» كە ئېلىنغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئابدۇللا زاكىروفمۇ كېڭەيتىلگەن يىغىن باشلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا «يەرلىك مىللەتچى» لەر «قارا تىزىملىكى» دە ئىسمى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

گارشابانى ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە، 1957 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش بويىچە كېڭەيتىلگەن يىغىنى» باشلانغاندا، ئۆزىنىڭ ئالدى بىلەن ئابدۇللا زاكىروفنى پاش قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن بىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يەرلىك مىللەتچىلىك خاھىشىغا بولغان چەكسىز غەزەپ ـ نەپرىتىمنى ئىپادىلىدىم. يىغىندا مەن ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئابدۇللا

موسكۋاغا بىرىنچى قېتىم يوللانغان ھۆججەتتە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى لۈ جيەنرېن (吕剑人) ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلى دوباشىنغا كېڭەيتىلگەن يىغىن باشلىنىشى بىلەن، بېيجىڭدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ «شىنجاڭ سىنىپى» دا ئوقۇۋاتقان سەيپۇللايوف (ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى) بىلەن ئابدۇللا زاكىروف (ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى) نىڭ ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ كېلىنگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدە مىللەتچىلىك خاھىشىنىڭ يوقلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەنلىكىنى دوكلات قىلىدۇ. ھۆججەتتە لۈ جيەنرېن يەنە، «گەرچە سەيپۇللايوف مەندە مىللەتچىلىك خاھىشى يوق دەپ ئۆزىنى ئاقلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا مىللەتچىلىك خاھىشى كۈچلۈك دەپ تەنقىدلەنگەن ئىدى،» دەپ قوشۇمچە قىلىدۇ. ئەمما ئابدۇللا زاكىروف ھەققىدە باشقىچە ئىزاھاتتا بولمايدۇ.[113]

https://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175898

Document-2: Memorandum on a Discussion held by the Consul-General of the USSR in Urumchi, G.S. DOBASHIN, with Deputy Chairman of the People's Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comrade XIN LANTING, January 12, 1958, Wilson Center Digital Archive International History Declassified https://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175895

Document-3: "Note from G. Dobashin, Consul-General of the USSR in Urumchi, to Comrades N.T. Fedorenko, Zimianin, and P.F. Iudin", January 20, 1958, Wilson Center Digital Archive International History Declassified

https://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175893

Document-4: M. Zimianin to the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, ‹On Manifestations of Local Nationalism in Xinjiang (PRC)›, March 03, 1958, Wilson Center Digital Archive International History Declassified

https://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175900

[113] Memorandum on a Discussion Hel by the Consul-General of the USSR in Urumchi, G.S. Dobashin, with the Secretary of the Party

ئىدى. ئەمما ۋاڭ جېننىڭ تەختتىن دومىلىشى بىلەن «يولۋاس تۇتۇش» ھەرىكىتىمۇ بېسىقىپ، ئابدۇللا زاكىروف قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى. شۇ قېتىملىق ھەرىكەتتىن كېيىن يۆلەنچۈكى ۋاڭ جېندىن ئايرىلىپ، سىياسىي جەھەتتىن يېتىم قالغان گارشابانى، ئابدۇللا زاكىروفتىن كۆپ قېتىم دەشنام يېگەن ئىدى. 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى باشلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» تە گارشابانىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئابدۇللا زاكىروفقا «مىللەتچىلىك» قالپىقى كىيدۈرۈشكە ئۇرۇنۇشىدا مەلۇم شەخسىي غەرەزنىڭ بارلىقى ئېنىق ئىدى.

ئەمما «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئىسمىنىڭ «يەرلىك مىللەتچى» لەر «قارا تىزىملىكى» دە كۆرۈلگەنلىكىنى باشقا تارىخىي ھۆججەتلەرمۇ تەستىقلايدۇ.

«ۋىلسون مەركىزى» ئاشكارىلىغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى ۋە غۇلجادىكى كونسۇللىرىنىڭ 1958 ـ يىلى موسكۋاغا يوللىغان 9 پارچە دوكلاتىنىڭ 4 پارچىسىدا (بۇ 4 پارچە دوكلات ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1958 ـ يىلى 7 ـ يانۋار، 12 ـ يانۋار، 20 ـ يانۋار ۋە 3 ـ مارت كۈنلىرى يوللانغان) ئابدۇللا زاكىروفنىڭ باشقا نەچچە ئونلىغان يوقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر، قازاق، تاتار كادىرلار قاتارىدا «يەرلىك مىللەتچى» لەر «قارا تىزىملىكى» دىن ئورۇن ئالغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەمما بۇ 4 پارچە ھۆججەتنىڭ ھەممىسىدە ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئىسمى «قارا تىزىملىك» نىڭ ئەڭ ئاخىرىقى قاتارىدا كۆزگە چېلىقىدۇ.[112] بۇنىڭ ئىچىدىكى

---

[112] Document-1: "Memorandum on a Discussion Hel by the Consul-General of the USSR in Urumchi, G.S. Dobashin, with the Secretary of the Party Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comrada Lu Jianren", January 07, 1958, Wilson Center Digital Archive International History Declassified

1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. شۇ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 30 نەپەر ئەزاسى قاتناشقان تۇنجى قېتىملىق يىغىندا، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەيئەتلەر كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى» تەستىقلىنىپ، رەسمىي ئېلان قىلىندى. دىققەت چېكىدىغىنى شۇكى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان بۇ تۇنجى قېتىملىق «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى» نىڭ، مىللەتلەر سىياسىتىگە دائىر 3 - ماددىسىغا خىتاي كومپارتىيەسى شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بېيجىڭدا ئېلان قىلغان «ئورتاق پروگراما» (共同纲领) دا بولمىغان يېڭىچە تېرمىنلار قوشۇلدى. خىتاي كومپارتىيەسى بېيجىڭدا ئاچقان تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا سەيپىدىن ئەزىزىمۇ قاتناشقان بولۇپ، بۇ يىغىندا ئېلان قىلىنغان «ئورتاق پروگراما» دا، پەقەتلا «چوڭ مىللەتچىلىك بىلەن تار مىللەتچىلىككە ئوخشاشلا قارشى تۇرۇش» تەكىتلەنگەن ئىدى. ئەمما شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇنجى قېتىملىق ئەزالار يىغىنىدا ئېلان قىلغان «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى» دا بولسا، «ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىغا ۋە ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرى تەشەببۇس قىلىۋاتقان پان - تۈركىزمغا قارشى تۇرۇش» دېگەن يېڭى ماددىلار قوشۇلغان ئىدى.[114] بۇ سىياسىي پروگراممىنىڭ ئۆزى شۇ كۈندىن ئېتىبارەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر دىياردا ئاتالمىش «پان - تۈركىزم» غا ۋە «يەرلىك مىللەتچىلىك» كە قارشى كۈرەش باشلايدىغانلىقىدىن سىگنال بەرگەن ئىدى.

---

[114] 中共新疆维吾尔自治区委员会党史研究室：《中共新疆地方史》（1937-1966），北京：中共党史出版社，2011年版第126-127页

ئۇنداقتا، ئابدۇللا زاكىروۋ شۇ قېتىملىق «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» داۋامىدا، «يەرلىك مىللەت-چىلەر قارا تىزىملىكى» دېگەن قانداقلارچە قۇتۇلۇپ قالدى؟ ئۇ ھەرىكەتنىڭ دەسلىپىدە ئۆزىنىڭ ئىسمى ئېلىنىپ قالغان بۇ سىياسىي ۋەقەدىكى «قارا داغ» نى قانداق يۇيۇپ تاشلىدى؟ تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ زادى كىمگە تايىنىپ بۇ قېتىملىق سىياسىي دولقۇندا «تېرە تاشلىيالىدى»؟

كۇنسېرى ئاشكارا بولۇۋاتقان ئارخىپ ماتېرىياللىرى ۋە تارىخىي ئەسلىمىلەر 1957-يىلىنىڭ ئاخىرى باشلىنىپ، ئۇيغۇر دىيارىدا مىڭلىغان سىياسىي سەرخىللار ۋە بىلىم ئادەملىرىنىڭ بېشىغا چىققان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» نىڭ ئىچ يۈزىگە يوشۇرۇنغان سىرلارنى ئاشكارا قىلماقتا.

خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇر دىيارىنى قولىغا ئالغان 1949-يىلىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇرەسسە قىلىشى ئارقىسىدا ئەخمەتجان قاسىمىدىن كېيىنكى ئىلى تەرەپنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر (سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، لېسكىن، نەبىجان قاتارلىقلار) بىلەن ھەمكارلاشقان، مىللىي ئارمىيەنى ئۇگۇشلۇق ھالدا خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5-كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىشكە مۇۋەپپەق بولغان ئىدى. ئەمما شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ۋاڭ جېن، دېڭ لىچۈن قاتارلىق خىتاي كوممۇنىستلىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنى ئۇگۇشلۇق ئىدارە قىلىشىدا، «ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئەڭ چوڭ باش ئاغرىقى» بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدى.

---

Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comrada Lu Jianren, January 07, 1958, Wilson Center Digital Archive International History Declassified

https://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175898

ئورنى ئالغان زىيا سەمەدى، ئىبراھىم توردى، ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق نازارەت دەرىجىلىك ئۇيغۇر كادىرلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى ئابدۇرەھىم سەئىدى، سودا نازارىتىنىڭ نازىرى ئابلىز قارى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئىمىنوف ھامىد، مۇئاۋىن ۋالىيسى ئابدۇرەھىم پەتەك، سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ياقۇپ بەگ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى جاغدا بابالىكوف، كورلا مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى تۇرسۇن ئىسرائىلوف، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئەلىيېف، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قۇربانوف قاتارلىق «قارا تىزىملىك» تىكى كادىرلارمۇ تارتىپ چىقىرىلىدۇ. شۇ قاتاردا بېيجىڭدىكى خىتاي مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ «شىنجاڭ سىنىپى» دا ئوقۇۋاتقان مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئىسمىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

قىزىقارلىق يېرى شۇكى، دەسلەپ «يەرلىك مىللەتچىلەر قارا تىزىملىكى» گە ئىسمى ئىلىنىپ قالغان ئابدۇللا زاكىروف، بۇ قېتىملىق ھەرىكەت باشلىنىشى بىلەن ئويلىمىغان يەردىن ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ، «قارا تىزىملىك» تىكى باشقا سەپداشلىرىغا قارشى شىددەتلىك ئوت ئاچىدۇ. بولۇپمۇ ھەرىكەتنىڭ تىغ ئۇچى نازارەت دەرىجىلىك كادىرلاردىن ھالقىپ، مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك كادىرلارغا، يەنى سەيدۇللا سەيپۇللايوف (ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرىتارى)، ئەسئەت ئىسھاقوف (ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى)، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف (ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)، پاتىخان سۇگۇربايوف (قازاق، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى) قاتارلىقلارغا قارىتىلغاندا، ئابدۇللا زاكىروف باشقىچە بىر ئاكتىپلىق بىلەن ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزىمۇ ئەسلىمىسىدە، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت گەرچە 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى رەسمىي بىر سىياسىي ھەرىكەت سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ دەسلەپكى شامىلىنىڭ 1951 ـ يىلى غۇلجادا ئېچىلغان ‹51 لەر مەجلىسى› دىن باشلانغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.[115]

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋ چىڭداۋ يىغىنىدىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىدىن «يەرلىك مىللەتچىلەرگە زەربە بېرىش» توغرىلىق مەخسۇس يوليورۇق تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ھەرىكەتنى قانداق قوزغاش، كىملەرگە قانداق ئۇسۇلدا زەربە بېرىش ھەققىدە ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە سىياسىي ـ قانۇن ساھەسىدىكى يېقىنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىچكىي جەھەتتىن جىددىي تەييارلىقلارغا چۈشىدۇ. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان بولۇپ، ئۇ شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئاندىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا «ۋاڭ ئېنماۋ گورۇھى» دېگىلەر «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» قوزغاشنىڭ پۈتۈن تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ، زەربە بېرىلىدىغان كىشىلەرنىڭ «قارا تىزىملىكى» نىمۇ تاييارلاپ بولغان ئىدى.

دېگەندەك، 1957 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەشكە سەپەرۋەرلىك قىلىش» بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى باشلىنىشى بىلەن، «قارا تىزىملىك» نىڭ ئەڭ بېشىدىن

---

[115] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە ـ 3)، ئا ـ نۇسخا، 213 ـ بەت؛ ب ـ نۇسخا، 106 ـ بەت

قانداقتۇر بىر مەخپىي پائالىيەت بارلىقى بىلىنىپ قالدى. بۇنى ئالدى بىلەن بىر مىللىي كادىر ماڭا ئىنكاس قىلغان ئىدى، مەن دەسلەپ ئانچە ئىشەنمىگەن ئىدىم. كېيىن قارىسام بۇ ئېنىق بولۇپ چىقتى. بۇلار ئابدۇللا زاكىروق باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئاتالمىش «ئاكتىپلار» نىڭ مەخپىي ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇلار مەجلىستە «تايانچ كۈچلەر» دىن ئىبارەت ئىكەن. مەن بۇ يەردە شۇنى ئوچۇق ئېيتىشىم كېرەك. ئايرىم بىر قىسىم مىللىي كادىرلار ئاتالمىش «ئاكتىپچانلىق» بىلەن مەيدانغا چىقىپ، بەزىلەرنىڭ مەقسەتلىرىگە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلغان ئىدى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ھەم بەزىلەرنىڭ، ھەم ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە يېتىشنى ئويلايتتى. ئۇلار مۇشۇنداق يامان غەرەزلىك، ئىككى يۈزلىمچى ئادەملەر ئىدى.»[116]

دېمەك، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ يوقىرىقى بايانلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1957-يىلى 12-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۈرۈمچىدە كېڭەيتىلگەن يىغىن باشلىنىشى بىلەن، ئابدۇللا زاكىروق باشچىلىقىدىكى «ئاكتىپ مىللىي كادىرلار» بىردىنلا سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ يەردە سەيپىدىن تىلغا ئالغان «بىر مىللىي كادىر» دېيىلگەن كىشى دەل ئابدۇللا زاكىروق ئىدى. سەيپىدىننىڭ بۇ يىغىندا ھەيران قالغان يېرى شۇكى، كېڭەيتىلگەن يىغىن باشلىنىشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا سەيپىدىننىڭ سۆزىدىكى «يەرلىك مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش» دېگەن ئىبارىنى، «يەرلىك مىللەتچىلىك ئەكسىيەتچى ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش» دەپ ئۆزگەرتىش ھەققىدە تۈنجى قېتىم قارشى پىكىر ئوتتۇرىغا چۈشكەن ئىدى. ئابدۇللا زاكىروق بۇ ۋاقىتتا

---

[116] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 216-217-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 109-بەت

سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى باشلىنىشى بىلەن، مەجلىستە قانداقتۇر بىر «يوشۇرۇن ھەرىكەت» نىڭ شەپىسى بىلىنىپ قالغانلىقىنى، بىر قىسىم «ئاكتىپ مىللىي كادىرلار» نىڭ ۋاڭ ئېنماۋنىڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىشى بىلەن، پىلانلىق تۈردە ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1957-يىلىنىڭ 12-ئېيىدا يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ سەپەرۋەرلىك چوڭ مەجلىسى ئېچىلدى. مەجلىسنىڭ كەيپىياتىدا بىر خىل سۈرلۈك ئىپادە چىقىپ تۇراتتى. مېنىڭ سۆزۈم بەزىلەرنىڭ قوشۇلۇشىغا، بەزىلەرنىڭ قوشۇلماسلىقىغا، يەنە بەزىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. بۇ يەردە مەن شۇ نەرسىنى ئېيتىشىم كېرەككى، شىنجاڭدا يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيەسى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدا بار بولۇپ، بەزىلىرىدە ئېغىر ئىدى. بۇ خىل ئىدىيە خىزمەتكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر قىلىپ تۇراتتى. لېكىن ھازىرغىچە پىلانلىق ھەم تەشكىللىي يوسۇندا ئەكسىيەتچى يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيەسى، ياكى تەتۈر ئىنقىلاب ھەرىكىتى كۆرۈلمىگەن ئىدى. مەن سۆزۈمنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن مۇزاكىرە باشلاندى. مۇزاكىرىدە مېنىڭ سۆزۈمگە بىرىنچى بولۇپ قارشى چىققان پىكىر، ‹يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيەسىگە ئەمەس، بەلكى يەرلىك مىللەتچىلىك ئەكسىيەتچى ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش› دېيىش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت بولدى. بۇ پىكىرنى بىر مىللىي كادىر ئوتتۇرىغا قويدى. مەن ئۇنىڭغا ھەيران قالدىم. ئەجەبا، بۇ پىكىر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر بىلەن ئوخشاش چىقىپ قالدىغۇ، دەپ ئويلىدىم. مەجلىس داۋام قىلدى. ئىككى كۈن ئۆتمەستىن مەجلىستە

سەيپىدىن ئەزىزى «ئەسلىمە» سىدە، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئابدۇللا زاكىروف قاتارلىق بىر قىسىم «ئاكتىپ مىللىي كادىرلار» نىڭ ئۆكتىچىلىك هەرىكەتلىرىنىڭ «51 چىلەر مەجلىسى» مەزگىلىدىلا ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى، شۇندىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئۆز پەيلىدىن ئەسلا يانمىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تۈپ مەقسىتىنىڭ «سەيپىدىن گۇرۇھى» دېكىلەرنى ئاغدۇرۇپ مىللىي رەهبەرلىك ئورنىغا چىقماقچى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ: «بۇلارنىڭ هەرىكىتى ئاشۇ ‹51 چىلەر› گە قارشى تۇرۇش هەرىكىتىدىن باشلانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق هەرىكەت نىشانى مەن، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، مۇهەممەتئىمىن ئىمىنوف، ئەسئەت ئىسهاقوف قاتارلىق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار بىزنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزلىرى بىزنىڭ رەهبەرلىك ئورنىمىزغا چىقماقچى ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىدىيە ۋە هەرىكەتلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىلا باشلانغان بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىنمۇ ئۇلار ئۆز پەيلىدىن قايتمىدى. ئۇلار يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەشتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ سۇيقەستلىك مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پىلانلىق ۋە تەشكىللىك هەرىكەت ئېلىپ باردى. بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق پىتنە-ئىغۋاگەرلىك هەرىكەتلىرى، ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەهبەرلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، دېڭ لىچۈن قاتارلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىش-ئەتمىشلىرى يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش هەرىكىتى جەريانىدا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق رولىنى ئوينىدى.»[118]

سەيپىدىن ئەزىزى يەنە سەيپۇللايوف، ئىمىنوف، ئەسئەت ئىسهاقوف قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىلى ئىنقىلابىدىن بۇيان ئۆزىنىڭ

---

[118] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 217-218-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 110-109-بەتلەر

مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى ئەمەس ئىدى. شۇنداقكەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا ئوتتۇرىغا چۈشكەن بۇ پىكىر قانداق بولۇپ كېيىنچە كېڭەيتىلگەن يىغىندا، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ پىكرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؟ ئابدۇللا زاكىروفقا كېڭەيتىلگەن يىغىندا بۇ پىكرنى ئوتتۇرىغا تاشلاشقا ۋە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ دوكلاتىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە مەخپىي يوليورۇق بەرگەن پەردە ئارقىسىدىكى كىشى زادى كىم؟

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، كېڭەيتىلگەن يىغىن باشلىنىشىنىڭ ئالدىدىلا «ۋاڭ ئېنماۋ گورۇھى» دىكىلەر ئابدۇللا زاكىروف، سەۋدانوف زاھىر، مامۇتوپ قۇربان قاتارلىق «ئاكتىپ مىللىي كادىرلار» نى ئۆز يېنىغا تارتىپ بولغان ئىدى. شۇڭا كېڭەيتىلگەن يىغىن باشلىنىشى بىلەنلا ئابدۇللا زاكىروف ئوتتۇرىغا چىقىپ، سەيپىدىن ئەزىزى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف قاتارلىق مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك كادىرلارغا شىددەتلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ. خۇددىي سەيپىدىن ئەزىزى تەكىتلەپ ئۆتكەندەك «بۇ كىشىلەر، ھەم بەزىلەرنىڭ، ھەم ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن» ، «بەزىلەرنىڭ مەقسەتلىرىگە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلغان ئىدى.»[117] بۇ يەردىكى سەيپىدىن ئەزىزى «بەزىلەر» دەپ يوشۇرۇن ئىما قىلغان، ئەسلىمىسىدە ئىسمىنى ئېنىق تىلغا ئالمىغان كىشى دەل 1952 - يىلدىن 1969 - يىلىغىچە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ۋە سىياسىي كومىسسارى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاڭ ئېنماۋ ئىدى.

---

[117] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 216-217-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 109-بەت

«ۋاڭ ئېنماۋ گورۇھى» دىكىلەر تەرىپىدىن يوشۇرۇن تۇرغۇزۇلغان «يەرلىك مىللەتچىلەر قارا تىزىملىكى» گە ئېلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ئۆزىنىڭ «تۆھپىلىرى ۋە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى» سەۋەبلىك «ئارخىپى پاكىزلىنىپ»، «سىياسىي مەيدانى مۇستەھكەم ئىنقىلابىي كادىر» غا ئايلىنىدۇ. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ۋاڭ ئېنماۋنىڭ قوغدىشىغا ۋە يۆلىشىگە ئېرىشىدۇ، شۇنداقلا «ۋاڭ ئېنماۋ گورۇھى» نىڭ «سەيپىدىن گورۇھى» غا قارشى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىدە «پېچكا» ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.

«يېقىن سەپداش» لىرى ئىكەنلىكىنى، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ۋاڭ ئېنماۋنىڭ «مەخسۇس يولىيورۇقى» بىلەن بۇ قېتىملىق ھەرىكەتتە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئۆزىگىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سەپداشلىرىغىمۇ بىر تۇتاش ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ: «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش يىغىنىنىڭ كەيپىياتى بارغانسېرى ئۆرلەپ، بىرىنچى ئوت ئىبراھىم تۇردى بىلەن ئابدۇرەھىم ئەيساغا قارىتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوت ئىمىنوف، سەيپۇللايوف ۋە ئەسئەت ئىسھاقوفلارغا قارىتىلدى. ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن تارتىپ، تاكى ھازىرغا قەدەر جان-پىدالىق بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەپ كېلىۋاتقان ياخشى كادىرلار ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن سەيدۇللا سەيپۇللايوف ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىقىغا، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، ئەسئەت ئىسھاقوف ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزالىقى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن رەھبىرىي كادىرلار ئىدى. بۇ يەردە تىغ ئۇچىنىڭ كىمگە قارىتىلىۋاتقانلىقىنى بايقاش قىيىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار مېنىڭ يېقىن سەپداشلىرىم-دە!»[119]

شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللا زاكىروف 1957-يىلىنىڭ ئاخىرىدا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» باشلىنىشى بىلەنلا، «ۋاڭ ئېنماۋ گورۇھى» نىڭ «تايانچ كۈچلىرى» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، «خىزمەت كۆرسەتكەن» بولىدۇ. گەرچە كېيىنكى يىغىن باشلانغاندا گارشابانى قاتارلىق كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئابدۇللا زاكىروفنى «مىللەتچىلىك خاھىشى ئېغىر» دەپ تەنقىد قىلغان، ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمى دەسلەپتە

[119] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 218-بەت؛ ب-نۇسخا، 110-بەت

باشلانغان بۇ ھەرىكەت جەريانىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە «يەرلىك مىللەتچى» دەپ تارتىپ چىقىرىلغان، ياكى قالپاق كىيدۈرۈلگەن ھەر ساھەدىكى يەرلىك سەرخىللارنىڭ 1612 نەپەرگە يەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ.[120]

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدا مەدەنىيەت، مائارىپ، گېزىت-ژۇرنال ۋە تېببىي ساھەلەردىكى زەربە بېرىش دولقۇنى كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىگە يەتكەن. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۆۋەندىن كەلگەن چارە كۆرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتلارغا قارايدىغان بولساق، ئادەم چۆچۈگىدەك گەپلەر بار ئىدى. مىسال ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ، مەدەنىيەت، تېببىي ساھەلەردىكى كادىرلارغا چارە كۆرۈشتە بىر رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان. بۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا زاكىروف بولۇپ، بۇلاردىن كەلگەن دوكلاتلارغا قارايدىغان بولساق: ‹80 پىرسەنت ئادەمگە چارە كۆرۈش، قالغانلارغا گۇمانلىق ئادەم دەپ قاراش...› دەپ يېزىلغان ئىكەن.»[121]

دېمەك، ئۇرۇمچىدە «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» بويىچە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى باشلىنىشى بىلەن، بۇ يىغىن ئۇدا يېرىم يىلغا قەدەر داۋاملىشىپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر دىيارىدا زور كۆلەملىك بىر سىياسىي ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئاساسلىقى ئۇيغۇر، قازاق كادىرلارغا زەربە بېرىلگەندىن تاشقىرى يەنە، زىيالىيلار ۋە بىلىم ئادەملىرىگىمۇ قاتتىق زەربە بېرىش دولقۇنى

[120] 中共新疆维吾尔自治区委员会党史研究室：《中共新疆地方史》（1937-1966），北京：中共党史出版社，2011年版

[121] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 221-بەت؛ ب-نۇسخا، 112-بەت

## ئابدۇللا زاكىروفنىڭ «مىللەتچى» قالپىقى كىيگەن ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ تەقدىرىنى پىچىشى

1957 - يىلىنىڭ ئاخىرى باشلىنىپ، تاكى 1959 - يىلىنىڭ باشلىرىغا قەدەر داۋاملاشقان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» تە سەيدۇللا سەيپۇللايوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، پاتىخان سۇگۇربايوف قاتارلىق مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك كادىرلار، زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى، ئابدۇرەھىم ئەيسا، ئابدۇرەھىم سەئىدى، ئابلىز قارى، قاتارلىق نازارەت دەرىجىلىك نەچچە ئونلىغان سىياسىي سەرخىللار، نىزامىدىن ھۈسەيىن، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، ھاجى ياقۇپ، ئىبراھىم مۇتىئى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، تۇردى سامساق، قاجى قۇمار قاتارلىق يۈزلىگەن زىيالىيلار، ئابدۇلھەمىد يۈسۈپى قاتارلىق دىنىي ئالىملار شۇنداقلا سان - ساناقسىز ئوقۇتقۇچى، ئىستۇدېنت، مىللىي ئارمىيە قاتناشقان ۋېتېرانلار «ئوڭچى» ، «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن قالپاقلار بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، تۈرمىلەرگە سولاندى ياكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىدا يىللارچە ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنىپ جازالاندى.

1958 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» توغرىلىق چىقارغان خۇلاسە خاراكتېرلىق دوكلاتىدا، 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن

قاتنىشىدۇ. «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھۇسەيىن ئەبەيدۇللا يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. شۇ كۈنىدىكى يىغىندا ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، نىزامىدىن ھۇسەيىن قاتارلىق بىرقانچىلىغان تەجرىبىلىك تەھرىرلەر قولغا ئېلىنىدۇ.

مەرھۇم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ خانىمى خەلچەم تىلەشېۋا ئۆز ئەسلىمىسىدە، شۇ چاغدىكى ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئۈستىدىكى رېجىم ۋاقتى توشۇپ، يېرىم يىل ئۆتەر-ئۆتمەيلا، يەنى 1957-يىلى كىرىشى بىلەن ‹ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى› باشلىنىپ، بىرىنچى پاي ئوق يەنىلا ئۆتكۈرگە قارىتىپ ئېتىلدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا چىقىپ، زالغا كىرىشىمىزگىلا ئالدىمىزدىكى تامغا يوغان بىر چوڭ خەتلىك تام گېزىتى (دازىباۋ) چاپلانغانلىقىنى كۆردۇق. قارىساق بۇ تام گېزىتى ئۆتكۈر ئۈستىدىن يېزىلغان ئىكەن. ئۇنىڭدا ‹ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى›، ‹پان-تۈركىست›، ‹ئەيسا-ئىمىنلەرنىڭ قول چومىقى›، ‹چەتئەلگە قاچماقچى بولغان ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇنسۇر› دېگەنگە ئوخشاش كونا قالپاقلارنى كىيدۈرۈپ، تىللاپ يېزىلغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈرنى توختىماي ئىككى يىل كۈرەش قىلدى. بۇ كۈرەش 8 سائەتلىك خىزمەتنىڭ سىرتىدا ئىدى. بۇ چاغدا ھۇسەيىن ئەبەيدۇللا ھەددىدىن ئىنتايىن ئېشىپ، ئۆتكۈرگە غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئۆتكۈرنى سېسىتىش ئۈچۈن ئاكتىپلار گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، ئۇلارغا ئۆتكۈرگە قانداق زەربە بېرىشنى ئۆگىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى يېڭى-يېڭى دازىباۋلار بىلەن ھەجۋىي رەسىملەر چاپلىنىپ تۇرىدىغان بولدى، ھەتتا مېنىمۇ قوشۇپ سىزاتتى... باشتا مۇنداق ئىشلار بىزگە بەكمۇ ھار كەلدى، مەيۈسلىنىپ يۈردۇق.

كۆتۈرۈلىدۇ. ئابدۇللا زاكىروف ۋاڭ ئېنماۋنىڭ بىۋاسىتە كۆرسىتىشى بىلەن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، ئاخباراتچىلىق ۋە تېببىي ساھەلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان «يەرلىك مىللەتچىلەرگە زەربە بېرىش ۋە چارە كۆرۈش كۆرىشىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى» نىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

ھازىرغىچە قولىمىزدا بار بولغان 20-ئەسىردىكى ئۈچ نەپەر مەشھۇر ئۇيغۇر زىيالىيسى - ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، نىزامىدىن ھۈسەيىن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن - لەرنىڭ ئەسلىمىسى (بۇلاردىن ئالدىنقى ئىككى كىشىنىڭ ئەسلىمىسىدە ھازىرغىچە نەشىر قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ ئەسلىمىسى 2013-يىلى نەشىر قىلىندى)، 1958-1959-يىللىرى ئۇرۇمچىدە ئېچىلغان «يەرلىك مىللەتچىلەرگە زەربە بېرىش ۋە چارە كۆرۈش كۆرەش يىغىنلىرى» غا بىردەك ئابدۇللا زاكىروفنىڭ رىياسەتچىلىك قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

1959-يىلى كىرىشى بىلەن ئابدۇللا زاكىروف ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن بىراقلا سەكرەپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ئۆستۈرۈلىدۇ، ھەمدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، ئاخبارات، ئىلىم-پەن ۋە سەھىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. ئابدۇللا زاكىروف يەنە «يەرلىك مىللەتچىلەرگە زەربە بېرىش ۋە چارە كۆرۈش گۇرۇپپىسى» نىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

1959-يىلى 4-ئاينىڭ 14-كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش بويىچە خۇلاسە يىغىنى» ئېچىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ئابدۇللا زاكىروف بۇ يىغىنغا ئەڭ چوڭ رەھبەر سۈپىتىدە

ئۆتكۈرنى قولغا ئالدى. شۇ كۈنى ئىككى يىللىق كۈرەش يىغىنىنىڭ خۇلاسىسى چىقىرىلىپ، قولغا ئېلىنىدىغانلارنىڭ گۇناھلىرى بىر-بىرلەپ ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئۇلارنىڭ بۈگۈندىن باشلاپ تۈرمىگە يول ئالىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. مېنىڭ كۆزۈمدە ياشلىرىم لىغىلدىماقتا ئىدى. بىر چاغدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، بۇ «گۇناھكار» بەندىلەر زالدىن چىقىپ كېتىپ بارىدۇ. قانداق قىلىشىمنى بىلمەي تېڭىرقاپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. بىر ھازادىن كېيىن زالدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇدۇل ئۆيىمىزگە كىرىپ يالغۇز تازا يىغلىۋالدىم. بۈگۈن قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدە ئۆتكۈر ئەپەندىدىن باشقا يەنە تەجرىبىلىك ئۇستا تەھرىر نىزامىددىن ھۈسەيىن، ھوشۇر مۇسا دېگەن ياش تەھرىر يىگىت، غوپۇر چوڭ دېگەن تەرجىمان كىشىمۇ بار ئىدى. نىزامىددىن ھۈسەيىن بىلەن ھوشۇر مۇسا «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى بىلەن، غوپۇر چوڭ ئۇششاق-چۈششەك بۆھتانلار بىلەن قولغان ئېلىنغان ئىدى. بۇ 4 كىشىنىڭ ئۇچى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا، يالغۇز ئۆتكۈر ئەپەندىلا سىياسىي مەھبۇسلار تۈرمىسىگە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئەۋەتىلگەن ئىدى.»[124]

ئۆتكۈر ئەپەندى بىلەن بىللە كۈرەشكە تارتىلىپ، ئوخشاش بىر كۈندە قولغا ئېلىنغان نىزامىددىن ھۈسەيىنمۇ، ئۆزىنىڭ تۈرمىدە يېزىپ قالدۇرغان ئەسلىمىسىدە، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئۆزلىرىنى قولغا ئېلىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ: «شۇ كۈنى ئابدۇللا زاكىروف، ھۈسەيىن ئەبەيدۇللا دېگەنلەرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە قولغا ئېلىش جەريانى داغدۇغىلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. مەن، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، غوپۇر چوڭ قاتارلىق 3 كىشى بىلەن بىرلىكتە قولغا ئېلىندۇق ۋە شۇ كۈنى تۈرمىگە

---

[124] خەلچەم تىلەشىۋا: «ئۆتكۈر ئەپەندىنى ئەسلەيمەن»، 2-دەپتەر، 120-121-بەتلەر

بارا ـ بارا «مۇنداق يالغان گەپلەرنىڭ قايسى بىرىگە خاپا بولۇپ يۈرىمىز؟ قولۇڭلاردىن كەلگەننى قىلىڭلار!» دەپ ئۇلتۇرىدىغان بولدۇق. ھەتتا قىزلىرىمىزنىڭ «گۈلسۇمئاي» ، «چولپان» دېگەن ئىسىملىرىنى ھەم ئىككى كۈن كۈرەش قىلغان ئىدى. سەۋەبى «ئۆتكۈر قىزلىرىنىڭ ئىسمىنى تۈركىيە بايرىقىنىڭ سىمۋولى قىلىپ قويىدى» ، «ئاي ـ يۇلتۇز دەپ ئىسىم قويىدى» دەپ كۈرەش قىلغان ئىدى.»[122]

مەرھۇم خەلچەم تىلەشىۋا خانىم ئەسلىمىسىدە يەنە، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە 1957 ـ يىلىدىن باشلانغان «ئىستىل تۈزىتىش» ۋە ئۇنىڭغا ئۇلاپ ئېلىپ بېرىلغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» نىڭ ئىككى يىلدەك داۋاملاشقانلىقىنى، بۇ جەرياندا ئۆتكۈر ئەپەندىنى كۈرەش قىلىش يىغىنلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە، «ئابدۇللا زاكىروف دېگەن يوغان باشلىق» نىڭ غادايغىنىچە كېلىپ قاتناشقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىككى يىللىق كۈرەش جەريانىدا زاكىروف دېگەن يوغان باشلىقمۇ مەخسۇس كېلىپ ئۆتكۈرنى كۈرەش قىلىش يىغىنلىرىغا قاتناشتى. بىراق زاكىروف گېنېرالدەك قېتىپ ئولتۇرغاندىن باشقا ھېچقانداق گەپ ـ سۆز قىلمىدى ۋە پىكىرمۇ قاتناشتۇرمىدى. ئۆتكۈرمۇ بۇ كۈرەش يىغىنلىرىدا غەزەب ـ نەپرەت بىلەن سورالغان سوئاللارغا تېگىشلىك جاۋابىنى بېرىپ، باش ئەگمىدى.»[123]

خەلچەم تىلەشىۋا يەنە يولدىشى ئۆتكۈر ئەپەندى قولغا ئېلىنغان قاباھەتلىك كۈننى ئەسلەپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئاچارچىلىق باشلانغان ئېغىر كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يەنى 1959 ـ يىلى 5 ـ ئايدا

[122] خەلچەم تىلەشىۋا: «ئۆتكۈر ئەپەندىنى ئەسلەيمەن» (تېخى ئېلان قىلىنمىغان قوليازما ھالىتىدىكى ئەسلىمە)، 2 ـ دەپتەر، 120 ـ 118 ـ بەتلەر

[123] خەلچەم تىلەشىۋا: «ئۆتكۈر ئەپەندىنى ئەسلەيمەن» ، 2 ـ دەپتەر، 120 ـ بەت

مۇدىر ئىسمائىل ھېۋىزۇللايېۋ، سېكرېتار سادىر تۇرشا ۋە مەنمۇ كۆرەشكە تارتىلدۇق.»[126]

ئۇ يەنە ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كېيىنچە ‹شەرەپ بىلەن ۋاپات بولغان› بىر مۇئاۋىن رەئىس (ئۇيغۇر) نىڭ ۋە ئوسمان زىيانىڭ قاتنىششى بىلەن يىغىن بولدى. شۇ مۇئاۋىن رەئىسنىڭ مەسئۇللۇقىدا مەكتىپىمىزگە خىزمەت گۇرۇپپىسى چۈشكەن ئىدى. خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنباسار گۇرۇپپا مەسئۇلى ئوسمان زىيا (مائارىپ نازىرى) ئىدى. بىرىنچى قەدەمدە ئىسمائىل ھېۋىزۇللايېۋ بىلەن سادىر تۇرشانى ‹تارىخي مەسىلە› باھانىسىدا كۆرەش قىلدى. كېيىن مېنى يېزىغا ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئۈچ ئايلىق لاگېرغا ـ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئەۋەتتى.»[127]

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسلىمىسىدە، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» باشلىنىپ، كېيىنچە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپقا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوفنىڭ ئورنىغا چىققانلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدا ئېلىپ بېرىلغان «يەرلىك مىللەتچىلەرگە زەربە بېرىش ھەرىكىتى» گە رىياسەتچىلىك قىلغان ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە تىلغا ئالمايدۇ. بەلكى ئۇ «كېيىنچە شەرەپ بىلەن ۋاپات بولغان» مۇئاۋىن رەئىس دەپ كىنايىلىك كود ئىشلىتىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئەسلىمىسىدىكى ئۇچۇرلارغا

[126] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يارقىن ئەسلىمە ـ مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى & شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2013-يىل نەشرى، 126-125-بەتلەر

[127] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يارقىن ئەسلىمە ـ مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم»، 141-بەت

ئاپىرىپ بېرىلدۇق. تۇرمىدە تۇردى سامساق، ئىنايىتۇللا ھىلمى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئەزىز نىيازى، قاجى قۇمار، شۈكۈر يالقىن، ئابدۇۋەلى گۈلى، مۇتەللىپ ئابدۇللا... قاتارلىق يازغۇچى، دوختۇر ۋە ئالىملاردىن 400 دىن ئارتۇق كىشى بار ئىكەن. 1959 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تۈرمە دائىرىلىرى «جىنايەتچى» لەرنى كېچىچە شىگوبى ئەمگەك بىلەن جازالاش مەيدانىغا يۆتكىدى. بىز بارغان شىگوبى ئەسلىدە سانجى ناھىيەسىنىڭ «ئوتۇنكوزا» دېگەن يېرى بولۇپ، دەل ـ دەرەخ ئۆسمەيدىغان قاباھەتلىك بىر ئىچكىي چۆللۈك ئىدى. بۇ چۆلدىن يول تاپالىغانلار قاتتىق بىر يېرىم كۈن ماڭسا، ئاندىن ئەل ـ يۇرت ئارىسىغا ئاران ئۇلىشالايتتى. سۆكسۆك بۇ يەرنىڭ يېقىلغۇسى بولۇپ، سۇ نورمىلىق، ئاشلىق نورمىلىق، ئەمگەك نورمىلىق، تۈرمۈم بەك قاتتىق ئىدى. بۇ كەڭ چۆللۈك بىزنىڭ مۇددەتسىز ئەمگەك مەيدانىمىز ئىدى...»[125]

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ «يارقىن ئەسلىمە ـ مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم» ناملىق ئەسلىمىسىدە، ئەينى يىللىرى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) دا ئېلىپ بېرىلغان «ئىستىل تۈزىتىش»، «ئوڭچىلارغا ۋە يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى كۈرەش» ھەرىكىتى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىستىل تۈزىتىش» باشلانغاندا، مۇئاۋىن رەئىس ئەسئەت ئىسھاقوف مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسىگە مەسئۇل ئىدى... كېيىنچە ئەسئەت ئىسھاقوفنىڭ ئورنىغا ئابدۇللا زاكىروف چىقتى، مەكتەپكە مائارىپ نازىرى ئوسمان زىيا «خىزمەت گۇرۇپپىسى» نى باشلاپ كەلدى... سول خاھىش ئەسەبىيلىكى تۈپەيلى 400 كىشىلىك مەكتەپتىن 80 نەچچە كىشى زەربە ئوبيېكتى قىلىندى.

---

[125] نىزامىدىن ھۈسەيىن: «مېنىڭ كۆڭلىرىم»، 1997 ـ يىل (تۈرمىدە يېزىلغا ئەسلىمە)، كومپيۇتېرغا ئېلىنغان ئا ـ نۇسخا، 19 ـ بەت؛ ب ـ نۇسخا، 6 ـ بەت

ئىبراھىم ئۆمەر، تىيىپجان ئېلىيېف، زىكرى ئەلپەتتا، ئابدۇكېرىم خوجا، مامۇت سابىت، ياسىن خۇدابەردى، ئىمىنوف ھامدۇلار كۆز يۇمدى. مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، ئەسئەت ئىسھاقوفلار كۆز يۇمدى ئەمەسمۇ؟!...»[128]

دېمەك، يوقىرىقى 3 نەپەر مەشھۇر ئۇيغۇر زىيالىيلىسى قالدۇرغان ئەسلىمىلەرنىڭ ھەممىسىدە 1950-يىللارنىڭ ئاخىرى ئېلىپ بېرىلغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» تە ئابدۇللا زاكىروفنىڭ «قارا تىزىملىك» كە ئېلىنغان زىيالىيلار، بىلىم ئادەملىرى ۋە ئەدەب-يازغۇچىلارنىڭ تەقدىرىنى پىچىدىغان «كۈرەش يىغىنلىرى» غا رىياسەتچىلىك قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇلاردىن باشقا ئابدۇللا زاكىروفنىڭ يەنە «يەرلىك مىللەتچىلەر قارا تىزىملىكى» دىكى قانچىلىغان زىيالىيلارنىڭ «كۈرەش يىغىنلىرى» غا قاتنىشىپ، ئۇلار ئۈستىدىن قانداق ھۆكۈملەرنى چىقارغانلىقى ھەققىدە قولىمىزدا ھۆججەتلىك ماتېرىياللار يوق.

---

[128] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يارقىن ئەسلىمە - مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم»، 134-135-بەتلەر

قارىغانـدا، ئەينى ۋاقىتتا شـىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدىن «ئوگچى»، «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن قالپاقلار بىلەن تارتىپ چىقىرىلغان 80 ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىنىڭ تەقدىرىنى «خىزمەت گۇرۇپپىسى» نىڭ بىرىنچى مەسئۇلى بولغان ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇللا زاكىروف بىلەن مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ كەلگەن مائارىپ نازىرى ئوسمان زىيانىڭ پىچقانلىقى ئايان بولىدۇ.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇن قەلەم تەۋرەتكەن «ئەسلىمە» سىنىڭ 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى كەچمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن سەھىپىلىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مېنىڭچە، رەئىس سەيپىدىن ئەزىزى شائىر تېيىپجان ئېلىيوفتىن باشقا ھېچكىمنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا قول ئۇزاتمىدى. تېيىپجان ئېلىيوف تۇرپاندا نەچچە ئاي تۇرمۇش ئۆگىنىش بىلەن قايتىپ كەلدى. زىيا سەمەدى، ئابلەي روزى، باتۇر راشىدىن، داۋۇت تۇرئەخمەت، مۇزەپپەر ئەزىزى، پاتىگۈل سابىتوۋا، چۈنەن جاگابايېۋ، قەبدەش، تۇرسۇن سابىت، خالىسخان قادىر، ئابدۇرەھىم ئەخمىدى قاتارلىق بىر قاتار بىلىم ئىگىلىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئېقىشقا مەجبۇر بولدى. ئۆلگەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ياش نوتىلاردىن قايىسىنىڭ ئالما، قايىسىنىڭ شاپتول كۆچىتى ئىكەنلىكىنى ئۇلاردىن خەۋەردار كىشىلەر بىلىشى مۇمكىن. ئومۇمىييۈزلۈك سولغۇنلۇق 1950 ـ يىللاردىكى قەھەتچىلىكنى كۆچەيتتى. مانا بۈگۈن 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنى. مەن ئەينى يىللارنى ئەسلىگىنىمدە، يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە نەتىجە قازانغان ئەدەب ـ ئالىملارنىڭ، ئەينى يىللاردا زەربىلەنگەنلىرى خېلى چوڭ سالماقنى ھاسىل قىلغانلىقىدىن، ئەگەر ئۇلار 1960 ـ يىللاردىلا نەتىجە قازانغان بولسا جۇمھۇرىيىتىمىزگە قانچىلىك مەنپەئەت بېرەتتى، دەپ ئارمان قىلىمەن. مانا ھازىر ئۇلاردىن زۇنۇن قادىرى، ئەھمەد زىيائىي، پەتتارجان مۇھەممىدى،

بۇ پارتىيە قۇرۇلۇپ مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، دائىمىي ئەزالار يىغىن ئېچىپ: «پارتىيەنىڭ قۇرۇلغانلىقى توغرىلىق مۇۋاپىق بىر پەيتتە غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنى ۋاقىپلاندۇرۇش زۆرۈر» دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پارتىيە رەئىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇ ئىشنى غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلىغا دوكلات قىلماقچى بولىدۇ. ئەمما بۇ ۋاقىتتا مەزكۇر پارتىيەنىڭ 7 نەپەر دائىمىي كومىتېت ئەزاسىدىن بىرى بولغان ئا XX، قورغاس چېگراسى ئارقىلىق سوۋېت تەرەپكە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى يوشۇرۇنچە يەتكۈزۈپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن موسكۋانىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىغان غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى چاقىرتىپ ناھايىتى قوپاللىق بىلەن بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرىدۇ.[129]

سەيپۇللايوف كېيىنكى يازمىلىرىدا «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ ئىشىنى، سوۋېت تەرەپكە ئاشكارىلاپ قويغان كىشىنىڭ كىملىكىنى ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ بىلىدىغانلىقىنى، يەنى بۇ كىشىنىڭ مەزكۇر پارتىيەنىڭ 7 كىشىلىك دائىمىي ئەزاسى ئىچىدىكى «ئا XX» دېگەن كىشى ئىكەنلىكىنى ئىشارە قىلىپ ئۆتىدۇ. بىز «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى 7 كىشىلىك دائىمىي ئەزاسىنىڭ ئىسىم-فامىلىسىنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ كۆرسەك، ئىسمى «ئا» ھەرپى بىلەن باشلانغان كىشىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن ئابدۇللا زاكىروف ئىككەيلەننىڭ بارلىقى، بۇ مەسىلىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، گۇمان ئوبېيكتىنىڭ ئابدۇللا زاكىروف بولىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

---

[129] سەيدۇللا سەيپۇللايوف: «مەن ساھىت بولغان ئىشلار»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2005-يىل نەشرى، 67-66-بەتلەر، 120-116-بەتلەر

## «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نى «ئەكسىيەتچى تەشكىلات» دەپ كۆتۈرۈپ چىقىش

كىتابىمىزنىڭ ئالدىنقى بۆلەكلىرىدە تەكىتلەپ ئۆتۈلگىنىدەك، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» 1945 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، يەنى «11 بىتىم» ئىمزالىنىش ھارپىسىدا غۇلجادا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان مەخپىي پارتىيە ئىدى.

بۇ پارتىيەنى مەخپىي تەشكىللىگۈچىلەر ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بولغان 7 نەپەر ياشتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئابدۇكېرىم ئابباسوف (رەئىس)، سەيپىدىن ئەزىزى (ئەزا)، سەيدۇللا سەيپۇللايوف (ئەزا)، ئەسئەت ئىسھاقوف (ئەزا)، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف (ئەزا)، ئەنۋەر خانبابا (ئەزا) ۋە ئابدۇللا زاكىروف (ئەزا) قاتارلىقلار ئىدى.

مەيلى سەيپىدىن ئەزىزى بولسۇن ياكى سەيدۇللا سەيپۇللايوف بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەسلىمە ۋە ماقالىلىرىدە «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ ئەينى ۋاقىتتا مەخپىي قۇرۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجادىكى كونسۇلخانىسى بىلەن «ئىككىنچى دوم» (ئىككىنچى ئۆي) نىڭمۇ خەۋىرى يوقلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ھالبۇكى،

ئېلىپ، بېيجىڭدىن لەنجوغا قاراپ ئۇچىدۇ ۋە ئۇنى جيۇچۇەندە پىيك دېخۇەيگە تاپشۇرىدۇ.

دېمەك، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ ئىشىنى 1946-يىلى 11-ئايدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف گومىنداڭ قورۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن نەنجىڭغا بارغاندا، بىرىنچى قېتىم خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نەنجىڭدىكى ۋەكىلى دوڭ بىۋۇغا دوكلات قىلغان ئىدى. 1949-يىلى 8-ئايدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن موسكۋا ئارقىلىق ئىلىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ ئىشىنى تېلېگراما ئارقىلىق ئىككىنچى قېتىم بېيجىڭغا دوكلات قىلىدۇ. 1949-يىلى 9-ئايدا سەيپىدىن ئەزىزى ئۆمەك باشلاپ بېيجىڭغا بارغاندا، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ ئىشىنى ئۈچىنچى قېتىم ماۋ زېدۇڭغا دوكلات قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتى بولغان ماۋ زېدۇڭ ھېچ ئىككىلەنمەستىن، بۇ پارتىيەنىڭ مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنى بىۋاستە خىتاي كومپارتىيەسىگە قوبۇل قىلىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ.

ھالبۇكى، 1950-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىكى «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدا، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ خاراكتېرى بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن «ئەكسىل ئىنقىلابىي تەشكىلات» دېگەن قالپاق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەتتا بەزىلەر «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ خاراكتېرىگە «ئەكسىل ئىنقىلابىي تۈس» بېرىش ئارقىلىق، بۇ پارتىيە بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتى بولغان رىقابەتچىلىرىگە زەربە بەرمەكچى بولىدۇ.

دېگەندەك، 1958-يىلىنىڭ باشلىرىدا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» ئەۋجىگە چىققاندا، يەنە شۇ خەلق ئىنقىلابىي

شۇنىڭدىن كېيىن، مەيلى ئۈرۈمچىدىكى ياكى غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلخانىلىرى بولسۇن، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» مەسىلىسىدە ئانچە ئىجابىي قاراشتا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە سەيپۇللايوف مۇنداق بىر ۋەقەنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ: «1947-يىلى يازدا بىتىم بۇزۇلۇپ، ئۈرۈمچىدىن بىر تۈركۈم زىيالىي ياشلار غۇلجاغا كەلدى. بۇ ياشلارنىڭ بىر قىسمى ‹خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى› گە ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى. غۇلجادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ۋالىيېف خ ئى پ گە ئەزا بولغان XX دىن: ‹سەن خ ئى پ گە ئەزا بولدۇڭمۇ؟› دەپ سورىغاندا، ئۇ: ‹ھەئە، ئەزا بولدۇم› دەپ جاۋاب بەرگەندە، مۇئاۋىن كونسۇل: ‹ئۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلات› دېگەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەينى ۋاقىتتا ھەيران قالغان ئىدىم.»[130]

1949-يىلى 9-ئايدا سەيپىدىن ئەزىزى، تۇنجى نۆۋەتلىك خىتاي مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارغىنىدا، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ ئەھۋالىنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلىدۇ. شۇ يىلى 10-ئاينىڭ 23-كۈنى ماۋ زېدۇڭ سەيپىدىن ئەزىزنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىگە ئەزا بولۇپ كىرىش ئىلتىماسىغا ئىمزا قويىدۇ. شۇ كۈنى ماۋ زېدۇڭ بىلەن جۇ ئېنلەي سەيپىدىن ئەزىزنى ئايرىم قوبۇل قىلىدۇ. ماۋ زېدۇڭ شۇ مەيداندا جۇ ئېنلەيگە: «ئۇلارنىڭ ھېلىقى پارتىيەسىنىڭ مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئەزالىقىغا بىۋاسىتە ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇلار كاندىداتلىق مەزگىلىنى ئۆتىمىسىمۇ بولىدۇ،»[131] دەپ يوليورۇق بېرىدۇ. 10-ئاينىڭ 24-كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى ماۋ زېدۇڭ ئىمزا قويغان بۇ خەتنى

---

[130] سەيدۇللا سەيپۇللايوف: «مەن ساھىت بولغان ئىشلار»، 120-بەت

[131] 朱培民/王宝英著：《中国共产党治理新疆史》，第120页

چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

«يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» باشلانغاندا، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ ئەڭ دەسلەپكى 7 نەپەر مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ئىچىدە سەيپىدىن ئەزىزى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىنى، سەيپۇللايوف ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىقىنى، ئەسئەت ئىسھاقوف ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكى ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىكىنى، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتتى. شۇنداقكەن، ئەگەردە «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ سىياسىي خاراكتېرىنى «ئەكسىيەتچىل تەشكىلات» دەپ قارىلىغاندا، يۇقىرىقى 4 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ دومىلاتقىلى بولاتتى. شۇڭا بۇ مەسىلىدە ۋاڭ ئېنماۋنىڭ مەخپىي يولىيورۇقى بىلەن XX، 1958-يىلى «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نى «ئەكسىيەتچىل تەشكىلات» دەپ كۆتۈرۈپ چىققان. ئۇ بۇ پارتىيەنىڭ «ئەكسىل ئىنقىلابىي» خاراكتېرىنى ئىسپاتلاشتا، غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلىنىڭ، 1947-يىلى «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نى «ئەكسىيەتچىل تەشكىلات» دېگەنلىكىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن.

دېگەندەك، 1958-يىلىنىڭ ئاخىرى سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف قاتارلىق «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ ئەڭ دەسلەپكى قۇرغۇچىلىرى، «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى بىلەن سىياسىي سەھنىدىن يىقىتىلدى. ئەمما ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى بېيجىڭنىڭ قارارى بىلەن ساقلاپ قېلىندى. ئۇلارنى قارىلاشتا، ياكى ئۇلارغا

پارتىيەسىنىڭ قۇرغۇچى ئەزالىرىدىن بىرى بولغان ئا XX، بۇ پارتىيەنى «ئەكسىيەتچى تەشكىلات» دەپ كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. سەيپۇللايوف «مەن شاھىت بولغان ئىشلار» ناملىق كىتابىدا ئىككى جايدا بۇ توغرىلىق ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ: «1958 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ‹يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى› ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا، چوڭ يىغىندا XX ئوتتۇرىغا چىقىپ، غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلىنىڭ «خ ئى پ» نى ‹ئەكسىيەتچىل تەشكىلات› دېگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.»[132]

ئۇنداقتا، سەيپۇللايوف بىۋاسىتە ئىسمىنى ئاتىماي پەقەتلا «XX» دېگەن ئىشارە بىلەن تىلغا ئالغان شەخس، نېمە ئۈچۈن خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنى ‹ئەكسىيەتچىل تەشكىلات› دەپ كۆتۈرۈپ چىقىدۇ؟ بۇ يەردە خ ئى پ نى قارىلاشقا نېمە ئېھتىياج تۇغۇلدى؟

ناھايىتى ئېنىقكى، ئۆز ۋاقتىدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى ماۋ زېدۇڭ تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان، سىياسىي خاراكتېرى «ئىنقىلابىي پارتىيە» دەپ بېكىتىلگەن، شۇنداقلا مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنى بىۋاسىتە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىش تەۋسىيە قىلىنغان «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نى «ئەكسىيەتچىل تەشكىلات» دەپ قارىلاش، 1950 ـ يىللارنىڭ شارائىتىدا ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. بۇنىڭغا خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىدىن، ھېچ بولمىغاندا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋدىن بىرەر كۆرسەتمە بولماي تۇرۇپ، XX نىڭ بۇ شامالنى

---

[132] سەيدۇللا سەيپۇللايوف: «مەن شاھىت بولغان ئىشلار»، 67 ـ بەت، 120 ـ بەت

## ئابدۇللا زاكىروفنىڭ 1958-يىلى غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلى بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈشى

### 1) مەخپىي كۆرۈشۈشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ئە. ئى. شالۇنوف، 1958-يىلى 8-ئاينىڭ 18-كۈنى غۇلجادىن موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ئابدۇللا زاكىروف بىلەن غۇلجادا مەخپىي كۆرۈشكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.

شالۇنوفنىڭ تەكىتلىشىچە، 1958-يىلى 6-ئاينىڭ 21-كۈنى، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇلى دوباشىن غۇلجادا زىيارەتتە بولۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن غۇلجادا بىر ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ ئۇچرىشىشقا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىدىن غۇلجاغا كەلگەن ئابدۇللا زاكىروفمۇ قاتناشقان. ئۇچرىشىشتا ئابدۇللا زاكىروف مۇئاۋىن كونسۇل شالۇنوفنى ئايرىم جايغا چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۈمىدنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان. شالۇنوف ئايرىم كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولغان.

«يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كىيدۈرۈشتە، ئۇلارنىڭ «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ غوللۇق ئەزالىرى بولغانلىقىدەك ئارقا كۆرۈنۈشى زادى قانچىلىك رول ئوينىدى؟ ھازىرغىچە قولىمىزدا بار بولغان ھۆججەتلەردە بۇ سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب يوق. ھەتتا شۇ ۋاقىتلاردا چىقىرىلغان ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدىمۇ، ئۇلارنىڭ «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» سەۋەبلىك «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقىنى كىيگەنلىكى توغرىلىق بايانلار ئۇچرىمايدۇ.

باشقۇرغان بولۇپ، خىتايدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا دىپلوماتىيە ساھەسىگە ئارىلىشىدىغان ياكى چەتئەللەر بىلەن ئۆز ئالدىغان ئالاقە قىلىدىغان ھوقۇق بېرىلمىگەن. 1950-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا كونسۇلخانىلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت پەقەتلا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت ئىش پىرىنسىپى بويىچە، تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ خەۋىرى بولماي تۇرۇپ نازارەت دەرىجىلىك بىر ئەمەلدار تۇرماق، ھەتتا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا سوۋېت كونسۇللىرى بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىق ئۇچرىشىش، خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرى توغرىلىق سۆزلىشىش ھوقۇقى يوق ئىدى. 1977-يىلىنىڭ ئاخىرى سەيپىدىن ئەزىزى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى «4 بىرىنچى»[135] ھوقۇقىدىن بىراقلا ئايرىلىپ، بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىلىپ نەزەربەند قىلىنغىنىدا، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «خاتالىقلىرى» ھەققىدە «مەركەزنىڭ 1-نومۇرلۇق ھۆججىتى»[136] نى چىقىرىدۇ. ئارقىدىنلا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «خاتالىقلىرى» ھەققىدە

---

[135] سەيپىدىن ئەزىزى 1972-يىلدىن 1977-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋە ھەربىي رايون پارتكومىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ بىرىنچى سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق 4 چوڭ ھوقۇقنى تۇتقان. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر سەيپىدىن ئەزىزىنى «4 بىرىنچى» دەپ ئاتاشقان

[136] خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978-يىلى يانۋاردا چىقارغان «1-نومۇرلۇق ھۆججىتى» (中共中央1978年1号文件)

شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىملىق مەخپىي كۆرۈشۈش غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن.[133]

شالۇنوف موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتنىڭ باش قىسمىدا، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ بۇ قېتىم غۇلجاغا كېلىشتىكى مەقسىتى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «زاكىروف ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم مەكتەپلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن غۇلجاغا كەلگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ش ئۇ ئا ر پارتىيە كومىتېتى بۇ قېتىم ئۇنىڭغا يەنە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم ئېچىۋاتقان كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ ئەھۋالىغا كۆز-قۇلاق بولۇش ۋەزىپىسىنىمۇ تاپشۇرغان ئىكەن. بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتا زاكىروف ماڭا ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىلەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم ئايرىم-ئايرىم ئۆتكۈزگەن ئىككى كېڭەيتىلگەن يىغىننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.»[134]

يوقىرىقى باياندىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ئابدۇللا زاكىروف، ئاپتونوم رايوننىڭ نازارەت دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن سوۋېت كونسۇلى بىلەن مەخپىي كۆرۈشىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا، دىپلوماتىيە ۋە تاشقىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسىنى، خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى تاشقىي ئىشلار مىنىستىرلىقى ئارقىلىق

[133] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy

http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

[134] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy

http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

ھوقۇقنى كىم بەرگەن؟ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋمۇ ياكى خىتاي تاشقي ئىشلار مىنىستىرلىقمۇ؟

خۇددى سوۋېت كونسۇلى شالۇنوف موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا تەكىتلەپ ئۆتكەندەك، ئابدۇللا زاكىروف ئۇنىڭ بىلەن غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىدا مەخپىي ئۇچراشقان. بەلكىم بۇ ئۇچرىشىشتىن خىتاي دائىرىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تاشقي ئىشلار ئىشخانىسى، ياكى ئىلى ئوبلاستلىق دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇتلەق خەۋىرى بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولمىغىنىدا، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» تە «ۋاڭ ئېنماۋ گورۇھى» نىڭ تەرەپدارى بولۇپ، «سەيپىدىن گورۇھى» دىكى سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفقا قارشى شىددەتلىك ئوت ئاچقان ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىغا چىقىشنى كۆزلىگەن ئابدۇللا زاكىروفنىڭ بۇنداق سەزگۈر ۋە قۇيرۇق تۇتقۇزۇپ قويىدىغان «مەخپىي ئۇچرىشىش» قا تەۋەككۇل قىلىشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

### 2) «51 چىلەر» ۋە «21 لەر» مەجلىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش

ئابدۇللا زاكىروف سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجادىكى مۇئاۋىن كونسۇلى شالۇنوف بىلەن بولغان مەخپىي كۆرۈشۈشتە، ئالدى بىلەن « (يەرلىك مىللەتچىلىك) نىڭ بىر-ئىككى كۈندە پەيدا بولۇپ قالغان ئاددىي بىر ھادىسە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۇزۇن تارىخى بارلىقى» نى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

ئابدۇللا زاكىروف كۆرۈشۈشتە «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى (يەرلىك مىللەتچىلىك) نىڭ

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارغا تارقىتىلىدىغان ئىچكى ماتېرىيال ئېلان قىلىندۇ. بۇ ماتېرىيالدا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ 1950 ـ يىللاردا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىغا خەۋەر قىلمايلا، كۆپ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى بىلەن ئۆز ئالدىغا كۆرۈشكەنلىكى، ئۇنىڭ شۇ يىللاردا مەركەزگە خەت يېزىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن بىۋاستە مەدەنىيەت ئالاقىسى ئېلىپ بېرىش ھوقۇقى تەلەپ قىلغانلىقى، ھەتتا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ 1960 ـ يىلى ۋېيتنام زىيارىتى ئۈچۈن بېيجىڭدا توختاپ ئۆتكەن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى مەركىزىي پرېزىدىيومىنىڭ ئەزاسى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھىتدىنوف (ئۆزبەك) بىلەن ئايرىم ئۇچرىشىشنى تەلەپ قىلغانلىقى، ئەمما جۇ ئېنلەينىڭ كەسكىن رەت قىلىشى بىلەن سەيپىدىننىڭ بۇ ئۇرۇنۇشىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.[137]

ئۇنداقتا، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى بولغان سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ خەۋىرى بولماي تۇرۇپ، ئۈرۈمچى ياكى غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇللىرى بىلەن ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئۇچرىشىش ھوقۇقى بولمىغان يەردە، نازارەت دەرىجىلىك كادىر ھېسابلىنىدىغان ئابدۇللا زاكىروف قانداق قىلىپ غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلى بىلەن ئايرىم ئۇچرىشالايدۇ؟ ئۇنىڭغا بۇ

[137] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن ۋە كادىرلارغا ئىچكى قىسىمدا تارقاتقان ماتېرىيال: «يولداش سەيپىدىننىڭ ئېغىر لۇشيەن خاتالىقىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ئۈرۈمچى، 1978 ـ يىل، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا بېسىلغان ئىچكى نۇسخا، 39 ـ بەت، 52 ـ بەت

غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلى شالۇنوفقا، ئۇيغۇر دىيارىدىكى «يەرلىك مىللەتچىلىك» ھەرىكىتىنىڭ 1951-يىلى غۇلجادا ئېچىلغان «51 چىلەر مەجلىسى» دېگەن باشلانغانلىقىنى، «51 چىلەر مەجلىسى» نى ئەمەلىيەتتە سەيپىدىن ئەزىزى شەخسەن ئۆزى بىر قوللۇق پىلانلاپ، سەيپۇللايوف ۋە مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنىڭ ۋاستىسى بىلەن سەھنىگە ئېلىپ چىققانلىقىنى، غۇلجا ۋە قەشقەردىكى مىللەتچىلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتا سەيپىدىننىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا تەشكىللىنىپ، مەخپىي يىغىن ئۆتكۈزگەنلىكىدەك بىر قاتار ۋەقەلەرنى دوكلات قىلىدۇ.

قىزىلقارلىقى شۇكى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ئابدۇللا زاكىروف، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن نازارەت دەرىجىلىك بىر ئەمەلدار بولۇش سۈپىتى بىلەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىغا ئەمەس، بەلكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجادىكى كونسۇلىغا «شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتچىلىك» ھەققىدە دوكلات قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخى رەسمىي يوسۇندا بۇزۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نازارەت دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارى بولغان ئابدۇللا زاكىروفنىڭ، خىتاينىڭ ئىچكىي ئىشلىرى ھەققىدە سوۋېت كونسۇلىغا مەخپىي مەلۇمات بېرىشى، دىپلوماتىيە قائىدىلىرىگە خىلاپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە خىتايدىكى سىياسىي پرىنسىپ جەھەتتىنمۇ قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى. بۇ ۋەقە تەبىئىي ھالدا كىشىلەردە مۇنداق گۇمانىي سوئاللارنى پەيدا قىلىدۇ: ئابدۇللا زاكىروف 1938-يىلى ئېلىنىپ قالغان سوۋېت رازۋېدكاسىنىڭ سىرتمىقىدىن تاكى 1958-يىلىغا قەدەر قۇتۇلۇپ چىقالمىغانمۇ قانداق؟ ياكى ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبى ۋە رىقابەتچىسى بولغان سەيپىدىن ئەزىزىنى يىقىتىش

1951 ـ يىلى غۇلجادا ئۆتكۈزۈلگەن ‹51 چىلەر مەجلىسى› دىن باشلاپ رەسمىي ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ شالۇنوفقا «51 چىلەر مەجلىسى» نىڭ قانداقتۇر غۇلجادىكى يۇقىرى قاتلام سىياسىي سەرخىللار، ياكى زىيالىيلارنىڭ ئىستىخىيىلىك يوسۇندا بىر جايغا توپلىنىشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئادەتتىكى بىر مەجلىس بولماستىن، بەلكى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ بىر قوللۇق پىلانلىشى، لايىھە تۈزۈشى ۋە يىراقتا تۇرۇپ كۆرسەتمە بېرىشى بىلەن تەشكىللىك ئاساستا ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر سىياسىي يىغىلىش ئىكەنلىكىنى، بۇ يىغىلىشنىڭ تۈپ مەقسىتىنىڭ شىنجاڭدا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.[138]

كۆرۈشۈشتە ئابدۇللا زاكىروف مۇئاۋىن كونسۇل شالۇنوفقا يەنە مۇنۇلارنى بايان قىلغان: «ئۇ ۋاقىتتا سەيپىدىن ئەزىزى دوختۇرخانىدا يېتىۋالغان ئىدى. ئۇ سەيپۇللايوفقا مەخسۇس كۆرسەتمە بېرىپ، بۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن غۇلجاغا ئەۋەتتى. سەيپىدىن ئەزىزى يەنە 5 ـ كورپۇسىنىڭ رادىيو ئالاقىسىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ئورۇنلاشقان ئىمىنوفقا بۇ ھەقتە ئايرىم كۆرسەتمە بەردى ۋە قەشقەردە ئوخشاش تىپتىكى يىغىن ئۇيۇشتۇردى.»[139]

يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئابدۇللا زاكىروف

---

[138] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy

http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

[139] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

ئىدىم. ئەمما مەن بۇ خەتكە، ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىغان ئىدىم، چۈنكى بۇ مەسىلە خېلى چوڭقۇر ئويلىنىدىغان بىر مەسىلە ئىدى. غۇلجادا مۇشۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان بىر قىسىم مەسئۇل كادىرلار باش قوشۇپ ۋە ئۆز-ئارا پىكىرلىشىپ، غەربىي-شىمال بيۇروسىنىڭ پىكىر ئېلىش خېتىگە جاۋاب قايتۇرماقچى بوپتۇ. بۇ مەجلىسكە ۋىلايەت دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئىدارە دەرىجىلىك كادىرلاردىن بولۇپ قاتناشقان ئادەملەرنىڭ سانى 51 بوپتىكەن. مەن بۇ خەۋەرنى شۇ ۋاقىتتا غۇلجاغا بېرىپ قايتقان سەيپۇللايوفتىن ئاڭلىدىم. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غەربىي-شىمال بيۇروسىغا يازغان جاۋاب خېتىنى سەيپۇللايوفقا تاپشۇرغان ئىكەن، مەن خەتنى كۆرۈپ ناھايىتى قاتتىق نارازى بولدۇم. سەيپۇللايوفنىمۇ شۇ مەجلىسكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن تەنقىد قىلدىم.»[140]

سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە يەنە، غۇلجادا «51 چىلەر مەجلىسى» ئېچىلغاندىن كېيىن، ۋاڭ جېننىڭ چاپانىنى تەتۈر كىيىپ، غۇلجادىكى بۇ مەجلىسنىڭ قانداق شارائىت ۋە زۆرۈرىيەت ئاستىدا ئېچىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا، مەجلىس قاتناشچىلىرىنى بىردەك «تەتۈر ئىنقىلابچىلىق» بىلەن ئەيىبلىگەنلىكىنى تىلغان ئالىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزىنىڭ ئارىغا كىرىپ ۋاڭ جېن، شۇ لىچۈەنىڭ ۋە دېڭ لىچۈن قاتارلىق شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى، «51 چىلەر مەجلىسى» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەرنىڭ بەزىلىرى توغرا بولسىمۇ، ئەمما بەزى پىكىرلەرنىڭ خاتا بولغانلىقىنى، «خاتا قويۇلغان پىكىر» لەرنى ئەلۋەتتە تەنقىت قىلىش لازىملىقىنى، ئەمما مەسىلىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، ئاندىن بىر قارارغا

[140] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 213-214-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 107-106-بەتلەر

ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئۆلتۈرمىغانمۇ؟

«ۋىلسون مەركىزى» ئاشكارا قىلغان بۇ دوكلاتتا، ئابدۇللا زاكىروف ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئاتالمىش «يەرلىك مىللەتچىلەر»، ئۇلارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى ۋە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە سوۋېت تەرەپكە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئەسلىدە «شىنجاڭدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق يەرلىك مىللەتچى ئىكەنلىكى»، ئۇنىڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ يەرلىك مىللەتچىلەرنى قوغدىغانلىقى، ئەمما خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى تەسىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى ساقلاپ قالغانلىقى ھەققىدىكى ئىچكىي ئەھۋاللار شىكايەت تەرىقىسىدە تەكىتلەپ ئۆتۈلىدۇ. بۇ دوكلاتتىن ئابدۇللا زاكىروفنىڭ سەيپىدىن ئەزىزگە بولغان خۇسۇمىتى، ئۇنىڭ يىقىلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى، ئەمما ئىشلارنىڭ ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ داۋاملىق ساقلىنىپ قالغانلىقى ئەپسۇسلۇق تەلەپپۇزى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ.

ھالبۇكى، سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىنىڭ 3-تومىدا، 1951-يىلى 3-ئاينىڭ 4-كۈنى غۇلجادا ئېچىلغان «51 چىلەر مەجلىسى» دىن ئۆزىنىڭ سەيپۇللايوف ئارقىلىق خەۋەر تاپقانلىقىنى، سەيپۇللايوفنى بۇ يىغىنغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن قاتتىق تەنقىت قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ يىغىن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1951-يىلى غەربىي-شىمال بيۇروسى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مىللىي كادىرلارغا ‹ئاپتونومىيە توغرىسىدا پىكىر ئېلىش خېتى› دېگەن بىر ئالاقە خېتى تارقاتقان ئىدى، جۇملىدىن مەنمۇ بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان

خىتاي ھۆكۈمەت تارىخچىلىرى كېيىنكى يىللاردا ئېلان قىلغان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنى ئىدارە قىلىش تارىخىغا دائىر كىتابلاردا، 1951-يىلى قەشقەردە مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنىڭ رىياسەتچىلىكىدە غۇلجادىكى «51 چىلەر مەجلىسى» بىلەن ئوخشاش مەزمۇندىكى بىر يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقى، بۇ يىغىندا «ئۇيغۇرىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ھەققىدە «خاتا پىكىر» لەرنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارىخچىسى لى شېڭ، «جۇڭگو شىنجاڭ: يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: « ‹ئىلى سۆھبەت يىغىنى› دا ئەكس-ئەتكەن، بۆلگۈنچىلىك خاھىشى بولغان خاتا ئىدىيە ۋە سۆز-پىكىرلەر شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى نامايان قىلدى. مەسىلەن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدىمۇ ‹ئۇيغۇرىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى› قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان خاتا سۆز-پىكىرلەر بولدى. ھەتتا شىنجاڭنى ‹سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىپ›، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر رېسپۇبلىكىسى قىلىشتەك بۆلگۈنچىلىك تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارمۇ بولدى.»[143]

دېمەك، ئابدۇللا زاكىروف بۇ قېتىملىق مەخپىي كۆرۈشۈشتە سوۋېت كونسۇلىغا، 1951-يىلى غۇلجادا ئېچىلغان «51 چىلەر مەجلىسى» بىلەن قەشقەردە ئوخشاش ۋاقىتتا مۇھەممەتئىمىن

كادىرلارغا ئىچكى قىسىمدا تارقاتقان ماتېرىيال: «يولداش سەيپىدىننىڭ ئېغىر لوشيەن خاتالىقىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ئۈرۈمچى، 1978-يىل، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا بېسىلغان ئىچكى نۇسخا، 36-35-بەتلەر

[143] لى شېڭ: «جۇڭگو شىنجاڭ: يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش»، غالىپ ياسىن تەرجىمىسى، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى

كېلىش زۆرۈرلىكىنى چۈشەندۈرگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. ئەمما سەيپىدىن ئەزىزى بۇ ھەقتە قانچىلىك چۈشەنچە بەرمىسۇن، ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى، بۇ مەجلىسكە قاتناشقانلار ئۈستىدىن «51 چىلەر ئەكسىيەتچىل ھەرىكىتى» دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ.[141]

سەيپىدىن ئەزىزى 1950-يىللاردىن 1970-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىش بېشىدا تۇرغانلىقى، شۇنداقلا ماۋ زېدوڭنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكى سەۋەبلىك، «51 چىلەر» مەسىلىسىدە كۆپ قېتىملىق سىياسىي بوران-چاپقۇنلاردىن ئامان-ئېسەن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ھوقۇقتىن دومىلىغاندىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسى ئۇنىڭدىن بۇ كونا ھېسابنى بەرىبىر ئالىدۇ. 1978-يىلى 1-ئايدا خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «خاتالىقلىرى» بويىچە مەركەزنىڭ «بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتى» نى چىقارغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «سەيپىدىننىڭ ئېغىر لۇشيەن خاتالىقىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» تۈزۈپ، ئىچكى جەھەتتە تارقىتىدۇ. مەزكۇر ماتېرىيالدا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ 1951-يىلى سەيپۇللايوفنى غۇلجاغا ئەۋەتىپ «51 چىلەر مەجلىسى» نى تەشكىللىگەنلىكى، ئوخشاش ۋاقىتتا يەنە ئىمنوفقا كۆرسەتمە بېرىپ، قەشقەردە ئوخشاش مەزمۇندىكى بىر يىغىن ئاچتۇرغانلىقى، كېيىنچە شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ سۈرۈشتە قىلىشى ئارقىسىدا سەيپىدىننىڭ ئۆز خاتالىقىنى تونۇغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.[142]

---

[141] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 213-214-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 107-بەت

[142] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن ۋە

ئابدۇللا زاكىروف سوۋېت كونسۇلىغا دوكلات قىلغان قازاق سەرخىللىرىنىڭ 1951 - يىلى ئۈرۈمچىدە «21 لەر مەجلىسى» ئاچقانلىقى ھەققىدىكى مەسىلىنى، سەيپىدىن ئەزىزىمۇ ئەسلىمىسىنىڭ 3 - تومىدا تەستىقلايدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا بىر قازاق ئوبلاستى قۇرۇش دېگەن مەسىلە خېلى جىددىي مۇزاكىرە قىلىندى. بۇنىڭدا ئىككى خىل پىكىر بولدى. بۇنىڭ بىرى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر قازاق ئوبلاستى قۇرۇش؛ يەنە بىرى ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايىتىنى ئايرىم-ئايرىم ئىككى قازاق ئوبلاستى قىلىش. بۇ پىكىرلەر جىددىي تالاش-تارتىش بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە بىر قىسىم كىشىلەر باشقىچە پىكىرلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر پىكىر 〈ئۈچ تۈتۈننى بىرلەشتۈرۈپ، بىر ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكا قۇرۇش〉 لايىھەسىدۇر. بۇ 〈ئۈچ تۈتۈن〉 نى بىرلەشتۈرۈش دېگىنى- سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە شىنجاڭدىكى قازاقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر بىرلەشمە ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكا قۇرۇش. بۇنىڭ مەنىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارىمىقىدىكى بىر رېسپۇبلىكاغا ئوخشىسا كېرەك. بۇ پىكىرنى شۇ ۋاقىتتىكى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى جاغدا بابالىكوف دېگەن ئادەم تەشەببۇس قىلىپ، ئۈرۈمچىدە 21 كىشىلىك مەجلىس ئاچقان ۋە قايتا-قايتا مۇزاكىرە قىلىشقان ئىكەن. بۇ مەسىلە شىنجاڭ شۆبە بيۇروغا كېلىپ مۇزاكىرە قىلىنغاندا قەتئىي رەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن 21 كىشىلىك لايىھەمۇ ئوتتۇرىغا چىقالماي قالدى.»[145]

دېمەك، ئابدۇللا زاكىروف غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلى شالۇنوف

---

[145] سەيپىدىن ئەزىزى، «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخادا بۇ بايان بېرىلمىگەن؛ ب نۇسخا، 85-بەت.

ئىمىنوفنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىچىلغان يىغىنىنىڭ پەردە ئارقىسىدا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بارلىقىنى پاش قىلىدۇ.

ئۇنداقتا، ئابدۇللا زاكىروف بۇ قېتىملىق كۆرۈشۈشتە سوۋېت كونسۇلىغا ئاشكارا قىلغان «21 لەر مەجلىسى» قانداق ۋەقە؟ ئۇنى كىملەر، قانداق مەقسەتتە ئاچقان؟

ئابدۇللا زاكىروف «21 لەر مەجلىسى» ھەققىدە سوۋېت كونسۇلى شالۇنوفقا مۇنۇلارنى ئاشكارا قىلىدۇ: «1951-يىلى ئۇيغۇر سەرخىللىرى غۇلجادا ‹51 چىلەر مەجلىسى› نى ئېچىۋاتقان مەزگىلدە، قازاق سەرخىللىرىمۇ جاغدا بابالىكوفنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈرۈمچىدە مەخپىي باش قوشۇپ، ‹21 لەر مەجلىسى› ئاچىدۇ. ئۇلار بۇ يىغىندا ئەگەردە شىنجاڭدا ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا مەزكۇر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنىڭ تەركىبىدە قازاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش، ھەمدە ئۇنىڭ تېرىتورىيەسىگە شىمالدىكى 3 ۋىلايەتنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۈرۈمچى ۋە قومۇل ۋىلايەتلىرىدىكى قازاقلارنى كىرگۈزۈش لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ. ‹21 لەر مەجلىسى› دە جاغدا بابالىكوف ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قازاق سەرخىللىرى ئىككىنچى بىر لايىھەنىمۇ مۇزاكىرە قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شىمالىي شىنجاڭدىكى قازاقلارنىڭ موڭغولىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى قازاقلار بىلەن بىرلىكتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇلۇپ كېتىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان...»[144]

[144] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

قاتارلىق كادىرلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى خىتاينىڭ مىللەتلەر سىياسىتىدە ساقلانغان ئېغىر مەسىلىلەرنى بىرمۇ-بىر ئوتتۇرىغا قويدۇ.

ئابدۇللا زاكىروف بۇ ھەقتە شانۇنوفقا مۇنۇلارنى بايان قىلدۇ: «1957-يىلى مايدا ئېچىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا، ماۋ زېدوڭنىڭ ‹خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا› ناملىق ئەسىرى مۇھاكىمە قىلىندى. بۇ قېتىم يەرلىك مىللەتچىلەر بۇرۇنقىدەك شىنجاڭدا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش توغرىلىق ۋەز ئېيتمىدى. ئەمما ئۇلار نۇقتىلىق ھالدا خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ شىنجاڭغا يامراپ كەتكەنلىكى، شىنجاڭدىكى پارتىيە ئورگانلىرى، سودا ۋە مالىيە تارماقلىرىنىڭ پۈتۈنلەي خىتايلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، يەرلىك ئورگانلارنىڭ خىتاي ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن كۆچمەن خىتايلار بىلەن تولغانلىقى، بولۇپمۇ پارتىيە ۋە ئارمىيەگە تەۋە ئورگانلاردىن مىللىي كادىرلارنىڭ سىقىپ چىقىرىلغانلىقى ۋە بۇ ئورۇنلارنىڭ خىتايلارغا ئۆتۈپ قالغانلىقى، بىڭتۇەننىڭ شىنجاندىكى ئەڭ ياخشى يەرلەرنى ئىگىلىۋالغانلىقى ھەققىدە جار سالدى. ئۇلار يەنە غۇلجانىڭ ئەھۋالىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىپ، پارتكومغا تەۋە ئورگانلار بىلەن سودا ساھەسىدىكى ئورگانلاردا ئاساسەن دېگۇدەك مىللىي كادىرلارنىڭ يوقلىقىدىن ۋايسىدى. يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ قارىشىچە، ‹ئاپتونوم رايون› دېگەن بۇ ئورگان پۈتۈنلەي بىر شەكىل بولۇپ، يەرلىك مىللىي كادىرلارنىڭ قولىدا ھېچقانداق ھوقۇق يوقمىش، ھەممە ئىشنى خىتايلار بىر تەرەپ قىلارمىش. مەن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ‹شىنجاڭ سىنىپى› دىكى بىر قىسىم مىللىي كادىرلارمۇ

بىلەن بولغان مەخپىي كۆرۈشۈشتە، 1951 ـ يىلى غۇلجادا ئېچىلغان «51 چىلەر مەجلىسى»، قەشقەردە مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ھەققىدىكى سۆھبەت يىغىنى، ھەمدە شۇ مەزگىللەردە قازاق سەرخىللىرىنىڭ جاغدا بابالىكوفنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۈرۈمچىدە ئاچقان «21 لەر مەجلىسى» ھەققى-دىكى تەپسىلاتلارنى ئاشكارىلايدۇ.

### 3) 1957-يىلىدىكى ماي كېڭەيتىلگەن يىغىنى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش

ئابدۇللا زاكىروف سوۋېت كونسۇلى شالۇنوف بىلەن ئۆتكۈزگەن مەخپىي سۆھبەتتە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ 1957 ـ يىلى مايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزگەن كېڭەيتىلگەن يىغىنى ۋە بۇ يىغىندا ئوتتۇرىغا چۈشكەن بىر قاتار پىكىرلەر ھەققىدىمۇ مەلۇمات بېرىدۇ.

مەلۇمكى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1957 ـ يىلىدىكى ماي كېڭەيتىلگەن يىغىنى، ئۇيغۇر دىياردا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» قوزغاشنىڭ دەسلەپكى تەييارلىقى بولغان ئىدى. بۇ قېتىملىق يىغىنغا قاتناشقان ئاساسلىق ئۇيغۇر كادىرلار، بولۇپمۇ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇرەھىم ئەيسا، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى زىيا سەمەدى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى ئىبراھىم تۇردى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى ئابدۇرەھىم سەئىدى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ نازىرى ئابلىز قارى

كېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، پارتىيەگە ۋە باشقا مىللەتلەرگە، بولۇپمۇ خەنزۇ خەلقىغە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ كەلدى، ھەتتا پارتىيە ۋە خەلق بىلەن ئوچۇقتىن-ئوچۇق دۈشمەنلەشتى. ئۇلار ئۆتكەن يىلى مايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا بىر مۇقامدا ناخشا ئېيتىپ، ئوتتۇرىغا بىلەن ‹مىللىي كادىرلاردا خىزمەت بار، ھوقۇق يوق›، ‹خەنزۇلار تەختتىن چۈشسۇن›، بارلىق ئاپتونوم ئورۇنلار، ھەتتا ھەربىي قوشۇنلار ۋە پارتىيە كومىتېتى ئورۇنلىرى بىز دېگەندەك ‹مىللىيلەشتۈرۈلسۇن› - دەپ جار سالدى... ئۇلار شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىدا زور ھەسسىلەرنى قوشۇۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيەسىنى قارشى ئالماي ۋە قوللىمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى. ئۇلارنى كۆزىگە قادالغان مىق دەپ ھېسابلاپ، جېنىنىڭ بېرىچە ھاقارەتلىدى ۋە قارىلىدى. ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشى ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيەسى تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ كۆپچىلىكى خەنزۇ بولغانلىقىدىندۇر. ئۇلار خەنزۇلارنى دائىم ‹خىتاي›، ‹تۇڭگۇز›، ‹قاراقچى›، ‹بالايى-ئاپەت›، ‹ماڭقا› ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق زەھەرلىك پەس سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەپ كەلدى.»[147]

دېمەك، 1957-يىلى مايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسا باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر كادىرلار ئاتالمىش «ئاپتونومىيە» مەسىلىسىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى

[147] «ئوڭچى، ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرېھىم ئەيسالارنىڭ پارتىيىگە قارشى ئەكسىيەتچى بىلوكى ئۇزۇل-كېسىل تار-مار قىلىندى»، «ئالغا» ژۇرنىلى، 1958-يىللىق 5-سان

يوقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى ئېيتىپ قاخشىغان ئىدى.»[146]

ئابدۇللا زاكىروفنىڭ يوقىرىقى بايانلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلىغا 1957-يىلىدىكى ماي كېڭەيتىلگەن يىغىنغا قاتناشقان ئاتالمىش «يەرلىك مىللەتچى» كادىرلاردىن كىملەرنىڭ نېمە دېگەنلىكى، قايسى مەسىلىلەردە خىتاي كومپارتىيەسىنى ئەيىبلىگەنلىكى ۋە «مىللەتچىلىك زەھەر-لىرى» نى تارقاتقانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئابدۇللا زاكىروف سوۋېت كونسۇلىغا بىرمۇ-بىر دوكلات قىلغان يوقىرىقى «مەسىلىلەر» 1958-يىلى زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچىلىك» جىنايىتى بىلەن جازالانغان ئۇيغۇر كادىرلار ھەققىدە چىقىرىلغان ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدىمۇ يەر ئالغان.

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «ئالغا» ژۇرنىلىنىڭ 1958-يىللىق 5-سانىدا، «ئوگچى، ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرېھىم ئەيسالارنىڭ پارتىيىگە قارشى ئەكسىيەتچى بىلوكى ئۇزۇل-كېسىل تار-مار قىلىندى» سەرلەۋھەلىك باش ماقالە ئېلان قىلىنغان. ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى، ئابدۇرېھىم ئەيسالار ئەزەلدىنلا ئىنتايىن ئۇچىغا چىققان بۇرژۇئا مىللەتچىلىرى ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن پارتىيە ئۇلارغا ئۆزلۈكسىز تەربىيە بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئا مىللەتچىلىك مەيدانىدىن ۋاز

---

[146] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش غايىسىنىڭ خاتا ئىدىيە ئىكەنلىكى، بۇنىڭ خىتاينىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ 1955-يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇپ توغرا قىلغانلىقى ھەققىدە ۋەز ئېيتىدۇ. ھالبۇكى، جۇ ئېنلەينىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە ھەققىدىكى سۆزلىرى چىڭداۋ يىغىنىغا قاتناشقان سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف قاتارلىق «شىنجاڭ ۋەكىللىرى» نى قايىل قىلالمايدۇ. يىغىندا ئۇلار خىتاي باش مىنىستىرى جۇ ئېنلەينىڭ «شىنجاڭدىكى 13 مىللەت ئۈچۈن 13 ‹ئىستان› قۇرۇپ بەرگىلى بولمايدۇ، ‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى› دېيىلگەندە ئاپتونومىيە قالپىقى بەرىبىر ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كىيىلدى-ئەمەسمۇ،» دېگەن سۆزلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىدە يۈزدىن ئارتۇق مىللەت ياشايدۇ. ئەمما سوۋېت ھۆكۈمىتى قازاقلارنىڭ مەزكۇر جۇمھۇرىيەتتىكى ئاساسلىق يەرلىك ئاھالە ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، قازاقلارنىڭ نامىدا قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى زۆرۈر دەپ ھېسابلىغان. شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇنداقكەن، نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلسا بولمايدۇ؟» دەپ سوئال قويىدۇ.[149]

چىڭداۋ يىغىنىدىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئىچكىي قىسىمدا ئايرىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت»

[149] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

ۋاڭ ئېنماۋ رەھبەرلىكىدىكى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تىنتاڭ تومۇرىغا تەگكەن. خۇددى ئابدۇللا زاكىروف غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلىغا ئاشكارا قىلغىنىدەك، بۇ قېتىمقى يىغىندا ئۇيغۇر كادىرلار «ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى» ھەققىدە ئېغىز ئاچمىغان. چۈنكى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، يەنى 1955-يىلى 10-ئايدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» نىڭ قۇرۇلۇشى، ئۇلارغا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىك ھوقۇق بەرمەيدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ قېتىملىق كېڭەيتىلگەن يىغىندا، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ»، ئاپتونومىيە مەسىلىسىدە ساقلىنىۋاتقان ئېغىر مەسىلىلەر بويىچە، خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى بىرلەشمە ھۇجۇمغا ئۆتكەن.[148]

### 4) «چىڭداۋ يىغىنى» ھەققىدە مەلۇمات بېرىش

ئابدۇللا زاكىروف غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلى بىلەن ئېلىپ بارغان مەخپىي كۆرۈشۈشتە، «يەرلىك مىللەتچىلەر» نىڭ 1957-يىلى ئاۋغۇستتا چىڭداۋدا ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەتلىك مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى» دا يەنە بىر قېتىم تېرە تاشلاپ، ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارا قىلغانلىقىنى دوكلات قىلىدۇ.

1957-يىلى 4-ئاۋغۇست كۈنى خىتاي باش مىنىستىرى جۇ ئېنلەي چىڭداۋ يىغىنىدا خىتايدىكى مىللەتلەر مەسىلىسى بويىچە ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلەپ، شىنجاڭدا «ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش

[148] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

قىلغان ئىكەن.»[151]

سوۋېت كونسۇلى شالۇنوۋ دوكلاتىدا يەنە، ئابدۇللا زا-كىروفنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈردى: «بەزى يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ كاللىسىدا مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىدىيەسى ئۈزۈلدىن بويان ساقلىنىپ كەلگەن. يەنە بەزىلىرىدە بولسا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۆنلۈكى ئاستىدا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسى بولغان. گەرچە ئۇلارنىڭ ئالىي ئاپتونومىيە ھەققىدىكى قاراشلىرىدا قىسمەن پەرقلەر مەۋجۇتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۆلگۈنچىلىكتىن ئىبارەت بىر ئومۇمىي خاھىشتا ئورتاقلىققا ئىگىدۇر. شۇڭا يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ ھەممىسى خىتايلار بىلەن بىللە خىزمەت قىلىشنى خالىمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ.»[152]

### 5) «ئىمىنوف مەسلىسى» بىلەن «ئىبراھىم تۇردى مەسلىسى» دە سەيپىدىن ئەزىزىنى قارىلاش

ئابدۇللا زاكىروفنىڭ غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلى شالۇنوفقا ئاشكارىلىغان مەلۇماتلىرى ئىچىدە، سەيپىدىن ئەزىزى ئۈستىدىن قىلغان شىكايەتلىرىمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

---

[151] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

[152] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

قوزغاشنى، شۇ ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن ۋە ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان ئۇيغۇر كادىرلىرى ۋە زىيالىيلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىشنى قارار قىلىدۇ. خۇددى سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىنىڭ 3-تومىدا ئېيتقىنىدەك: «چىڭداۋ يىغىنى ئەمەلىيەتتە ‹يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش› كە ئىدىيەۋىي تەييارلىق قىلىش يىغىنى بولغان ئىدى.»[150]

شالۇنوفنىڭ موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ چىڭداۋ يىغىنىغا قاتناشقان «شىنجاڭ ۋەكىللىرى» ۋە ئۇلارنىڭ تەكلىپ-پىكىرلىرى ھەققىدە رۇس كونسۇلىغا بەرگەن مەلۇماتلىرى ئورۇن ئالغان. ئابدۇللا زاكىروف شالۇنوفقا سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف قاتارلىقلارنىڭ خىتاي باش مىنىستىرىغا سوئال قويۇپ نېمىلەر دېگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جۇ ئېنلەي بىلەن جاھىللارچە تارتىشقانلىقىدەك ئەھۋاللارنى ئاشكارىلايدۇ.

شالۇنوف دوكلاتىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئابدۇللا زاكىروفنىڭ دېيىشىچە، چىڭداۋ يىغىنىدا شىنجاڭ ۋەكىللىرى جۇ ئېنلەينىڭ ئاپتونومىيە ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلمىغانلىقى، ئۆز تەشەببۇسلىرىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، يەرلىك مىللەتچىلىك مەسىلىسى بويىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىشنى قارار

---

[150] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 215-بەت، ب-نۇسخا، 108-بەت

ئۇنىڭ بۇ قېتىم غۇلجاغا بېرىشتىكى كونكرېت ۋەزىپىسىدىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى بولغان سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ خەۋىرى بارمىدى؟

سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 3 ـ تومىدا، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» باشلانغاندا ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئەتراپىدا بىر قىسىم «ئاكتىپ مىللىي كادىرلار» نىڭ مەخپىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ قەيەردىندۇر ئالغان بىر تۈرلۈك مەخپىي «يولىيورۇقلار» بويىچە، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ دوكلاتىدىكى «يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيەسىگە قارشى كۈرەش» دېگەن ئىبارىنى، «يەرلىك مىللەتچىلىك ئەكسىيەتچىل ھەرىكىتىگە قارشى كۈرەش» دەپ ئۆزگەرتىش ھەققىدە چوقان سالغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۆۋەندىن كەلگەن چارە كۆرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتلارغا قارايدىغان بولساق، ئادەم چۆچۈگىدەك گەپلەر بار ئىدى. مىسال ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە تېببىي ساھەلەردىكى كادىرلارغا چارە كۆرۈشتە بىر رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان ئىكەن. بۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا زاكىروف بولۇپ، بۇلاردىن كەلگەن دوكلاتلارغا قارايدىغان بولساق، «80 پىرسەنت ئادەمگە چارە كۆرۈش، قالغانلارغا گۇمانلىق ئادەم دەپ قاراش...» دەپ يېزىلغان ئىكەن.»[154]

دېمەك، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» باشلىنىشىنىڭ ئالدىدىلا ۋاڭ ئېنماۋ بىر قىسىم «ئاكتىپ مىللىي كادىرلار» نى،

---

[154] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە ـ 3) ئا ـ نۇسخا، 221 ـ بەت؛ ب ـ نۇسخا، 112 ـ بەت

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، 1958-يىلى 6-ئاينىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى دوباشىنغا ھەمراھ بولۇپ غۇلجاغا بارىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1957-يىلى 12-ئاينىڭ 16-كۈنى ئۈرۈمچىدە باشلىغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» بويىچە كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئەمدىلا ئاخىرلاشقان كۈنلەر ئىدى. ئۈرۈمچىدە كېڭەيتىلگەن يىغىن ئاخىرلىششى بىلەن جايلاردا، بولۇپمۇ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن قەشقەرنى ئاساس قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبە پارتكومىدا، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» بويىچە كېڭەيتىلگەن يىغىن باشلىنىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزنىڭ بۇ قېتىملىق غۇلجا سەپىرىگە ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى ئۆتەۋاتقان ئابدۇللا زاكىروفمۇ ھەمراھ بولىدۇ. ئەمما ئۇ غۇلجادىكى مۇئاۋىن سوۋېت كونسۇلى شالۇنوفقا ئۆزىنىڭ ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومدا ئېچىلىۋاتقان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» بويىچە كېڭەيتىلگەن يىغىنغا نارازىچىلىق قىلىش، مائارىپ ساھەسى ۋە مەكتەپلەردىكى «يەرلىك مىللەتچىلىك» ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى بىلەن كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.[153]

ئۇنداقتا، سەيپىدىن ئەزىزگە ھەمراھ بولۇپ غۇلجاغا بارغان ئابدۇللا زاكىروف نېمە ئۈچۈن غۇلجادىكى مۇئاۋىن سوۋېت كونسۇلى شالۇنوف بىلەن مەخپىي كۆرۈشىدۇ؟ ئۇنىڭ سەيپىدىن ئەزىزدىن يوشۇرىدىغان قانداق مەخپىيەتلىكلىرى بار ئىدى؟

---

[153] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

قوغداپ قالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىندا تىلغا ئېلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقىدىن ئىكەن.»[156]

بۇ بايانلارغا قارىغاندا، ئابدۇللا زاكىروف ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنى «يەرلىك مىللەتچىلىك» بىلەن ئەيىبلىمەكچى بولغان، يەنى ئۇنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىندا تەنقىد قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلغان. ئەمما سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئارىغا چۈشۈپ ئىمىنوفقا «چاپان يېپىشى» بىلەن، ئۇنىڭ «يەرلىك مىللەتچى» لەر قاتارىدا تەنقىد قىلىنىشتىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىدىن شىكايەت قىلغان. ئۇنداقتا، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنى «يەرلىك مىللەتچىلىك» بىلەن ئەيىبلىمەكچى بولغانلىقىدىكى مەقسىتى زادى نېمە ئىدى؟ ئۇ راستىنلا سەيپىدىن ئەزىزى تەكتىلىگەندەك ئىمىنوفنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ئورنىغا كۆز تىككەنمۇ؟

ھالبۇكى، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنى «يەرلىك مىللەتچىلىك» بىلەن ئەيىبلەشتىكى تۈپ مەقسىتىنى، ياكى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق بىر شەخسىي خۇسۇمەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھۆججەتلەر قولىمىزدا يوق. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» تە سەيپىدىن ئەزىزى مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنى قوغداپ قالالمايدۇ. 1959 ـ يىلىغا بارغاندا ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولىدۇ.

شالۇنوف موسكاۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا يەنە مۇنۇلارنى يازىدۇ:

[156] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

بولۇپمۇ ئابدۇللا زاكىروف باشچىلىقىدىكى سەيپىدىن ئەزىزگە قارشى گۇرۇھتىكى كادىرلارنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، بىرلىكسەپ ھاسىل قىلىشقا ئۇرۇنغان. ئۇلار ۋاڭ ئېنماۋنىڭ «يولىيورۇقى» بويىچە كىملەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلىش، كىملەرنى سىياسىي جەھەتتىن يېتىم قالدۇرۇش شۇنداقلا مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە تىببىي ساھەدىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرىغا قانداق زەربە بېرىشنىڭ بىر يۈرۈش پىلانلىرىنى ئالدىن تۈزۈپ تەييار قىلىشقان. شۇڭا سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «ئۇلارنىڭ مەقسىتى مېنى ۋە مېنىڭ ئەتراپىمدىكى سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف قاتارلىق سەپداشلىرىمنى يىقىتىش، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆزلىرى ئولتۇرۇش ئىدى.»[155] دەيدۇ.

غۇلجادىكى مۇئاۋىن سوۋېت كونسۇلى شالۇنوف موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «زاكىروف كېڭەيتىلگەن يىغىننىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىكى ئەھۋاللار ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، پارتىيە ئىچىدىكى بىۋاسىتە تەنقىدنىڭ ئاساسلىقى زىيا سەمەدوف، ئابدۇرەھىم ئەيسايېۋ، سەيپۇللايېۋ، ئەسئەت ئىسھاقوف، ئىبراھىم تۇردى ۋە باشقىلارغا قارىتىلغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى. زاكىروفنىڭ تەكىتلىشىچە، ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى (خەلق ھۆكۈمىتى) نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمىنوف بۇ قېتىملىق تەنقىدتىن مۇستەسنا قالغان. يەنى، ئىمىنوف ‹يەرلىك مىللەتچى› لەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، تەنقىد قىلىنمىغان. ھالبۇكى، ئەمەلىي پاكىتلار ئىمىنوفنىڭ بىر ‹يەرلىك مىللەتچى› ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىكەن. ئىمىنوفنىڭ بۇ قېتىملىق تەنقىدتىن قۇتۇلۇپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، سەيپىدىن ئەزىزوفنىڭ ئۇنى

[155] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە ـ 3)، ئا ـ نۇسخا، 216 ـ 218 ـ بەتلەر؛ ب ـ نۇسخا، 109 ـ بەت

بۋاستە مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقى ئېنىق بولغان. زاكىروفنىڭ تەكىتلىشىچە، سەيپىدىن ئەزىزوف ئەمەلىيەتتە يەرلىك مىللەتچىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ھالقىلىق شەخس ئىكەن.»[157]

ئابدۇللا زاكىروف سوۋېت كونسۇلى شالۇنوفقا يەنە، ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى ئوتتۇرىسىدا مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تالاش-تارتىشلار ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگە ھالدا مەلۇمات بېرىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئىبراھىم تۇردى ئوتتۇرىسىدىكى يۇزلىشىشتىن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «قۇيرۇقى» نى تۇتۇۋالغان ۋاڭ ئېنماۋ، دەرھال خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا بۇ ئىشنى مەلۇم قىلىپ، يوليورۇق سورايدۇ. ھالبۇكى، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سەيپىدىن ئەزىزى توغرىسىدا ۋاڭ ئېنماۋنىڭ كۆتكىنىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان بىر قارارنى چىقىرىدۇ. بۇ قارار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئابدۇللا زاكىروفنىمۇ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ.

شالۇنوف موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «زاكىروفنىڭ بايان قىلىشىچە، ۋاڭ ئېنماۋ سەيپىدىن ئەزىزوف بىلەن ئىبراھىم تۇردى ئوتتۇرىسىدىكى سۆزلىشىشنىڭ تەپسىلاتىنى خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا مەلۇم قىلىپ، يوليورۇق سورىغان. ئەمما خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ، سەيپىدىن ئەزىزوفنىڭ مىللەتچىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سەۋەبلىك ئۇنى تەنقىد قىلماسلىق، ھەتتا كېڭەيتىلگەن يىغىندا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ

[157] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

«زاكىروفنىڭ بايان قىلىشىچە، كېڭەيتىلگەن يىغىندا ئىبراھىم تۇردىغا قارىتا ھۇجۇم باشلانغاندا سەيپىدىن ئەزىزوف ئۇنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭ بۇ يىغىندا ئىمىنوفنى چىشلەپ تارتماسلىقنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان. زاكىروف ماڭا سەيپىدىن ئەزىزوفنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنىڭ ئىنتايىن تەسلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئەمما ئۇ بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى خىل سەۋەبنىڭ بار بولۇشى مۇمكىنلىكىنى تىلغا ئالدى. بىرى، ئىبراھىم تۇردى ئىمىنوفنىڭ مىللەتچىلىك قاراشلىرىنى ئوبدان بىلسە كېرەك. يەنە بىرى، سەيپىدىن ئەزىزوف ئىبراھىم تۇردىغا ئىشەنمىگەنلىكتىن شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك. زاكىروف يەنە ئىبراھىم تۇردى ئۈستىدىكى تەنقىدلەر ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئۇنىڭ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغانلىقى، كۆرۈشۈشتە ئۇنىڭ ۋاڭ ئېنماۋغا سەيپىدىن ئەزىزنىڭ ئۆزىگە نېمىلەر دېگەنلىكىنى ئاشكارىلىغانلىقىنى بايان قىلدى. زاكىروف ماڭا ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن ئىبراھىم تۇردى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈشۈشنىڭ تولۇق مەزمۇنىنى تەرجىمە قىلىپ بېرىش ۋەزىپەم بار، دېدى. زاكىروف يەنە ئىبراھىم تۇردى ئاشكارا قىلغان يوقىرىقى ئۇچۇرلارنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەش ئۈچۈن، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ سەيپىدىن ئەزىزوف بىلەن ئىبراھىم تۇردىنى يۈزلەشتۈرگەنلىكىنى، ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن بۇ ئىشنىڭ ئەسلى يۈزىنى ئۆز ئەينى بويىچە بايان قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى. زاكىروفنىڭ بايان قىلىشىچە، يۈزلەشتۈرۈش جەريانىدا سەيپىدىن ئەزىزوف ئۆزىنىڭ ئىبراھىم تۇردى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن ئىمىنوفنى چىشلەپ تارتماسلىقنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. بۇ قېتىملىق يۈزلەشتۈرۈشتىن كېيىن، سەيپىدىن ئەزىزوفنىڭ يەرلىك مىللەتچىلەر ئارىسىدىكى مۇھىم شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن

شالۇنوفنىڭ دوكلاتىدىكى يوقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» بويىچە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا، سەيپىدىن ئەزىزى خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، بولۇپمۇ ماۋ زېدوڭ تەرىپىدىن قوغداپ قېلىنىدۇ. يېرىم يىلغا قەدەر سوزۇلغان ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ۋاڭ ئېنماۋ گۇرۇھى گەرچە سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف قاتارلىق سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئەتراپىدىكى سەپداشلىرىنى يىقىتقان، زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى، ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق سەرخىللارغا قاتتىق زەربە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما سەيپىدىن ئەزىزىنى يىقىتىش مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن ئابدۇللا زاكىروف تولىمۇ ئەپسۇسلىنىدۇ. ئۇ سوۋېت كونسۇلى شالۇنوفقا «يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ بوۋىسى» بولغان سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بۇ قېتىملىق ھەرىكەتتە تەنقىدلەنمەسلىكى، ياكى زەربە يېمەسلىكىنىڭ بىر «خاتالىق» بولغانلىقىنى، ئەمما مەركەزنىڭ قارارى شۇ بولغاچقا بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ، ھەتتا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بولغان ۋاڭ ئېنماۋنىڭمۇ ئامالى بولمىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.

## 6) «سەيپىدىن مەسلىسى» ۋە «سەيپىدىن گۇرۇھى» ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش

ئابدۇللا زاكىروف سوۋېت كونسۇلى شالۇنوف بىلەن بولغان كۆرۈشۈشتە، «سەيپىدىن مەسلىسى» بويىچە داۋاملىق شىكايەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ شىكايەت قىلىشىچە، «ئەڭ چوڭ يەرلىك مىللەتچى» ھېسابلانغان سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىندا تەنقىد

تىلغا ئالماسلىق ھەققىدە يوليورۇق بەرگەن. شۇ سەۋەبتىن كېڭەيتىلگەن يىغىنغا قاتنىشۋاتقان كادىرلارنىڭ ھېچقايىسى سەيپىدىن ئەزىزوف بىلەن ئىبراھىم تۇردى ئوتتۇرىسىدا زادى نېمە ۋەقە بولغانلىقى، ھەمدە مەركەزنىڭ ۋاڭ ئېنماۋغا قانداق يوليورۇق بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپالمىغان. زاكىروفنىڭ تەكىتلىشىچە، بەزى كادىرلار گەرچە سەيپىدىن ئەزىزوفتا مىللەتچىلىك قاراشلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلسىمۇ، ئەمما كېڭەيتىلگەن يىغىندا نېمە ئۈچۈن سەيپىدىن ئەزىزوفنىڭ تەنقىد قىلىنمىغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ئۆز-ئارا پىچىرلاشقان. زاكىروف يەنە شۇ ئىشتىن كېيىن، ئىمىنوفنىڭ تەنقىد قىلىنىشقا باشلىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. زاكىروف خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەيپىدىن ئەزىزوفنىڭ مىللەتچىلىك قاراشلىرىنى تەنقىد قىلماسلىقدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە توختىلىپ، بۇ سەيپىدىن ئەزىزوفنىڭ مەيلى مىللىي كادىرلار ئارىسىدا بولسۇن، ياكى يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا بولسۇن، يۈكسەك نوپۇزغا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، دېدى. ئۇ يەنە خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بۇ مەسىلىدە سەيپىدىن ئەزىزوفنىڭ خىتايدىلا ئەمەس، بەلكى چەتئەللەردىمۇ مەلۇم تەسىرگە ئىگە شەخس ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك، دېدى. زاكىروف بۇ مەسىلىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەنچە بېرىپ: «شىنجاڭدا تېخى يەرلىك ئۇلەنفۇدىن بىرسى تىكلەنمىگەن بولغاچقا، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سەيپىدىن ئەزىزوفنى تەنقىد قىلماسلىق، بەلكى ئۇنىڭ نوپۇزىنى داۋاملىق ساقلاشنى قارار قىلغان،» دېدى.»[158]

---

[158] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

يەنى، 1958 - يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كىيدۈرۈلگەن ئاساسلىق كادىرلارغا چارە كۆرۈش باشلانغاندا، «ۋاڭ ئېنماۋ گۇرۇھى» دېگىلەر سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف ۋە ئىمىنوفلارنى قاتتىق جازالاش، ھەتتا ئۇلارنى قولغا ئېلىپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سەيپىدىن ئەزىزى شەخسەن ئۆزىنىڭ ئارىغا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش، ئەمما ئۇلارنىڭ پارتىيە ئەزالىقى بىلەن مەمۇرىي خىزمىتىنى ساقلاپ قېلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىنىڭ 3 - تومىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەزكۇر ھەرىكەت توختىغاندىن كېيىن ‹ئەكسىيەتچى›، ‹ئەتۇر ئىنقىلابچى›، ‹يەرلىك مىللەتچى› دەپ كۆرەش قىلىنغان ئادەملەرگە چارە كۆرۈش باشلاندى. چارە ئومۇمەن ئۈچ خىل بولدى: بىرىنچى، پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىپ، پۈتۈن ۋەزىپىلىرى ۋە بارلىق خىزمەتلىرىدىن ئېلىپ تاشلاش، قولغا ئېلىش ياكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش؛ ئىككىنچىسى، بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تەكشۈرۈشكە سېلىش ۋە پوزىتسىيەسىگە قاراپ چارە كۆرۈش؛ ئۈچىنچىسى، پارتىيە ئىچىدە ئىككى يىل قالدۇرۇپ سىناش قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ئىجراسى سۈپىتىدە ئالدى بىلەن ئىمىنوف، سەيپۇللايوف ۋە ئەسئەت ئىسھاقوفلارغا چارە كۆرۈش ئىشى كونتېرتىپكە قويۇلدى... ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا سەيدۇللا سەيپۇللايوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف ۋە ئەسئەت ئىسھاقوف قاتارلىق يولداشلارغا چارە كۆرۈش ئىشى مۇزاكىرە قىلىندى. بۇ مۇزاكىرىدە ھەر خىل پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەسىلەن، بەزىلەر ئۇلارنى پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىپ، رەھبىرىي خىزمەتلىرىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئاندىن قاماق جازاسى بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

قىلىنماسلىقى، ھەتتا مەركەزدىن ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ تىلغا ئالماسلىق ھەققىدە «يولىيورۇق» كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف قاتارلىق يوقىرى قاتلام «يەرلىك مىللەتچى» نى قاتتىق جازالاش مۇمكىن بولماي قالغان.

شالۇنوف موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «زاكىروفنىڭ دېيىشىچە، ۋاڭ ئېنماۋ ئۇنىڭغا ئىمىنوف، سەيپۇللايوف ۋە ئەسئەت ئىسھاقوفلارنىڭ پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە ئەڭ قاتتىق شەكىلدە جازالىنىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئەمما خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىدا باش مىللەتچى سەيپىدىن ئەزىزوفنىڭ جازالانماسلىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مىللەتچىلەرگە پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە قاتتىق چارە كۆرۈش مۇمكىن بولمىغان. ۋاڭ ئېنماۋنىڭ زاكىروفقا تەكىتلىشىچە، بۇ ساھەدىكى ئىنقىلاب ئىزچىل داۋاملىشىدىكەن، يەنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەيپىدىن ئەزىزوفنىڭ خىزمىتى ۋە ئۇنىڭ پارتىيەگە بولغان ساداقىتىنى داۋاملىق كۆزىتىدىغان پۇرسەتلىرى كۆپ ئىكەن. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەيپىدىن ئەزىزوفنىڭ خىزمەتلىرىگە تېخىمۇ يوقىرى سەزگۈرلۈك ۋە تەنقىدىي پوزىتسىيە بىلەن قارايدىغانلىقى، ھەم بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئىكەن.»[159]

شالۇنوفنىڭ دوكلاتىدىكى يوقىرىقى بايانلار بىلەن سەيپىدىن ئەزىزنىڭ ئەسلىمىسىدىكى «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش» ھەققىدە يېزىلغان مەلۇماتلار بىر-بىرىگە جىپسىلىشىدۇ.

[159] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

يوقىرىقى باياناتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «يەرلىك مىللەت-چىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدا، «ۋاڭ ئېنماۋ گۇرۇھى» دېكىلەر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىنى يىقىتىش غەرىزىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما «سەيپىدىن گۇرۇھى» غا مەنسۇپ دەپ قارالغان سەيپۇللايوف، ئىمىنوف قاتارلىق يوقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر كادىرلارنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن جان-جەھلى بىلەن كۈچ كۆرسەتكەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئەتراپىدىكى بۇ ئۇيغۇر كادىرلارغا چارە كۆرۈش مەسىلىسىدە ۋاڭ ئېنماۋنىڭ تەشەببۇسى بويىچە ئەمەس، بەلكى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ پىكرى بويىچە قارار چىقارغان. بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدا سىرلىق بىر سەۋەب بىلەن، سەيپىدىن ئەزىزىنى «قوغداپ قالغان» خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كو-مىتېتى، نېمە ئۈچۈن سەيپىدىننىڭ ئەتراپىدىكى سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف قاتارلىق مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك يەرلىك كادىرلارنى، ھەمدە زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى، ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق نازارەت دەرىجىلىك ئۇيغۇر كادىرلارنى قوغدىمىدى؟

سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» يوقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە، «ۋاڭ ئېنماۋ گۇرۇھى» دېكىلەرنىڭ ئەتراپىتىكى چوماقچىلارنى قوترىتىپ، سەيپىدىن ئەزىزىنى تارتىپ چىقىرىش ئۈچۈن سىياسىي كەيپىيات ھاسىل قىلىشقا تىرىشقانلىقىنى، ئەمما «مەركەزنىڭ يولىيورۇقى» بىلەن بۇ قويۇننىڭ دەرھال بېسىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىر كۈنى ئەتىگەندە مەجلىسخانىغا بارسام، پۈتۈن مەجلىسخانىنىڭ

بەزىلەر ئۇلارنى پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىپ، خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەشنى تەشەببۇس قىلدى. يەنە بەزىلەر ئۇلارنى پارتىيە ئىچىدە ئىككى يىل قالدۇرۇپ، سىناپ كۆرۈش تەكلىپىنى بەردى. مەن بۇ ئۈچ خىل پىكىرنىڭ ھېچقايسىسىغا قوشۇلماستىن، باشقىچە بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. يەنى، بۇ ئۈچەيلەننىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش (شۇ ۋاقىتتا سەيپۇللايوف ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى، ئەسئەت ئىسھاقوف ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى ئىدى)، ئەمما ئۇلارنىڭ پارتىيەلىكى بىلەن مەمۇرىي خىزمىتىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت. بۇ پىكىرىم مۇزاكىرىگە قويۇلغاندا بەزىلەر قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بەزىلەر قوشۇلمىدى. بەزىلەر گەپ-سۆز قىلماي جىم تۇرىۋالدى. يىغىن ئاخىرىدا ۋاڭ ئېنماۋ خۇلاسە سۆزى قىلىپ، ئىككىنچى پىكىرگە، يەنى «پارتىيەدىن چىقىرىش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتتىكى ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلاش، ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش» دېگەن پىكىرگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇ پىكىرگە قوشۇلمايدىغانلىقىمنى، يەنى يۇقىرىدا ئېيتقان ئەسلى پىكرىمدە قەتئىي چىڭ تۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ۋاڭ ئېنماۋ بىرىنچى سېكرېتار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، يىغىندىن ئەنە شۇنداق قارار چىقاردى. مەن: «بۇ مۇزاكىرە ئەھۋالىنى مەركەزگە دوكلات قىلىشىمىز كېرەك،» دېدىم. ئەتىسى مەركەزدىن: «يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ پىكرى بويىچە چارە كۆرۈلسۇن،» دەپ جاۋاب كەلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئۈچەيلەنگە ئەنە شۇنداق چارە كۆرۈلدى.»[160]

---

[160] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 220-222-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 111-112-بەتلەر

بولغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنىڭ ھەممىسى دەرھال ئېلىپ تاشلانسۇن، دېگەن مەزمۇندا يوليورۇق كەلدى.» دېدى.»[161]

شۇنىسى ئېنىقكى، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» داۋامىدا سەيپىدىن ئەزىزىنى «قوغداپ قېلىش يوليورۇقى» بىۋاستە خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىدىن، بولۇپمۇ خىتاي رەھبىرى ماۋ زېدوڭدىن كەلگەن ئىدى. بۇنىڭدا خۇددى ئابدۇللا زاكىروف غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلى شالۇنوفقا ئاشكارىلىغىنىدەك، «ئىچكىي ۋە تاشقىي سەۋەبلەر»، بولۇپمۇ «سەيپىدىن ئەزىزنىڭ يەرلىك ئاما ۋە كادىرلار ئارىسىدىكى نوپۇزى بىلەن خەلقئارادىكى تەسىرى» ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلىشىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەيپىدىن ئەزىزنىڭ ئەتراپىدىكى سەيپۇللايوف، ئىمىنوف قاتارلىق ئۇيغۇر كادىرلارنى «يەرلىك مىللەتچىلىك» بىلەن ئەيىبلەش قارارىمۇ، بىۋاستە ماۋ زېدوڭنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بولغان ئىدى.

گارشابانى ئۆز ئەسلىمىسىدە، 1958-يىلى 5-ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 8-قۇرۇلتىيىدا، ماۋ زېدوڭنىڭ «پەن خەنىيەن دېلوسى» (潘汉年件案)[162] نى نەقىل كەلتۈ-

[161] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 218-بەت؛ ب-نۇسخا، 110-بەت

[162] «پەن خەنىيەن دېلوسى» (潘汉年案件) - خىتاي كومپارتىيەسى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىنكى زور ئۇۋالچىلىق دېلوسى. پەن خەنىيەن ئەسلىدە شاڭخەي شەھرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولۇپ، 1955-يىلى «گاۋ گاڭ، راۋ شۇشى دېلوسى» غا چېتىلىپ قېلىش ۋە 1943-يىلى ۋاڭ جىڭۋېي بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەنلىكىدەك تارىخى مەسىلىسى سەۋەبلىك قولغا ئېلىنغان. ئۇ قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىسىنى چۈشەندۈرۈپ ماۋ زېدوڭغا خەت يازغان بولسىمۇ، ئەمما ماۋ زېدوڭ ئۇنى قولغا ئېلىش ھەققىدە بۇيرۇق بەرگەن. ئۇ 1955-يىلدىن 1963-يىلغىچە تۈرمىدە ياتقان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يەنە تۈرمىگە سولىنىپ قاتتىق قىين-قىستاققا ئېلىنغان. 1977-يىلى ئۆلگەن. 1982-يىلى

كەيپىياتى باشقا بىر خىل تۇردۇ. دەرۋازىدىن كىرىشىمگە بىر مىللىي كادىر: «مەجلىسنىڭ ئەسلى پەردىسى ئەمدى ئېچىلىدىغان بولدى،» دەپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن: «بۇ نېمە گەپ؟» دېسەم، يەنە بىرسى كېلىپ: «مەجلىسخانىغا كىرىپ باقسىڭىز!» دېدى. مەجلىسخانىغا كىرسەم مەجلىس زالى ماۋ قارىتىلغان چوڭ خەتلىك گېزىت (دازىباۋ) لار بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنىڭ مەزمۇنى ـ «ئاۋۇ... ئۈچ تەتۈر ئىنقىلابىي يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇرنىڭ ئاساسلىق ئارقا تېرىكى پالانچىنى تارتىپ چىقىرايلى!» دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. مەن دەرھال ۋاڭ ئېنماۋ، دېڭ لىچۈن قاتارلىق يولداشلارنى تېپىپ سۆزلەشتىم. «بۇ زادى قانداق گەپ، بۇ مەجلىسنىڭ مەقسىتى زادى نېمە؟» دېگەن سوئاللارنى سورىدىم. ۋاڭ ئېنماۋ ماڭا: «بۇ ئاممىنىڭ پىكرى، پىكىر بەرگۈچىدە ئەيىپ يوق، پىكىر ئاڭلىغۇچى دىققەت قىلسۇن دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ!؟...» دېگەندەك بىر قاتار سەپسەتەلەرنى ساتتى. مەن مەسىلىنىڭ بۇنداق كېتىۋەرسە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ناھايىتى يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆيگە قايتىپ كەتتىم. مەن ئۆيگە كېلىپ كۆپ ئويلاندىم، ئاندىن يۇز بېرىۋاتقان ئىشلارنى مەركەزگە ئىنكاس قىلايمۇ، ياكى چىداپ قاراپ باقايمۇ؟ دېگەن ئويلار بىلەن كېچىچە بىئارام بولدۇم. قېنى، بېرىپ كۆرۈپ باقاي دەپ ئەتىسى مەجلىسخانىغا باردىم. ھويلىدا كەيپىيات باشقىچە بولۇپ، كۆپچىلىك خوشاللىق بىلەن ماڭا قارىشىۋاتىدۇ. زالغا كىرسەم چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنىڭ بىرسىمۇ يوق. بۇنىڭغا ھەيران قالدىم... ۋاڭ ئېنماۋ كېلىپ، مېنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ: «ئاخشام مەركەزدىن تېلېفون كەلدى. يولداش سەيپىدىن ئەزىزى ئۈستىدىن چوڭ خەتلىك گېزىت چىقىرىشقا، ئۇنى تەنقىد قىلىشقا بولمايدۇ، چىقىپ

ئەمەلىيەتتە، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ قولى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاساسلىق كادىرلارغا زەربە بەرگەن. يەنى، «مايمۇننى بوغۇزلاپ، يولۋاسنى قورقىتىش تاكتىكىسى» نى ئىشقا سېلىپ، ئەمەلىيەتتە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تۆكىنى يۇگىدىغان.

ئابدۇللا زاكىروف سەيپىدىن ئەزىزى ئۈستىدىن غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلى شالۇنوفقا يەنە مۇنۇلارنى شىكايەت قىلدۇ: «سەيپىدىن ئەزىزوفنىڭ يەرلىك مىللەتچىلەرنى قوللايدىغانلىقى ۋە ئۆزىدىكى مىللەتچىلىك خاھىشلىرىنى ئىنكار قىلالمايدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى ئىككى مىسالدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ: (1) پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سەيپىدىن ئەزىزوفنى پارتىيە 8-قۇرۇلتىيىنىڭ ئىككىنچى ئومۇمىي يىغىنىدا دوكلات بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. ئەمما سەيپىدىن ئەزىزوف دوكلاتىدا پەقەتلا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى مەسىلىلەر ھەققىدە توختىلىپ، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش بويىچە كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنغان مۇھىم مەسىلىلەرنى تىلغا ئالمىدى. ئۇ شىنجاڭدىكى ئاساسلىق يەرلىك كادىرلار ئارىسىدىكى مىللەتچىلىك ئىدىيەلىرى ھەققىدە ھېچنېمە دېمىدى. بۇنىڭ بىلەن ۋاڭ ئېنماۋ يىغىندا بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە تولۇقلىما بېرىش مەجبۇرىيىتىدە قالدى. (2) يىغىنىنىڭ خۇلاسە قىسمىدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋاڭ ئېنماۋنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ھەققىدە، سەيپىدىن ئەزىزوفنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ھەققىدە دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن سەيپىدىن ئەزىزوفنىڭ دوكلاتلىرىنىڭ تېكىستى پارتكومدا مۇھاكىمىگە قويۇلمىغان، پەقەتلا بەزىبىر مۇھىم مەسىلىلەر ئالدىن سۆزلىشىلگەن ئىدى. ۋاڭ ئېنماۋنىڭ دوكلاتىدا يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ تەپسىلاتلىرى، بولۇپمۇ قەشقەر

روپ تۇرۇپ، «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئوف/يوف لار» مەسىلىسىنى تىلغا ئالغانلىقىنى ۋە ۋاڭ ئېنماۋغا «شىنجاڭنىڭ بۇ 〈بايلىق〉 لىرىنى كۆپچىلىككە كۆرسىتىپ باقمامسەن؟» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1958-يىلى 5-ئاينىڭ 5-كۈنى، مەن 〈8-قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىلى〉 سۈپىتىدە بېيجىڭدا ئېچىلغان 8-قۇرۇلتاينىڭ ئىككىنچى يىغىنىغا قاتناشتىم. يىغىندا رەئىس ماۋ زېدوڭ 〈ئىككى سىنىپ〉 ۋە 〈ئىككى يول〉 كۈرىشى ھەققىدە سۆز قىلىۋېتىپ، بىردىنلا: 〈پەن خەننيەن بىر خائىن، بەزىلەر ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىك كېرەك دەيدۇ، ئەمما مەن ئۆلتۈرۈش كېرەك دەپ قارايمەن. ئەمما ھازىر ئۆلتۈرمەيمىز. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىچۇ؟ -ئوف/-يوف دېگەنلەر زادى كىملەر؟〉 دەپ سورىدى. بۇ ۋاقىتتا جۇ ئېنلەي دەرھال گەپ قىستۇرۇپ: 〈ئۇلار ئىمىنوف، سەيپۇللايوفلاردۇر.〉 دېدى. ئاندىن رەئىس ماۋ زېدوڭ مۇنداق دېدى: 〈توغرا، بۇ كىشىلەر شىنجاڭنىڭ بايلىقى ئەمەسمۇ؟ سەن ۋاڭ ئېنماۋ بۇلارنى كۆپچىلىككە كۆرسىتىپ بېقىشىڭ كېرەك!〉 شۇ كۈنى يىغىندىن كېيىن، سېكرېتار ۋاڭ ئېنماۋ كېچىچە تەييارلىق قىلىپ دوكلات يازدى، ئىككىنچى كۈنى چوڭ يىغىندا ئۇ يەرلىك مىللەتچىلىكنى تەنقىد قىلىش مەسىلىسى بويىچە ئۇزۇن دوكلات بەردى.»[163]

دېمەك، گارشابانىنىڭ يوقىرىقى بايانلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سەيپۇللايوف، ئىمىنوف، ئەسئەت ئىسھاقوف قاتارلىق سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئەتراپىدىكى يوقىرى دەرىجىلىك كادىرغا زەربە بېرىش «يوليورۇقى» بىۋاستە ماۋ زېدۇڭدىن كەلگەن. ماۋ زېدۇڭ سەيپىدىن ئەزىزنى قوغدىغانلىدەك كەيپىيات يارىتىپ،

---

خىتاي كومپارتىيەسى ئۇنى ئاقلاش ۋە نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىلىق ھۆججەت چىقارغان

[163] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第110页

شالۇنوف موسكاۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا يەنە مۇنۇلارنى ئاشكارە قىلىدۇ: «زاكىروفنىڭ تەكىتلىشىچە، يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنىڭ دەل ۋاقتىدا ئاشكارا بولغانلىقى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ مىللەتچىلىك زەھەرلىرى يەرلىك مىللەت زىيالىيلىرى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك كادىرلار قوشۇنى ئارىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىكەن. ئەگەردە يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى دەل ۋاقتىدا ئىنتايىن قاتتىق تەدبىرلەر بىلەن پاش قىلىنمىسا، ئۇنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى تولدۇرۇۋالغۇسىز دەرىجىدە كۆپ بولىدىكەن. ھازىر پاش قىلىش يىغىنلىرى تۈرلۈك ئورۇنلاردا، بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولۇپ، ئىمىنوف، سەيپۇللايوف، زىيا سەمەدى ۋە ئەسئەت ئىسھاقوفلارغا باغلىنىدىغان گۇرۇپپىلار تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلانماقتا ئىكەن. زاكىروفنىڭ دېيىشىچە، ئەھۋال شۇ قەدەر ئېغىركى، ھەتتا 16-17 ياشلىق ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىمۇ خىتايلارغا قارشى تۈرلۈك شەكىللەردىكى سولچىل يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيەلىرى يامرىغان ئىكەن.»[165]

1957-يىلى 12-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» بويىچە كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا تۇنجى بولۇپ زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق 3 نەپەر نازارەت دەرىجىلىك ئۇيغۇر كادىر ھۇجۇم نىشانى قىلىندۇ. بولۇپمۇ ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۈستىدە كۈرەش باشلانغاندا بەزى

[165] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ بۇ ھەقتىكى كېڭەيتىلگەن يىغىنى ھەققىدە تولۇق ۋە تەپسىلىي مەلۇماتلار بېرىلدى. ئەمما سەيپىدىن ئەزىزوف دوكلاتىدا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزلىرىدىن چەكلىكلا نەقىل كەلتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتچىلىك خاھىشى ھەققىدە يامىداپ ئۆتۈپ كەتتى. رەئىس ماۋ زېدوڭنىڭ نۇتۇقىدا «يەرلىك مىللەتچىلەر مەسىلىسى» بەش قېتىم تىلغا ئېلىنغان ئىدى. ھالبۇكى، سەيپىدىن ئەزىزوف دوكلاتىدا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزىدە تىلغا ئېلىنغان بىرقانچە يەرلىك مىللەتچىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ، ھەتتا يەرلىك مىللەتچىلەر ئارىسىدىكى بىرەر شەخسنىڭ فامىلىسىنىمۇ تىلغا ئېلىپ قويمىدى.»[164]

ئابدۇللا زاكىروفنىڭ سەيپىدىن ئەزىزى توغرىلىق سوۋېت كونسۇلىغا قىلغان يوقىرىقى شىكايەتلىرى، ئۇنىڭ سەيپىدىن ئەزىزنى يىقىتىش ئۈچۈن قانچىلىك ماتېرىيال توپلىغانلىقى، سەيپىدىن ئەزىزنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ۋە قىلغان سۆزلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەگەردە ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ كۆرسەتمىسى بولمىغىنىدا، تېخى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى بولمىغان، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن ئىبارەت نازارەت دەرىجىلىك كادىر ھېسابلىنىدىغان ئابدۇللا زاكىروفنىڭ سەيپىدىن ئەزىزى ئۈستىدىن بۇ قەدەر ئىنچىكە ۋە ئېچكىي قىسىمدىكى ئۇچۇرلارنى توپلىيالىشى، ھەتتا قاپ يۈرەكلىك بىلەن بۇ ئۇچۇرلارنى سوۋېت كونسۇلىغا دوكلات قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

---

[164] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

مىللەتچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي سەھنىدىكى پائالىيەتلىرى 1950-يىللاردا يۇقىرى پەللىگە چىققان. جاغدا بابالىكوۋى چۆچەكتە تۇغۇلغان بولۇپ، 1940-يىللاردا ئىلى ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، كېيىنچە تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن تەشكىللەنگەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا پولك كوماندىرى بولغان. 1949-يىلدىن كېيىن سىياسىي ۋە مەمۇرىي خىزمەتكە يۆتكىلىپ، دەسلەپ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولغان. 1955-يىلى ئۇ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ پاتىخان سۇگىربايوفتىن كېيىنكى ئىككىنچى قارارلىق ئوبلاست باشلىقى بولغان. ئۇ 1958-يىلى 6-ئايدا «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى بىلەن تارتىپ چىقىرىلىپ، كۈرەش قىلىنغان. كېيىنچە چارە كۆرۈلۈپ تۈرمىگە قامالغان. جاغدا بابالىكوۋ 1961-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ چىقىپ، قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان. كېيىنكى ھاياتىدا قازاق تىلى، تارىخى ۋە فولكلور مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر قانچىلىغان كىتاب ۋە نەچچە ئونلىغان ماقالىلارنىڭ مۇئەللىپى بولغان. قازاق تارىخچىلىرى ئۇنى 20-ئەسىردىكى شەرقىي تۈركىستان قازاق مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى دەپ تەرىپلەيدۇ. ئاتاقلىق قازاق يازغۇچى قاجىقۇمار شابدانئوغلىنىڭ 6 توملۇق «قىلمىس» رومانىدا جاغدا بابالىكوفنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازى يارىتىلغان.[167] 2018-يىلى قازاقىستان دۆلەتلىك تېلېۋىزىيەسى جاغدا بابالىكوفنىڭ ھاياتى ھەققىدە «جارقىن بەينە» ناملىق ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەپ تارقاتقان. مەزكۇر فىلىمدە، ئۇنى 20-ئەسىردىكى شەرقىي تۈركىستان قازاقلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مىللەتپەرۋەر سىياسىيون دەپ باھا بەرگەن.[168]

---

[167] Jaghda Babaliq'uli https://kk.wikipedia.org/wiki/Жағда_Бабалықұлы

[168] Жарқын бейне - Жағда Бабалықұлы (Толық нұсқа), 12.04.2018,

ئاكتىپلار ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ: «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى ئابدۇرەھىم ئەيسا ئېچىلىپ-سايراش باشلانغاندا، ‹بىز كادىرلار 19 ياشلىق بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىچىلىك بولالمىدۇق. ئالىي مەكتەپنىڭ بۇ ئوقۇغۇچىسى ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەرىتىسى، ئاساسىي قانۇنى ۋە سىياسىي سىستېمىسى ھەققىدە تەپسىلىي لايىھە تەييارلاپ چىققان ئىكەن. ئەمما بىز رەھبىرىي كادىرلار زادى نېمە قىلدۇق؟› دەپ سوئال قويغان ئىدى،»[166] دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ. ئابدۇللا زاكىروفنىڭ سوۋېت كونسۇلىغا بەرگەن يوقىرىقى مەلۇماتلىرىدىكى «يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ مىللەتچىلىك زەھەرلىرى، ھەتتا 16-17 ياشلىق ئىستۇدېنتلار ئارىسىدىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان» دېگەن بايانلىرى، ئەمەلىيەتتە ئابدۇرەھىم ئەيسانى كۈرەش قىلىش جەريانىدا چۈشكەن «پاش قىلىش ماتېرىياللىرى» ئاساسىدا ئېيتىلغان بولسا كېرەك.

### *7) جاغدا بابالىكوف ۋە قازاق مىللەتچىلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش*

ئابدۇللا زاكىروفنىڭ 1958-يىلى 6-ئاينىڭ 21-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجادىكى كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى شالۇنوفقا ئاشكارىلىغان مەلۇماتلىرى ئارىسىدا، قازاق مىللەتچىسى جاغدا بابالىكوف ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر تۈركۈم قازاق مىللەتچىلىرى ھەققىدىمۇ خېلى تەپسىلىي مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ.

جاغدا بابالىكوف (1917-2010) شەرقىي تۈركىستاندىكى قازاقلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان داڭلىق سىياسىيون ۋە قازاق

---

[166] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى» (يېزىمى ماشىنكىدا بېسىلغان، يېزىمى قوليازما ھالەتتىكى ئەسلىمە)، تاشكەنت، 1990-يىللار، 10-9-بەتلەر

مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» ھەققىدە مۇنۇلارنى بايان قىلغانلىقىنى يازىدۇ: «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ئاساسلىقى جاغدا بابالىكوف (ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ سابىق باشلىقى)، شايمەردان (ئوبلاستلىق سوت مەھكىمىسىنىڭ سابىق باشلىقى)، نۇقۇشېۋ (ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، ئاقماتغالى بۆتەنباييېۋ (ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، قالدىباي (ئوبلاستلىق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى)، ئالىمجان (ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) قاتارلىق كادىرلار تارتىپ چىقىرىلىپ، ئۇلارنىڭ يەرلىك مىللەتچىلىك قىلمىشلىرى پاش قىلىنغان ۋە قاتتىق تەنقىد قىلىنغان. زاكىروفنىڭ تەكىتلىشىچە، يۇقىرىقى شەخسلەر ھەققىدىكى كۈرەش تېخىچە داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، بۇ ھەقتە بىر خۇلاسە چىقىرىش ئىنتايىن مۈشكۈل بولماقتىكەن.»[169]

سوۋېت كونسۇلى شالۇنوف بىلەن بولغان مەخپىي كۆرۈشۈشتە ئابدۇللا زاكىروف، جاغدا بابالىكوف يېتەكچىلىكىدىكى قازاق مىللەتچىلىرىنىڭ 1951-يىلى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا، بولۇپمۇ ئىلى ئوبلاستىغا قاراشلىق 3 ۋىلايەتنى ئاساس قىلغان ھالدا قازاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئۇرۇنۇشىدا بولغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. شالۇنوف دوكلاتىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «زاكىروفنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، خۇددى ئۇرۇمچىدىكى كېڭەيتىلگەن يىغىندا ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ 1951-يىلى ئۇيغۇرىستان ئىنتىپاقداش

[169] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» بويىچە كېڭەيتىلگەن يىغىنى، 1957 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچىدە باشلىنىپ يېرىم يىلدەك داۋاملاشقان، ھەمدە 1958 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرى ئاخىرلاشقان. 6 - ئاينىڭ بېشىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى دوباشىن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ئابدۇللا زاكىروف قاتارلىق كىشىلەر غۇلجاغا بارغان. بۇنىڭ بىلەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» بويىچە كېڭەيتىلگەن يىغىنى، 1958 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى غۇلجادا رەسمي باشلانغان. يىغىن باشلىنىشى بىلەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى جاڭ شىگوڭ (张世功)، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسەن، ئوبلاست بويىچە يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇزۇن بىر دوكلات بەرگەن. ئۇنىڭ دوكلاتىدىن كېيىن ئىلى ئوبلاستىغا قاراشلىق ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەردىن چاقىرتىپ كېلىنگەن كادىرلار 4 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئۆگىنىشنى باشلىغان. بۇ جەرياندا 1951 - يىلدىن تارتىپ تاكى 1958 - يىلغا قەدەر ئىلى ئوبلاستىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ساقلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىك مەسىلىلىرى» قاراپ چىقىلغان.

سوۋېت كونسۇلى شالۇنوف موسكاۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئىلى ئوبلاستىدا ئېلىپ بېرىلغان «يەرلىك

https://www.youtube.com/watch?v=T3bwebFOVQI

ئوبلاستىغا يەرلىشىپ، ئوبلاستىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە سودا ساھەسىدىكى ئاساسلىق ئورۇنلارنى ئىگىلىۋالغانلىقىغا قاتتىق نارازى ئىكەن. ۋاخاپ، مەمەدوف ۋە باشقا كادىرلارنىڭ تەكىتلىشىچە، جاغدا بابالىكوف مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىگە قارشى كىشى بولۇپ، ئۇ «ئاپتونومىيە ئەمەلىيەتتە قۇرۇق شەكىللىۋازلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېگەن ئىكەن. ئۇ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ئەمەس، بەلكى خىتاي مەركىزىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇن بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدىكەن. ئۇ ئىلىنىڭ قازاق ۋىلايىتى بولۇشىنى، غۇلجانىڭ مەزكۇر ۋىلايەتنىڭ مەركىزى بولۇشىنى، بۇ شەھەردە پەقەتلا قازاقلارنىڭ ياشىشىنى، ئۈرۈمچى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى قازاقلارنى ئالتاي ۋىلايىتىگە كۆچۈرۈپ يەرلەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلىدىكەن. ئۇ نۆۋەتتە قازاق كادىرلارنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى نىسبىتىنىڭ ئاران 9 پىرسەنت ئىكەنلىكىنى، قازاق كادىرلارنىڭ ئىلى ئوبلاستىدىكى نىسبىتىنى ئەڭ ئاز دېگەندە چوقۇم 55 پىرسەنتكە يەتكۈزۈش زۆرۈرلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىكەن. جاغدا بابالىكوف يەنە قازاق تىلىنى ساپلاشتۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى، قازاق تىلىغا خىتاي تىلىدىن كىرگەن «شۈجى»، «چۇجاڭ» دېگەندەك ئەمەل ناملىرىنى تازىلاپ چىقىرىش لازىملىقى ھەققىدە جار سالغان ئىكەن.»[171]

ئابدۇللا زاكىروف ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» بويىچە ئېچىلغان

---

[171] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

جۇمھۇرىيىتى قۇرماقچى بولغانلىقى پاش قىلىنغىنىدەك، ئىلى ئوبلاستىدىكى كېڭەيتىلگەن يىغىندىمۇ قازاق مىللەتچىلىرىنىڭ 1951-يىلى قازاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى قاتتىق تەنقىد قىلىنغان. كېڭەيتىلگەن يىغىنغا قاتناشقان ۋاكاپىنىڭ پاش قىلىشىچە، جاغدا بابالىكوف باشچىلىقىدىكى قازاق مىللەتچىلىرى شىنجاڭدىكى قازاقلار بىلەن موڭغولىيەدىكى قازاقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇلۇپ كېتىش لايىھەسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئىكەن.»[170]

شالۇنوفنىڭ دوكلاتىدا ئابدۇللا زاكىروفنىڭ يەنە، جاغدا بابالىكوف باشچىلىقىدىكى قازاق مىللەتچىلىرىنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان ئىلى ئوبلاستىنى قازاقلاشتۇرۇش؛ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى غۇلجا شەھرىگە قازاقلارنى كۆپلەپ كۆچۈرۈپ يەرلەشتۈرۈش؛ ئۈرۈمچى ۋە قومۇل ۋىلايىتىدىكى قازاقلارنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش؛ مۇشۇ ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىلى ئوبلاستىنىڭ تولۇق قازاقلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئىلى ئوبلاستىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە ئورگانلىرىدىن خىتاي ۋە ئۇيغۇر كادىرلارنى سىقىپ چىقىرىش قاتارلىق بىر قاتار مىللەتچىلىك ئۇرۇنۇشلاردا بولغانلىقىنى ئاشكارا قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. سوۋېت كونسۇلى شالۇنوف دوكلاتىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «يىغىنغا قاتناشقان بىر قىسىم كادىرلارنىڭ پاش قىلىشىچە، جاغدا بابالىكوف باشچىلىقىدىكى قازاق مىللەتچىلىرى زور ساندىكى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئىلى

[170] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

تولدى. ئەگەردە غۇلجادىن ئۇيغۇرلارنى تازىلىيالمساق، خىتايلارنى توسۇشتىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن!؟» ... بابالكوف يەنە خىتايلارنىڭ قازاقلارغا ئادالەتسىزلىك قىلىدىغانلىقى، ئۇلارنى كەمسىتىدىغانلىقى، ھەمدە قازاقلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋالغانلىقى توغرىلىق داۋاملىق شىكايەت قىلىدىكەن. ئۇ ئەگەردە ئەھۋال مۇشۇنداقلا داۋام قىلىدىغان بولسا، قازاقلارنىڭ تاغلارغا قايتىشتىن باشقا چىقىش يولى قالمايدۇ، دېگەن. ئۇ غۇلجا ناھىيەسىدە خىزمەت قىلىدىغان بىر خىتاي ئايال تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا زەھەرخەندىلىك بىلەن: «ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدىن نېمە ئۆگىنەلەيدۇ، ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئەرلەرنىڭ ئىشتىنىنى قانداق كىيىشتىن باشقا يەنە قانداق تەلىم بېرەلىسۇن؟» دېگەن.»[172]

ئابدۇللا زاكىروفنىڭ شالۇنوفقا بەرگەن مەلۇماتلىرى ئارىسىدا يەنە، جاغدا بابالكوف باشچىلىقىدىكى قازاق مىللەتچىلىرىنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ قارشى ئىكەنلىكى ھەققىدە بايانلار ئۇچرايدۇ. ئابدۇللا زاكىروفنىڭ بۇ مەلۇماتلارنى نېمىگە ۋە قانداق پاكىتلارغا ئاساسەن سوۋېت تەرەپكە ئاشكارا قىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئەجەبا «ئۈچ تۈتۈننى بىرلەشتۈرۈش»، يەنى شەرقىي تۈركىستان قازاقلىرى بىلەن موڭغولىيە قازاقلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇپ، بۈيۈك قازاق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان جاغدا بابالكوف قانداقلارچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى گەپ-سۆزلەردە بولىدۇ؟

[172] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا، جاغدا بابالىكوف باشچىلىقىدىكى قازاق مىللەتچىلىرىنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان بىر «گورۇھ» ياكى «بىلوگ» بولۇپ ئۇيۇشقانلىقى، ھەمدە ئۇلارنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مىللەتلەر سىياستىگە قارشى ھەرىكەت قىلىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە پاش قىلىش ماتېرىياللىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. شالۇنوفنىڭ موسكاۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا بۇ توغرىلىق مۇنداق دېيىلىدۇ: «زاكىروفنىڭ بايان قىلىشىچە، جاغدا بابالىكوف پارتىيە رەھبەرلىكىگە ۋە پارتىيەنىڭ كادىرلار سىياستىگە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن تەنقىد قىلىنغان. ئۇ ئۆز ئالدىغا ئەكسىل ئىنقىلابىي بىلوگ قۇرغان. يەنى نۇقۇشېۋ، شايىمەردان، ئاقماتغالى ۋە قالدىبايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ گورۇھ، جاغدا بابالىكوفنىڭ يېتەكچىلىكىدە پارتىيەنىڭ ئۇيغۇر ئۇنسۇرلارغا قارشى كۈرەشتە تەتۈر مۇقام تۇتۇلغان. ئۇ پارتىيەنىڭ ‹ئۇچكە قارشى› ۋە ‹بەشكە قارشى› ھەرىكىتى جەريانىدا يۈز بەرگەن تراگېدىيەلىك پاجىئەلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك، دېگەن. زاكىروفنىڭ تەكىتلىشىچە، بابالىكوف باشچىلىقىدىكى قازاق مىللەتچىلىرى خىتاي خەلقىگە چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرغان. بابالىكوف ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورگانلاردا مىللىي كادىرلارنىڭ ئىنتايىن ئازلىقى، ئاساسلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىنى خىتاي كادىرلارنىڭ ئىگىلىۋالغانلىقى توغرىلىق دائىم شىكايەت قىلغان. ئۇ: ‹بىزنىڭ خىتايلارغا ھېچ ئېھتىياجىمىز يوق، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشىمىزنى ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلالايمىز. ئىلى ئوبلاستىدا ھەر 6 نەپەر خىتاي ئاھالىسىگە 1 نەپەر خىتاي كادىر توغرا كەلسە، ھەر 100 نەپەر قازاق ئاھالىسىگە ئاران 1 نەپەر قازاق كادىرى توغرا كېلىدۇ›، دېگەن ئىكەن. سەئىدوف ئىسىملىك بىر يەرلىك ئىشچىنىڭ پاش قىلىشىچە، بابالىكوف يەنە مۇنداق دېگەن ئىكەن: ‹ئۇرۇمچى خىتايلار بىلەن تولدى، غۇلجا ئۇيغۇرلار بىلەن

نەرسە ئەمەسلىكنى تەكىتلەپ ئۆتتۇم.»[173]

شالۇنوف دوكلاتىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا، ئابدۇللا زاكىروفتىن جاغدا بابالىكوف باشچىلىقىدىكى قازاق مىللەتچىلىرىنىڭ ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ئۆزلىرىنىڭ «مىللەتچىلىك خاتالىقلىرى» نى ئېتىراپ قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى سورىغانلىقىنى يازىدۇ. ئابدۇللا زاكىروف ئۇنىڭغا كېڭەيتىلگەن يىغىنىڭ، مەيلى ئومۇمىي مەجلىسدە بولسۇن، ياكى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلغان مۇزاكىرەلەردە بولسۇن، جاغدا بابالىكوف ۋە ئۇنىڭ بىلوگىدىكى قازاق مىللەتچىلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى پەقەتلا ئىقرار قىلمىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. ئابدۇللا زاكىروف يەنە جاغدا بابالىكوفنىڭ قازاق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش، ياكى قازاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش، ۋە ياكى «ئۇچ ئۇنۇنى بىرلەشتۈرۈپ سوۋېت قازاقىستانىغا قوشۇلۇپ كېتىش» لايىھەلىرىنى بىردەك ئىنكار قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ خىتاي خەلقىگە ئۆچ ئەمەسلىكىنى، پەقەتلا خىزمەت جەريانىدا بىر قىسىم خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى تەكىتلەپ تۇرىۋالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئابدۇللا زاكىروف ئاخىرىدا يەنە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» بويىچە كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ تاكى ئاۋغۇستقا قەدەر سوزۇلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئالدىدا ئاخىرقى خۇلاسىنى چىقىرىشنىڭ تەسلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.[174]

[173] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

[174] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History

ئەگەردە جاغدا بابالىكوف ھەقىقەتەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كىشى بولسا ئۇ نېمە ئۈچۈن 1961-يىلى خىتايدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاچىدۇ؟ يەنە كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ جاغدا بابالىكوفنىڭ سوۋېتكە قارشى كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى قانداقلارچە 1960-يىللاردىن كېيىن قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە تەتقىقاتچى قىلىپ ئەتىبارلاپ ئىشلىتىدۇ؟ بۇ يەردە ئابدۇللا زاكىروفنىڭ جاغدا بابالىكوفنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كىشى قىلىپ كۆرسىتىشىدە مەلۇم سىياسىي مەقسىتىنىڭ بارلىقىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. سوۋېت كونسۇلى شالۇنوف دوكلاتىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «زاكىروفنىڭ ماڭا ۋاخاپنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىندا پاش قىلغان سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتىشىچە، جاغدا بابالىكوف سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى نۇرغۇن پاسسىپ گەپ-سۆزلەرنى قىلغان ئىكەن. يەنى ئۆتكەن يىلى جاغدا بابالىكوف سوۋېت ئىتتىپاقى زىيارىتىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋاخاپقا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ فىنلاندىيەگە قارىغاندا كۆپ ناچارلىقى توغرىلىق گەپ ساتقان. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوغرىلىق ۋە ھاراقكەشلىك ھادىسىلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە ئۇ ئالمۇتا شەھىرىدىكى باش ساقچى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ، ئۆزىگە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چۆچەكتىن كەلگەن مۇساپىرلاردىن پۇل-مال تەلەپ قىلىپ تەھدىت سالغانلىقىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇ مەسىلىنى ئېنىق قىلىۋېتىش ئۈچۈن مەن زاكىروفتىن ئالمۇتادىكى باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئىسىم-شەرىپىنى سورىدىم. زاكىروف ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا بۇ تۇردىكى ئاساسسىز گەپ-سۆزلەرنىڭ پەقەتلا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە سوۋېت خەلقىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش ئۈچۈن توقۇلغان تۆھمەتتىن باشقا

نەرسە ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتتۇم.»[173]

شالۇنوف دوكلاتىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا، ئابدۇللا زاكىروفتىن جاغدا بابالىكوف باشچىلىقىدىكى قازاق مىللەتچىلىرىنىڭ ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ئۆزلىرىنىڭ «مىللەتچىلىك خاتالىقلىرى» نى ئېتىراپ قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى سورىغانلىقىنى يازىدۇ. ئابدۇللا زاكىروف ئۇنىڭغا كېڭەيتىلگەن يىغىنىڭ، مەيلى ئومۇمىي مەجلىسدە بولسۇن، ياكى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلغان مۇزاكىرەلەردە بولسۇن، جاغدا بابالىكوف ۋە ئۇنىڭ بىلوگىدىكى قازاق مىللەتچىلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى پەقەتلا ئىقرار قىلمىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. ئابدۇللا زاكىروف يەنە جاغدا بابالىكوفنىڭ قازاق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش، ياكى قازاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش، ۋە ياكى «ئۈچ ۋىلايەتنى بىرلەشتۈرۈپ سوۋېت قازاقىستانىغا قوشۇلۇپ كېتىش» لايىھەلىرىنى بىردەك ئىنكار قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ خىتاي خەلقىگە ئۆچ ئەمەسلىكىنى، پەقەتلا خىزمەت جەريانىدا بىر قىسىم خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى تەكىتلەپ تۇرىۋالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئابدۇللا زاكىروف ئاخىرىدا يەنە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» بويىچە كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ تاكى ئاۋغۇستقا قەدەر سوزۇلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئالدىدا ئاخىرقى خۇلاسىنى چىقىرىشنىڭ تەسلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.[174]

---

[173] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

[174] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History

ئەگەردە جاغدا بابالىكوف ھەقىقەتەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كىشى بولسا ئۇ نېمە ئۈچۈن 1961-يىلى خىتايدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاچىدۇ؟ يەنە كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ جاغدا بابالىكوفنىڭ سوۋېتكە قارشى كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى قانداقلارچە 1960-يىللاردىن كېيىن قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە تەتقىقاتچى قىلىپ ئەتىبارلاپ ئىشلىتىدۇ؟ بۇ يەردە ئابدۇللا زاكىروفنىڭ جاغدا بابالىكوفنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كىشى قىلىپ كۆرسىتىشىدە مەلۇم سىياسىي مەقسىتىنىڭ بارلىقىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. سوۋېت كونسۇلى شالۇنوف دوكلاتىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «زاكىروفنىڭ ماڭا ۋاخاپنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا پاش قىلغان سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتىشىچە، جاغدا بابالىكوف سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى نۇرغۇن پاسسىپ گەپ-سۆزلەرنى قىلغان ئىكەن. يەنى ئۆتكەن يىلى جاغدا بابالىكوف سوۋېت ئىتتىپاقى زىيارىتىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋاخاپقا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ فىنلاندىيەگە قارىغاندا كۆپ ناچارلىقى توغرىلىق گەپ ساتقان. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوغرىلىق ۋە هاراقكەشلىك هادىسىلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە ئۇ ئالمۇتا شەھىرىدىكى باش ساقچى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ، ئۆزىگە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چۆچەكتىن كەلگەن مۇساپىرلاردىن پۇل-مال تەلەپ قىلىپ تەھدىت سالغانلىقىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇ مەسىلىنى ئېنىق قىلىۋېتىش ئۈچۈن مەن زاكىروفتىن ئالمۇتادىكى باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئىسىم-شەرىپىنى سورىدىم. زاكىروف ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا بۇ تۈردىكى ئاساسسىز گەپ-سۆزلەرنىڭ پەقەتلا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە سوۋېت خەلقىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش ئۈچۈن توقۇلغان تۆھمەتتىن باشقا

كومىتېتىلا بىلىدىغان بۇ «مۇتلەق مەخپىيەتلىك» لەرنى، بولۇپمۇ سەيپىدىن ئەزىزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىچكى ئەھۋاللارنى نازارەت دەرىجىلىك كادىر ھېسابلىنىدىغان ئابدۇللا زاكىروف قانداق بىلىدۇ؟

شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ سوئاللار بىزگە ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن ئابدۇللا زاكىروف ئوتتۇرىسىدا پەۋقۇلئاددە يېقىن بىر مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، يەنى ئابدۇللا زاكىروفنىڭ غۇلجاغا ۋاڭ ئېنماۋ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلى بىلەن بولغان مەخپىي ئۇچرىشىشىدىن ۋاڭ ئېنماۋنىڭ خەۋىرى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئابدۇللا زاكىروف سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ شەخسىيتى ۋە كىشىلىك خاراكتېرى ھەققىدە شالۇنوفقا مۇنداق دەيدۇ: «سەيپىدىن ئەزىزوف ئىنتايىن ئۆزۈمچىل ۋە شەخسىيەتچى بىر شەخس. ناۋادا كىمدە-كىم ئۇنى ئازراق خاپا قىلىپ قويسا، ياكى ئۇنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان پىكىر ۋە كۆزقاراشلاردا بولسا، سەيپىدىن ئەزىزوف ھەرقانداق بىر پۇرسەتتە شۇ شەخستىن ئۆچ ئالماي قالمايدۇ. بىر ئامىللارنى قىلىپ قارشى پىكىردىكى كىشىلەرنى ئازابلايدۇ، ياكى زىيان تارتقۇزىدۇ.»[176]

دېمەك، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ سەيپىدىن ئەزىزى ھەققىدە سوۋېت كونسۇلى شالۇنوفقا بەرگەن مەخپىي مەلۇماتلىرىنىڭ دائىرىسى سىياسىي ساھەدىن ھالقىپ، ئۇنىڭ شەخسىيتى ۋە كىشىلىك خاراكتېر مەسىلىلىرىگە قەدەر تاقىلىدۇ. ئابدۇللا زاكىروف «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدا

[176] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

## 8) سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ شەخسىيىتىنى قارىلاش

غۇلجادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى شالۇنوفنىڭ، موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىنىڭ ئاخىرىقى قۇرلىرىدىكى بايانلار كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.

شالۇنوفنىڭ تەكىتلىشىچە، شۇ قېتىملىق مەخپىي ئۇچرىشىشتا ئابدۇللا زاكىروف ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئاشكارىلىغان مەلۇماتلىرىنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى، بولۇپمۇ سەيپىدىن ئەزىزىگە مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى قەتئىي مەخپىي تۇتۇشنى تەلەپ قىلغان. ئابدۇللا زاكىروف يەنە بۇ ئەھۋاللارنى ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.[175]

يوقىرىقى بايانلار بىزگە ئۇنداقتا ئابدۇللا زاكىروف بۇ مەخپىيەتلىكلەرنى قانداق بىلىدۇ، دېگەن سوئالنى تاشلايدۇ. 1958-يىلى 6-ئايدا، يەنى ئابدۇللا زاكىروف غۇلجادا سوۋېت كونسۇلى بىلەن مەخپىي ئۇچراشقاندا ئۇ تېخى نازىر دەرىجىلىك بىر كادىر ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تېخى ئۆستۈرۈلمىگەن، ھەتتا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتىمۇ بولمىغان مەزگىللىرى ئىدى. شۇنداقكەن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي

---

and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

[175] M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

تەرەپنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئابدۇللا زاكىروفنىڭ «پەقەت ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىلا بىلىدىغان» بۇ ئىچكىي ئەھۋاللارنى، غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلىغا ئاشكارىلىشىدا مۇنداق بىر سىياسىي غەرەزنىڭ بارلىقىنىمۇ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ: يەنى ۋاڭ ئېنماۋ ئابدۇللا زاكىروفنى ئىشقا سېلىپ، سەيپىدىن ئەزىزى ئۈستىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە «قارا ماتېرىيال» يوللاش ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سەيپىدىن ئەزىزگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە كرېدىتىنى بەربات قىلىش؛ ئىككىنچى قەدەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سەيپىدىن ئەزىزى مەسىلىسىدە خىتاي كومپارتىيەسىگە بېسىم ئىشلىتىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى يىقىتىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. چۈنكى 1949-يىلىدىن تاكى 1960-يىلىغا قەدەر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە ئورۇنلىرىغا قويۇلىدىغان يوقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ تىزىملىكى مەلۇم شەكىللەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈلەتتى. خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى رەسمىي بۇزۇلۇشتىن ئاۋۋالقى مەزگىللەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىتىغا ياقمىغان، ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا

---

يولىيورۇق» بېرىپ، كۆرۈنۈشتە سەيپىدىن ئەزىزنى قوللىغاندەك كەيپىيات ياراتقان. بولۇپمۇ ماۋ زېدوڭ بىرقانچە قېتىملىق سىياسىي ھەرىكەتلەردە بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، سەيپىدىن ئەزىزنى «قوغدىغان». خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ماۋ زېدوڭنىڭ سەيپىدىن ئەزىزگە قارىتا ئالاھىدە يوزىتسىيە تۇتۇشىنىڭ سەۋەبى سەيپىدىن ئەزىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئالاھىدە بېغى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ۋاڭ ئېنماۋ گەرچە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بولسىمۇ، ئەمما چوڭ ئىشلاردا سەيپىدىن ئەزىزنىڭ پىكرىسىز ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىشتىن ئېھتىيات قىلغان. شۇڭا ئۇ سەيپىدىن ئەزىزنى «شىنجاڭدىكى پۈتلىكاشاڭ تاش» دەپ ئاتىغان (قاراڭ: سەيپىدىن ئەزىزى: ئۆمۈر داستانى [ئەسلىمە-3]، ئا-نۇسخا، 232-بەت، ب-نۇسخا، 118-بەت).

«شىنجاڭدىكى باش يەرلىك مىللەتچى» (ۋاڭ ئېنماۋنىڭ سۆزى) سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ قانداقلارچە تەنقىد قىلىنماستىن، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن قوغداپ قېلىنىشى، ھەتتا ئۇنىڭ «مىللەتچىلىك قىلمىشلىرى» غا مەركەزنىڭ كۆز يۇمۇشى، شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سەيپىدىن ئەزىزىنى تەنقىد قىلىشقا ئامالسىز قېلىشى قاتارلىق ئىچكى ئەھۋاللارنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئاشكارىلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ شەخسىيىتى ۋە كىشىلىك خاراكتېرى ھەققىدە ئىنتايىن سەلبىي بايانلارنى بېرىدۇ.

ئابدۇللا زاكىروف نېمە ئۈچۈن سوۋېت كونسۇلىغا سەيپىدىن ئەزىزىنى شۇنچە «قارىلاپ» مەلۇمات بېرىدۇ؟ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ بۇنىڭغا ئېھتىياجى بارمىدى؟ سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ سەيپىدىن ئەزىزى ھەققىدىكى بۇ ئىچكى ئۇچۇرلارغا قىزىقىشى ۋە بۇنى موسكاۋاغا يوللىشىدىكى سەۋەب زادى نېمە؟

بۇ سوئاللارنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ مۇلاھىزە قىلغاندا، مەيلى ۋاڭ ئېنماۋ بولسۇن، ياكى ئۇنىڭ «يولىيورۇقى» بويىچە ئىش قىلىۋاتقان ئابدۇللا زاكىروف بولسۇن، سەيپىدىن ئەزىزىدىن ئىبارەت ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بۇ «پۇتلىكاشاڭ تاش» (绊脚石)[177] نى ئېرىغىتىپ تاشلاشتا، سوۋېت ئىتتىپاقى

---

[177] «پۇتلىكاشاڭ تاش» (绊脚石) - بۇ سۆز ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋ تەرىپىدىن سەيپىدىن ئەزىزىگە قارىتا ئىشلىتىلگەن سىياسىي سۈپەت سۆزى بولۇپ، ئۇ سەيپىدىن ئەزىزىنى «شىنجاڭدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق پۇتلىكاشاڭ تاش، توسالغۇ تاش» دەپ قارىغان. ۋاڭ ئېنماۋ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن 17 يىل جەريانىدا، يەنى 1952-يىلدىن تاكى 1969-يىلغىچە بولغان مەزگىلدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئىزچىل ئۆزئەگە سوقۇشتۇرغان. خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن سەيپىدىن ئەزىزىگە بەزىدە ئوچۇق، بەزىدە يوشۇرۇن «ئىككى خىل

## مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە سەيپىدىن ئەزىزى ۋە ئىمىنوفلار ئۈستىدىن «دېلو ئاغدۇرۇش»

سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 3-تومىدا، 1960-يىلى ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ۋاڭ ئېنماۋنىڭ مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە «دەم ئېلىپ داۋالىنىش» دېگەن باھانىدا بېيجىڭدىكى شىنجاڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا يەرلەشكەنلىكى، شۇنداقلا بېيجىڭدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە سەيپىدىن ئەزىزى ۋە ئىمىنوفلار ئۈستىدىن «دېلو ئاغدۇرۇش» ئوپېراتسىيەسىگە قاتناشقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1960-يىلى مەن مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپى 〈شىنجاڭ سىنىپى〉 نىڭ ئۈچىنچى قارارلىق سىنىپىغا ئوقۇشقا بارماقچى بولدۇم. مەن مەركەزگە ئۆز نامىمدىن تېلېگراما يوللاپ، نەزەرىيەۋىي سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىن خىزمەتلەردە قىيىنچىلىق تۇغۇلۇۋاتقانلىقىنى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇشۇم لازىملىقى ئېيتىپ تۇرىۋالدىم. ئاخىرى مەركەز مېنىڭ ئوقۇشۇمنى تەستىقلىدى. ئوقۇشنىڭ ئىككىنچى يىلىغا كەلگەندە نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئىدىيە جەھەتتە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تەنقىد قىلىش باسقۇچى باشلاندى. مەنمۇ تەييارلىق قىلدىم. كېيىن چوڭ يىغىندا مېنى تەنقىد قىلىش باشلاندى.

نىسبەتەن باشقىچە قاراشتا بولغان بىر كىشىنىڭ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىدە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئەھۋالنى خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى 1978 - يىلىنىڭ باشلىرىدا سەيپىدىن ئەزىزى توغرىلىق چىقارغان «مەركەزنىڭ 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتى» ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئىچكىي قىسىمدا تارقاتقان سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ خاتالىقلىرى توغرىسىدىكى «ماتېرىياللار توپلىمى» دىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ توپلامدا 1955 - يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا تەيىنلەنمەكچى بولغان رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىسلەر، شۇنداقلا ھەرقايسى نازارەت ۋە ۋىلايەتلەرنىڭ بىرىنچى قول ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىنىڭ تىزىملىكىنى ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىغا ئۇقتۇرغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.[178]

بۇنىڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر دىيارىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە بولغان سەزگۈرلىكىنىڭ قانچىلىك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلىك يۇقىرى قاتلام كادىرلارنىڭ تىزگىنىنىڭ بىر ئۇچىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ۋاڭ ئېنماۋنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن، غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلى شالۇنوفقا سەيپىدىن ئەزىزى ھەققىدە «قارا ماتېرىيال» بېرىشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل شۇ يەردە ئىدى.

---

[178] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن ۋە كادىرلارغا ئىچكىي قىسىمدا تارقاتقان ماتېرىيال: «يولداش سەيپىدىننىڭ ئېغىر لۇشيەن خاتالىقىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ئۈرۈمچى، 1978 - يىل، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا بېسىلغان ئىچكىي نۇسخا، 53 - 50 - بەتلەر

بىجىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە دوكلات يېزىشى بىلەن قوزغىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى ئورۇن بولۇپ، بۇ يەردە مەركەزنىڭ تەستىقىسىز سەيپىدىن ئەزىزىدەك «دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە» يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنى «كۆرەشكە تارتىش» مۇمكىنمۇ؟ 1957 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» باشلانغاندا، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋاڭ ئېنماۋغا مەخسۇس تېلېگراما ئەۋەتىپ، «سەيپىدىن ئەزىزنى تەنقىد قىلماسلىق» ھەققىدە «يوليورۇق» بەرگەن. مۇشۇنداق بىر شارائىتتا، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ «يۇرىكىنى قاپتەك قىلىپ» مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە سەيپىدىن ئەزىزى ئۈستىدىن مەخپىي دوكلات سۇنۇشى ۋە ئۇنى «كۆرەشكە تارتىش»قا ھەرىكەتلەندۈرۈشى مۇمكىنمۇ؟ ئەجەبا، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سەيپىدىن ئەزىزى مەسىلىسىدە ۋاڭ ئېنماۋغا «ئاشكارا» ۋە «يېپىق» ھالەتتە ئىككى خىل «يوليورۇق» بەرگەنمۇ؟

ھالبۇكى، بۇ مەسىلە ھەققىدە سەيپىدىن ئەزىزى مۇنداق دەپ ئىزاھات بېرىدۇ: «مەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە: ‹بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك، ماڭا قىلىنغان تەنقىدنىڭ مەقسىدى زادى نېمە؟ بۇنىڭ ئوگى قايسى، سولى قايسى، تەتۈرى قايسى؟ بۇنى چوقۇم ئېنىقلاش كېرەك›، دەپ سوئال قويدۇم. خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن پارتىيە مەكتىپى پارتكومى مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمىدى. شۇ كۈنلەردە كاڭ شېڭ (康生، 1975 ـ 1898) نىڭ خوتۇنى ساۋ يىئوۋ (曹轶欧، 1989 ـ 1903) مەركىزىي پارتىيە

مەن ئۆزۈمنى تەكشۈردۈم. مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئاۋۋال ئادەتتىكى پىكىرلەر بېرىلىپ، كېيىن بىرقانچە ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ئاتالمىش «ئاكتىپلار» ماڭا قارىتا ھۇجۇمنى باشلىدى. بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇلارغا ئەگەشتى. يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر يىغىندا جىم تۇرۇۋېلىشتى. كېيىن «كۈرەش» يوقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، مېنىڭ خىزمەتتىكى خاتالىقىمدىن ھالقىپ، «تەتۈر ئىنقىلابچى» دېگەن بىر قانچىلىغان قالپاقلار كىيدۈرۈلدى. يەنى، مېنى «شىنجاڭدىكى بارلىق ئەكسىيەتچىلەر، تەتۈر ئىنقىلابچىلار، يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ بوۋىسى، خوتەندىكى ئابلىمىت داموللا قوزغىلىڭىنىڭ باش يېتەكچىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا يەر ئاستى قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىپ ئالماقچى بولغان ۋە باشقىلار،» دېگەندەك جىنايەتلەر بىلەن تەنقىد قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىنىڭ مېنى خىزمىتىمدىن ئېلىپ تاشلاش ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرىتارلىرىدىن بىرى بولغان لىن بومىن (林勃民) بېيجىڭغا كەلگەندە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى پارتكومىغا: «ۋاڭ ئېنماۋنىڭ پىكرى» دەپ بىر دوكلاتنى تاپشۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭدا «سەيپىدىن ئەزىزى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك،» دېيىلگەن ئىكەن.»[179]

سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بېيجىڭدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئۆزىگە قارىتا قانات يايدۇرۇلغان «كۈرەش يىغىنى» دىن، خىتاي كومپارتىيەسى مەر-كىزىي كومىتېتىنىڭ خەۋىرى يوقلۇقىنى، بۇنى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ

---

[179] سەيپىدىن ئەزىزى، «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 229-230-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 117-116-بەتلەر

ئېلىپ تاشلاش زۆرۈر ئىكەن.»[180]

بارغانسېرى ئاشكارا بولۇۋاتقان ئارخىپ ماتېرىياللىرى ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئەسلىمىلىرى شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا 1957-يىلىنىڭ ئاخىرى ئومومىيۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىنغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» ئۈرۈمچى ۋە بېيجىڭدا تەڭ قەدەمدە باشلانغان ئىدى. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى 1954-يىلىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان نازارەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك مىللەت كادىرلىرىنى، بېيجىڭدىكى مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇتۇش ئىشىنى باشلىغان. يەنى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە «شىنجاڭ سىنىپى» تەسىس قىلىنغان.[181]

1957-يىلىدىن ئېتىبارەن بېيجىڭدىكى مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپى، «شىنجاڭ سىنىپى» غا ھەر يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى رەسمىي باشلىغان. «شىنجاڭ سىنىپى» نىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇشىغا ئەۋەتىلگەنلەر ئىچىدە ئابدۇللا زاكىروۋ، مەرغۇپ ئىسھاقوف قاتارلىق كىشىلەر بار ئىكەن. 1958-يىلى 3-ئايغا كەلگەندە، يەنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بىر مەزگىلدە، مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپى ئىككىنچى قارارلىق «شىنجاڭ سىنىپى» تەشكىللەيدۇ. گارشابانىنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، ئىككىنچى قارارلىق «شىنجاڭ سىنىپى» غا ئوقۇشقا

[180] سەيپىدىن ئەزىزى، «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 231-232-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 118-بەت

[181] سەيپىدىن ئەزىزى، «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 229-بەت؛ ب-نۇسخا، 116-بەت

مەكتەپى ئەدەبىيات كافېدراسىنىڭ مۇدىرى ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئالاھىدە كېلىپ، ماڭا ئەھۋالنى تەپسىلىي ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، پارتىيە مەكتىپىدىكى ماڭا قارشى كۈرەش، پارتىيە مەكتىپى پارتكومىنىڭ قارارى ئەمەس بولۇپ، بىرىنچىدىن، كۇرسانتلار ئارىسىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر غۇلغۇلا قىلىشقان ئىكەن. ئىككىنچىدىن، ئۇلارغا ماسلاشقان ھالدا ۋاڭ ئېنماۋنىڭ مېنى قارىلىغان خېتى پارتىيە مەكتىپى پارتكومىغا كەلگەن ئىكەن. ئۈچىنچىدىن، ئابدۇللا زاكىروف باشلىق بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بېيجىڭدىكى شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنىدا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىشى بىلەن، مەسىلىلەر تېخىمۇ مۇرەككەپلەشكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، پارتىيە مەكتىپى پارتكومى ئىچىدىمۇ پىكىر ئىختىلاپلىرى بولۇپ تۇرغان ئىكەن، لېكىن قانداق قىلىشتا بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغاندا ئۇ بۇ ئەھۋالنى كاڭ شېڭغا ئېيتقانلىقىنى، كاڭ شېڭ جۇ ئېنلەي زوڭلى بىلەن ۋاڭ جېنغا ئېيتقانلىقىنى ئىنكاس قىلدى. مەن نۇرغۇن ئويلىنىپ، مۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم: مېنىڭ مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا كېلىشىم، ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىقلارغا ئوبدان پۇرسەت يارىتىپ بېرىپتۇ. مەن پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا كېلىشىنىڭ ئالدىدا ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىقلار بۇ سۇيىقەستنى پىلانلاپ بولغان ئىكەن. ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي، ئابدۇللا زاكىروفنى «بېيجىڭدا دەم ئالدۇ» دېگەن باھانە بىلەن، ئۇنى شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پەردە ئارقىسىدا قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتكەن ئىكەن. مەن ۋاڭ ئېنماۋ ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى شېرىكلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ مەندەك مىخنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن مەقسەتلىك ھالدا پىلانلىغان سۇيىقەستى ئىكەن. ئۇلارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، شىنجاڭدىكى مەندەك چوڭ «پۇتلىكاشاڭ تاش» (绊脚石) نى

نەچچە رەھبىرىي كادىرنىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىك» خاتالىقلىرى پاش قىلىنىدۇ. 1958 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خىتاي كومپارتىيەسى 8 - قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلىدۇ. يىغىندا ماۋ زېدوڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئوف/يوف» لارنىڭ كىملىكىنى تىلغا ئالغاندا جۇ ئېنلەي دەرھال سۆز قىستۇرۇپ: «ئىمنوف، سەيپۇللايوف» دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ماۋ زېدوڭ ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە يايما گەپلەر بىلەن ۋاڭ ئېنماۋغا بىشارەت بېرىدۇ.[183]

دېمەك، 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1958 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان جەرياندا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» نىڭ يالقۇنى ئۈرۈمچى بىلەن بېيجىڭدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە بىرلا ۋاقىتتا ئوت ئالىدۇ. بۇ مەزگىللەردە ئابدۇللا زاكىروف قاتارلىق «ۋاڭ ئېنماۋ گۇرۇھى» غا مەنسۇپ بىر قىسىم ئاكتىپ كادىرلار، ئۈرۈمچى بىلەن بېيجىڭ ئارىلىقىدا تىنىمسىز قاتراپ، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ «شىنجاڭ سىنىپى» دا ئوقۇۋاتقان «قارا تىزىملىك» تىكى كادىرلار ھەققىدە ماتېرىيال توپلايدۇ.

گارشابانىنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، ئۇ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىكى ئوقۇشنى تۈگىتىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگىنىدە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى لىن بومىن (林渤民) ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئۆيىدە ئايرىم سۆزلىششنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ئۇچرىششتا ۋاڭ ئېنماۋ گارشابانىدىن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ «شىنجاڭ سىنىپى» دا ئوقۇغان كادىرلارنىڭ ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ مۇھەممەتئىمىن ئىمنوفنىڭ ئىدىيە ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئالاھىدە كوچىلاپ

[183] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第110页

ئەۋەتىلگەنلەر كادىرلار، مۇئاۋىن نازارەت دەرىجىسىدىن يوقىرى 40 نەپەر كىشىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، ئەنۋەر خانبابا، گارشابانى (موڭغول)، تېلمۇقامەت (قازاق)، زۇلال (تاجىك) قاتارلىق ھەر مىللەتتىن بولغان يوقىرى دەرىجىلىك مىللىي كادىرلار بار ئىكەن. بۇ مەزگىللەردە مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى كاڭ شېڭ، مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ شيەنجېن (杨献珍) بولۇپ، سۈن دېڭكې (登科孙) «شىنجاڭ سىنىپى» نىڭ سىنىپ مەسئۇللىقىغا تەيىنلەنگەن. گارشابانى ئەسلىمىسىدە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىكى ئوقۇشىنىڭ ئىنتايىن جىددىي كەيپىيات ئىچىدە باشلانغانلىقىنى، تۇنجى كۈنىدىكى چوڭ يىغىندىلا كۆرسانتلارنىڭ «پارتىيەگە قەلب تاپشۇرۇشى» لازىملىقى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»، «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى»، «ئىجارە كېمەيتىش»، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش» قاتارلىق مەسىلىلەردە ھەر بىر كادىر ئۆزىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، «خاتالىق» لىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىقرار قىلىشى لازىملىقى تەلەپ قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.[182]

بۇنىڭ بىلەن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى «شىنجاڭ سىنىپى» دىكى كۆرسانتلارنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا جىددىيلىشىپ، سىياسىي ئاتموسفېرا يوقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. كۆرسانتلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەتلەر جەريانىدا سادىر قىلغان «خاتالىقلىرى» نى پاش قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر-بىرىنىڭ «خاتالىق» لىرىنىمۇ پاش قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. يىغىن زالى ۋە كارىدورلارغا چوڭ خەتلىك گېزىتلەر (大字报) چاپلىنىپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف قاتارلىق 10

---

[182] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第109页

لۈكچەكلىك بىلەن داڭق چىقارغان بىر بولاڭچى ۋە ئوغرى ئىكەنلىكى، 1950 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى غېنى باتۇرنىڭ بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا گارشابانىدىن: «مەيداندىكى بۇ قۇرتتەك كۆپ جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى خىتايلارمۇ، ئۇلار نەدىن كەلگەن، نەدە تۇرىدۇ، مۇنچىۋالا كۆپ ئازادلىق ئارمىيە ئەسكىرى بېيجىڭغا قانداق سىغىدۇ؟ ئەجەبا خىتايلار بىز ئۇيغۇرلاردىن، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى بىزنىڭ مىللىي ئارمىيەدىن كۆپمۇ؟» دېگەندەك قالايمىقان سوئاللارنى سورىغانلىقىنى، غېنى باتۇرنىڭ ھېچقانداق سىياسىي بىلىمى ۋە ئىنتىزام قارىشى يوق بىر ساۋاتسىز كىشى ئىكەنلىكى، شۇڭا 1955 ـ يىلى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدىغان ۋاقىتتا، پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئۇنى توسىمىغانلىقى» نى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ.[185]

گارشابانىنىڭ بايان قىلىشىچە، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى «شىنجاڭ سىنىپى» نىڭ مەسئۇلى سۇن دېگىكىي، ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە كۇرسانتلارنىڭ سوۋېت ـ خىتاي ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى، سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيەسى بىلەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى توقۇنۇشلىرى ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «سوۋېت رېۋىزىيونىزمىنىڭ تەسلىمچىلىك ماھىيىتى» گە قارشى پىكىر بايان قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال «شىنجاڭ سىنىپى» دىكى كۇرسانتلارنىڭ كەيپىياتىنى بىردىنلا جىددىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى «شىنجاڭ سىنىپى» نىڭ دەسلەپكى ئىككى قارارىغا

[185] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第111-112页

سورايدۇ. گارشابانى بۇ ھەقتە ۋاڭ ئېنماۋغا تەپسىلىي دوكلات قىلىدۇ. ئاخىرىدا ۋاڭ ئېنماۋ: «ئىمىنوف خاتالىقىنى تونۇغان بولسا، بۇ ياخشى ئىش. ئۇنىڭ بىلىم سەۋىيەسى، بولۇپمۇ رۇسچە سەۋىيىسى ناھايىتى يوقىرىمىش. ‹ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە› نى رۇسچىدىن بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. ئۇ بۇ قېتىم مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىكى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆز خاتالىقلىرىنى تونۇپ: ‹مەن سېپى ئۆزىدىن جۇڭگولۇقمەن› دەپتۇ. بۇ ئۇنىڭ سىياسىي مەيداندا تۈپ ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ،» دەيدۇ. گارشابانى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىدىغان ۋاقىتتا لىن بومىن ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەسكەرتىش بېرىپ: «بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتا دېيىلگەن گەپ-سۆزلەر مەخپىي تۇتۇلسۇن،» دەپ كۆرسەتمە بېرىدۇ.[184]

گارشابانىنىڭ بايان قىلىشىچە، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ 1958-يىللىق ئىككىنچى قارار «شىنجاڭ سىنىپى» ئوقۇغان كادىرلارنىڭ 80 پىرسەنتى ئىلى ئىنقىلابىغا قاتناشقان سەرخىللار ئىكەن. شۇڭا ئۇلار ئوقۇش جەريانىدا «پارتىيەگە قەلب تاپشۇرۇش» قا، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدا ساقلانغان تارىخىي مەسىلىلەرنى پاش قىلىش» قا مەجبۇرلىنىدۇ. خۇلاسە يىغىنىدا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى كاڭ شېڭ، مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ شيەنجېن، كاڭ شېڭنىڭ ئايالى ساۋ يىئوۇ قاتارلىق كىشىلەر نەق مەيداندا ئولتۇرۇپ، ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ «پارتىيەگە قەلب تاپشۇرۇشى» نى ئاڭلايدۇ. گارشابانى بۇ يىغىندا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، «ئاتالمىش ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قەھرىمانى غېنى باتۇرنىڭ ئەمەلىيەتتە

---

[184] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第110-111页

سوۋېت ئىشپىيونىسەن!»[186]

گارشابانىڭ ئەسلىشىچە، شۇ قېتىملىق چوڭ خەتلىك گېزىت چىقىرىش دولقۇنىدا «شىنجاڭ سىنىپى» دىكى كۇرسانتلاردىن ئەنۋەر خانبابا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى زۇلال (تاجىك)، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى تېلمۇقامەت (قازاق)، خىتاي-سوۋېت رەڭلىك مېتال شىركىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جىلانوف قاتارلىق كىشىلەر نۇقتىلىق پاش قىلىندى. ئۇلارنىڭ سوۋېت پاسپورتىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇرلار ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شۇ كۈنلەردە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ «شىنجاڭ سىنىپى» غا مەسئۇل خادىملىرىدىن لو لىن (洛林)، جۇ يى (周逸)، ۋاڭ جېن (王真) قاتارلىق 3 كىشى گارشابانىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلەشتى. ئۇلار گارشابانىدىن «شىنجاڭ سىنىپى» دىكى ھەر بىر كادىرنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مىللىي ۋە دىنىي خاھىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىگە بولغان ساداقىتىنىڭ دەرىجىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئېنچىكىلەپ سورايدۇ. گارشابانى ئۇلارغا «شىنجاڭ سىنىپى» دىكى كۇرسانتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئىلگىرى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان»، «سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان» ياكى «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بولغان» كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ھەتتا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ھۆكۈمەت ۋە مىللىي ئارمىيەدىكى ئاز بولمىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى

[186] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第114页

ئەۋەتىلگەن كادىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىلى ئىنقىلابىغا قاتناشقان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، قولىدا سوۋېت پاسپورتى بولغان ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشايدىغان كىشىلەر ئىدى. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىۋاسىتە، ياكى ۋاستىلىق مۇناسىۋىتى بولغان، ياكى سوۋېت ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان بۇ كادىرلارنىڭ، ئەمدىلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى پىكىر بايان قىلىشقا مەجبۇرلىنىشى، ئۇلاردا ئۆز كىملىكى ۋە سىياسىي كرېدىتىغا نىسبەتەن كىرىزىس تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. بۇ هال بەزى پۇرسەتپەرەسلەرگە سىياسىي جەھەتتىن چاقنايدىغان ياكى يوقىرىغا يامىشىدىغان شارائىت تۇغدۇرىدۇ. ئۇلار بۇ «ئىقىم» دىن پايدىلىنىپ، شەخسىي دۈشمەنلىرى ياكى رىقابەتچىلىرىگە زەربە بېرىشكە هازىرلىنىدۇ.

سۇن دېڭكېنىڭ سىياسىي تاپشۇرۇقى بويىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ «شىنجاڭ سىنىپى» دا بىر-بىرىنى پاش قىلىش باشلىنىدۇ. بىرقانچە كۈننىڭ ئىچىدىلا ئوقۇتۇش بىناسى، سىنىپ ۋە ياتاق بىناسىنىڭ تاملىرى خەتايچە، ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە چوڭ خەتلىك گېزىتلار بىلەن تولىدۇ. بۇ تام گېزىتلىرىدە ئاساسلىقى «يەرلىك مىللەتچى» لەرنىڭ ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش غايىسى ۋە ئۇلارنىڭ چەتئەلگە باغلىنىش مەسىلىسى پاش قىلىنىدۇ. چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنىڭ بىرىدە مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفقا هۇجۇم قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «سەن زادى جۇڭگولۇقمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ سەن رەئىس ماۋ زېدوڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالدىدا قاپ يۈرەكلىك بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا قانداق پېتىندىڭ؟ سەن سوۋېت رېۋىزىيونىستلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنى پارچىلاش سۇيىقەستى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانسەن، سەن چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر،

ئېنماۋنىڭ بۇ ھەرىكەت جەريانىدا خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەخپىي يولىيورۇقى بىلەن، ئۇرۇمچىدە پىلانلىغان سىياسىي ئويۇنلىرىنىڭ بىر ئۇچى بېيجىڭدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگىمۇ تۇتاشقان ئىدى. شۇڭا بۇ ھەرىكەت جەريانىدا ئابدۇللا زاكىروف قاتارلىق «ئاكتىپ مىللىي كادىرلار» ۋاڭ ئېنماۋنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن، بىر تەرەپتىن ئۇرۇمچى، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىكى «كۆرەش يىغىنلىرى» دا ئوت قويرۇقلۇق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن سەيپىدىن ئەزىزى تەكىتلىگەندەك بېيجىڭدىكى شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنى بازا قىلىپ، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ «شىنجاڭ سىنىپى» دىن «قارا تىزىملىك» كە چۈشكەن مىللىي كادىرلارغا زەربە بېرىش ئوپېراتسىيەسىگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ. گەرچە گارشابانى بىلەن ئابدۇللا زاكىروفنىڭ شەخسىي مۇناسىۋىتى 1950 - يىللارنىڭ باشلىرىدىلا بۇزۇلغان، ھەتتا شەخسىي ئۆچمەنلىككە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ۋاڭ ئېنماۋ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىدۇ. بىر-بىرىگە دۈشمەن بولغان بۇ ئىككى شەخس «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدا، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ سىياسىي سۇيىقەستلىرى ئۈچۈن پېچكا بولۇپ بېرىدۇ.

1950 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىلى ئىنقىلابىدىن يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر كادىرلارغا زەربە بېرىش، «يولۋاس تۇتۇش» ۋە ئىلى ۋىلايىتىدە «زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش» ھەرىكىتىنى قوزغاشتا ۋاڭ جېنغا يانتاياق بولغان گارشابانى، 1952 - يىلى ۋاڭ جېن يىقىلغاندا باشپاناھسىز قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئابدۇللا زاكىروف، گارشابانىنىڭ ئىلگىرى ئۆزىنى «پارىخور يولۋاس» لار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ،

پۇقرالىقىغا يېزىلغانلىقى» نى پاش قىلىدۇ. ئۇ بۇلارنىڭ مىسالى سۈپىتىدە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى (مىللىي ئارمىيەنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش قوماندانى) گېنېرال زۇنۇن تېيىپوف، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى (مىللىي ئارمىيەنىڭ سابىق دىۋىزىيە كوماندىرى) گېنېرال مەرغۇپ ئىسھاقوف، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى ئەردە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى زىيا سەمەدى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى پولات ئالىم قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سوۋېت پۇقرالىقىغا ئۆتكەن ۋە قولىدا سوۋېت پاسپورتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ «كۈندۈزلىرى ختاي كومپارتىيەسىنىڭ يىغىنلىرىغا قاتناشسا، كەچقۇرۇنلىرى سوۋېت كونسۇلخانىسىغا قاتراپ دوكلات قىلىدىغانلىقى» نى مەلۇم قىلىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان لىۇ لىن گارشابانىدىن: «بۇ ئەھۋاللارنى ۋاڭ جېن، ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىق يولداشلار بىلەمدۇ؟» دەپ سورايدۇ. گارشابانى: «ئەلۋەتتە، بىلىدۇ، بۇنى خېلى كۆپ كىشىلەر بىلىدۇ.» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار ئاخىرىدا گارشابانىدىن: « ‹شىنجاڭ سىنىپى› پارتىگۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى ئەنۋەر خانبابامۇ چەتئەل پۇقراسىمۇ؟» دەپ سورىغىنىدا گارشابانى: «بۇنى بىلمەيمەن.» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.[187]

يوقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بېيجىڭدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ «شىنجاڭ سىنىپى» دا ئېلىپ بېرىلغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش»، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئوخشاش تېمىدىكى سىياسىي ھەرىكەت بىلەن پاراللېللىق ھاسىل قىلغان. ۋاڭ

[187] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第114-115页

مەسىلىلەرنى كولاپ چىقىرىش» ئوپېراتسىيەسىنىڭ ئاساسلىق چوماقچىلىرىغا ئايلىنىدۇ.

گارشابانى ئەسلىمىسىدە 1960-يىلى 1-ئايدا بېيجىڭدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى «شىنجاڭ سىنىپى» نىڭ مەسئۇلى سۇن دېڭكېنىڭ، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبەتنى ئاشكارىلايدۇ. بۇ سۆھبەتتە گارشابانى تەرجىمانلىق قىلغان بولۇپ، ئىمىنوفنىڭ بەزى سۆزلەرنى بىۋاستە خىتايچە سۆزلىگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. سۆھبەتتە ئۇلار مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفتىن «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 10 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىكى يوقىرى قاتلام كادىرلار ۋە زىيالىيلار ئارىسىدا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش مەسىلىسى قانداق داۋاملىشىپ كەلدى؟ 1950-يىلى ئۆكتەبىردىكى بىرىنچى نۆۋەتلىك دۆلەت بايرىمىدا بۇ مەسىلە مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىدا قانداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى؟ بۇنىڭغا نىسبەتەن سىزنىڭ شەخسىي كۆزقارىشىڭىز قانداق؟» دەپ سورايدۇ. ئىمىنوف بىر تال موكورخا يۆگەپ ئىچىگە كۈچەپ تارتقاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «مەن يەنە بىر قېتىم پارتىيەگە شۇنداق قەلب تاپشۇرىمەنكى، مەيلى ئازادلىقتىن بۇرۇن ياكى ئازادلىقتىن كېيىن بولسۇن، مەن دۆلەتنى پارچىلايدىغان ھەرقانداق بىر ھەرىكەتتە بولۇپ باقمىدىم. ئاتالمىش ‹ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى› قۇرۇش ئىشى، ئەمەلىيەتتە كۆككۆز (رۇسلارنى دېمەكچى) لەرنىڭ دۆلىتىمىزنى پارچىلاش سۇيىقەستىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. 1951-يىلى ئېلىندا ئېچىلغان ‹51 چىلەر مەجلىسى› نى پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقى پىلانلىغان، مەن بۇ مەجلىسكە قاتناشمىغان، ھەتتا ئەھۋالنى ئۆز ۋاقتىدا باش قوماندا ۋاڭ جېنغا دوكلات قىلغانمەن. مەن ئازادلىقتىن ئىلگىرىلا شىنجاڭنىڭ مەڭگۇ مۇستەقىل

تەكشۈرمەكچى بولغانلىقىدەك ئىچكىي ئەھۋالنى بىلىپ قالغاچقا، ئۇنىڭدىن تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۆچ ئالىدۇ. گارشابانى شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللا زاكىروفتىن ئۆچ ئېلىش ئىشىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ پۇرسەت كۈتىدۇ ۋە قەدەممۇ-قەدەم ۋاڭ ئېنماۋنىڭ قوينىغا ئۆزىنى تاشلايدۇ. 1957-يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەتكە سەپەرۋەرلىك قىلىش» كېڭەيتىلگەن يىغىنى باشلانغاندا، گارشابانى ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ، ئابدۇللا زاكىروفتا «يەرلىك مىللەتچىلىك خاھىشى ئىنتايىن ئېغىر» دەپ ئەيىبلەيدۇ. بۇ ھەرىكەت جەريانىدا گەرچە «پاش قىلىنغان» ياكى «تارتىپ چىقىرىلغان» شۇنچە كۆپ ئۇيغۇر ۋە قازاق كادىرلارغا «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كىيدۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئابدۇللا زاكىروف خوجايىنى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ كۈنلۈكى ئاستىدا ئامان قالىدۇ، ھەتتا بۇ ھەرىكەتتىكى «ئاكتىپ مىللىي كادىر» لارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ.

مەيلى ئابدۇللا زاكىروفنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجادىكى مۇئاۋىن كونسولى شالۇنوفقا بەرگەن مەخپىي مەلۇماتلىرىدا بولسۇن، ياكى گارشابانىنىڭ ئەسلىمىسىدە ئاشكارا قىلغان تەپسىلاتلاردا بولسۇن، 1958-يىلىدىن 1961-يىلىغىچە بولغان جەرياندا، بېيجىڭدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ بىرقانچە قارارلىق «شىنجاڭ سىنىپى» دا ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي كۈرەشنىڭ ئاساسلىق نىشانى دەسلەپ مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفقا، ئاندىن سەيپىدىن ئەزىزىگە قارىتىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت جەريانىدا ئابدۇللا زاكىروف بىلەن گارشابانى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئايرىم-ئايرىم بەرگەن مەخپىي يوليورۇقى بويىچە مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، سەيپىدىن ئەزىزى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر كادىرلارنى پاش قىلىش، «قارا ماتېرىيال توپلاش» ۋە «ئۇلارنىڭ تارىخىي

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، شىنجاڭدا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش خىيالىدا بولغانلىقىم راست. ئەمما كېيىنكى ئەمەلىيەت ماڭا بۇنىڭ ماڭغىلى بولمايدىغان يول ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. شۇڭا مەن مەيدانىمنى ئەينى ۋاقىتتىلا ئۆزگەرتكەنمەن. مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلگىرى بىزگە ياردەم بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئەمما ئۇلارنىڭ ئەۋەتكەن خادىملىرىنىڭ يۈزدە-يۈز بولشېۋىك ئەمەسلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن... مەن قەلبىمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بولسامۇ، ئەمما لېنىنغا ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا، بولشېۋىكلارغا قارشى ئەمەسمەن. مەن يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىگە، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمانلارنى چوشقا گۆشى يېيىشكە مەجبۇرلاش سىياسىتىگە قارشىمەن.»[190]

ئىمىنوف سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو-سوۋېت چېگرا مەسىلىسىدىكى باياناتىنى قەتئىي ھىمايە قىلىمەن. تارىختا شىنجاڭ چېگراسىدىكى نۇرغۇن جايلار سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىزنى دىن ۋە مىللەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلىشقا ئۈندىگەن. ئۇلار يۈزلىگەن دىنىي ۋە مىللىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنى بىزنىڭ ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرىمىزغا زورلاپ كىرگۈزۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خەنزۇ پۇقرالىرىنىڭ قىرغىن قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان. رەئىس ماۋ زېدوڭنىڭ ‹ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى› دېگەن سۆزى مېنى ھەقىقەتەنمۇ

---

[190] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第119-120页

بولالمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەنمەن.»[188]

گارشابانى يەنە شۇ قېتىملىق سۆھبەتتە ئىمىنوفنىڭ سۇن دېڭكېغا تۆۋەندىكى 3 نۇقتا بويىچە «قەلب تاپشۇرغانلىقى» نى يازىدۇ: «ئىمىنوف ئۆزىنىڭ شەخسىي كۆزقاراشلىرىنى مۇنداق 3 نۇقتا بويىچە بايان قىلدى. (1) شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ كەلدى. شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن مۇستەقىل بىر دۆلەت بولغان تارىخى يوق. سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق بىر قىسىم كىشىلەر بازارغا سالغان سۇتۇق بۇغراخان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆتكەن بىر دىنىي شەخس. ئۇ قەبىلە جامائىتىنىڭ ئاقساقىلى، ھەرگىزمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەت رەھبىرى ئەمەس؛ (2) شىنجاڭدىكى 13 مىللەتنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار مەملىكىتىمىز نوپۇسىنىڭ 95 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان خەنزۇ خەلقى بىلەن بىرلىكتە ياشىغاندىلا ئاندىن چىقىش يولى تاپالايدۇ؛ (3) ئەگەردە شىنجاڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولدى دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ پەقەتلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ‹ئىستان› نامى بېرىلگەن بىر قورچاق جۇمھۇرىيىتى بولۇپ قالىدۇ، ھەرگىزمۇ باشقا چىقىش يولى بولمايدۇ.»[189]

گارشابانى ئاندىن كېيىن ئىمىنوفنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ: «مەن بۇ يەردە ئىنتايىن سەممىيەتلىك بىلەن پارتىيە تەشكىلىگە شۇنداق قەلب تاپشۇرىمەنكى، مېنىڭ چەتئەل بىلەن باغلانغان ھېچقانداق مەسىلەم يوق. مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشپىيونىمۇ ئەمەس. مېنىڭ ئىلگىرى

[188] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第118-119页

[189] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第119页

بىر كىشى ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىز كوممۇنىست بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۇنى قايىل قىلالمىدۇق. بۇنىڭدىن بەكمۇ خىجىللىق ھېس قىلىمەن.»[192]

يۇقىرىقى بۇ بايانلار گارشابانىنىڭ ئەسلىمىسىدە ئاشكارا قىلىنغان ئەپسىلاتلاردۇر. ئەلۋەتتە، گارشابانىنىڭ ئەسلىمىسىدىكى بۇ بايانلارنى باشقا مەنبەلەر، بولۇپمۇ بېيجىڭدىكى خىتاي مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئارخىپلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان مەخپىي ھۆججەتلەر ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما گارشابانىنىڭ ئەسلىمىسىدىكى يۇقىرىقى بايانلار 1958-يىلدىن 1961-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بېيجىڭدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا يەرلىك مىللەت كادىرلىرىنىڭ قانداق ئۇسۇللاردا «مېڭىسى يۇيۇلغانلىقى»، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەسىرى زور سەرخىللارنىڭ، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفقا ئوخشاش يوقىرى قاتلام ئۇيغۇر كادىرلىرىنىڭ «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى بىلەن ئەيىبلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي غۇرۇر ۋە قەدىر قىممەت جەھەتتىن قايسى دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

1960-يىلى ئەتىيازدا گارشابانى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىكى ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ، بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ. 1960-يىلى 3-ئايدا ۋاڭ ئېنماۋ ئۇنىڭ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىكى بىر قاتار «تۆھپىلىرى» ۋە «يەرلىك مىللەتچىلەرنى پاش قىلىشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى» نى كۆزدە تۇتۇپ، گارشابانىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ تاكى 1969-يىلى ۋاڭ ئېنماۋ

[192] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第120页

غۇرۇرلاندۇردۇ.» بۇ ۋاقىتتا سۇن دېڭكې ئىسمونوفتىن: «بەزىلەر سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە سوۋېت پۇقرالىق گۇۋاھنامىسى بىلەن سوۋېت پاسپورتى بار دەيدۇ، بۇ قانداق ئىش؟» دەپ سورايدۇ. ئىسمونوف بۇنى ئىنكار قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇنداق ئىش يوق، مەن سېپى ئۆزىدىن جۇڭگولۇق ئۇيغۇرمەن. كۆز ئالدىمدىكى مەنپەئەتنى دەپ، ئۆزۈمگە چېكىنىش يولى قالدۇرۇپ قويىدىغان پۇرسەتپەرەستلەردىن ئەمەسمەن!»[191]

گارشابانىنىڭ تەكىتلىشىچە، بۇ كۆرۈشۈشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ئىسمونوف ئۆزىنىڭ بىر كوممۇنىست، ئاتېئىست ۋە ماتېرىيالىزمچى ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ قېتىملىق مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇش جەريانىدا بىر كوممۇنىست بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھېس قىلغان مۇنداق ئىككى مەسىلىنى دوكلات قىلىمەن: بىرىنچىدىن، مەن خۇداسىزلىق مەسىلىسىدە كەسكىن بولالمىدىم، يەنى مەن كومپارتىيە ئەزاسىمەن. پارتىيەگە كىرىدىغان ۋاقتىمدا ‹خۇدا يوق، مەن ئاتېئىست› دەپ قەسەم قىلغانمەن. ئەمما بۇ قېتىملىق پارتىيە مەكتىپىدىكى ئۆگىنىش جەريانىدا باشقا زور كۆپچىلىك مۇسۇلمان كادىرلارغا ئوخشاشلا مەنمۇ ‹خۇدا يوق› دېگەن مەسىلىنى ئوچۇق-ئاشكارا دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. بۇ بەلكىم ئىسلام دىنىنىڭ بىزگە قالدۇرغان دىنىي پەرھىزلىرى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ پارتىيە مەكتىپىدىكى ساۋاقداشىمىز سىدىق مۇسا نەزەرىيە دەرسىدىكى ‹ئائىلە كەلگۈسىدە يوقىلىدۇ› دېگەن بايانلارنى ئاڭلاپ، روھىغا قاتتىق تەسىر قىلدى بولغاي دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى يېشى ئەڭ چوڭ، كۆرگەن-بىلگەنلىرى ئەڭ كۆپ

[191] 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，第120页

## «ۋاڭ ئېنماۋ گۇرۇھى» بىلەن «سەيپىدىن گۇرۇھى» ئوتتۇرىسىدىكى پىچكا

سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئابدۇللا زاكىروف ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ۋە شەخسىي خۇسۇمەتلەر قاچان، قەيەردە ۋە قانداق ئارقا كۆرۈنۈشتە باشلانغان؟

بۇ مەسىلىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھۆججەتلەر ۋە ئارخىپ ماتېرىياللىرى تېخىچە يېتەرلىك ئەمەس. ئەسلىدە سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئابدۇللا زاكىروف 1930 - يىللاردا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن چەتئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن 300 نەپەر ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ، ھەر ئىككىسى تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان مەكتەپداشلاردىن ھېسابلىنىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزى 1935 - يىلىدىكى ئىككىنچى قاراردا، ئابدۇللا زاكىروف 1936 - يىلىدىكى ئۈچىنچى قاراردا تاشكەنتكە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇلارنىڭ تاشكەنتتىكى ئوقۇش جەريانىدا قانداق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە سەيپۇللايوف، ئابلىمىت ھاجىيوف قاتارلىق تاشكەنتتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىنى تىلغا ئالسىمۇ، ئەمما ئابدۇللا زاكىروف ھەققىدە ھېچنېمە دېمەيدۇ.

ئۇلار تاشكەنتتىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، ھەر ئىككىسى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن

يىقىلغىچە ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ۋاڭ ئېنماۋ ئۆرۈلۈپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن يۆتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ سەيپىدىن ئەزىزى 1972 ـ يىلى «تۆت بىرىنچى» ھوقۇقىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، گارشابانىنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىنى نەس باسىدۇ.

ئابدۇللا زاكىروفمۇ شۇ يىللاردا ئۈرۈمچى بىلەن بېيجىڭ ئارىلىقىدا تىنىمسىز قاتراپ، «سەيپىدىن گۇرۇھى» غا مەنسۇپ يوقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر كادىرلار ۋە «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كىيدۈرۈلگەن سەرخىللارنىڭ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ. شۇ يىللاردا ۋاڭ ئېنماۋنىڭ كۆڭلۈكى ئاستىغا كىرگەن ئابدۇللا زاكىروف 1959 ـ يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، 1960 ـ يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىكىگە ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى چاقنىغان يىللىرى تاكى 1960 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، يەنى ۋاڭ ئېنماۋ تەختتىن غۇلىغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

ئەزىزنىڭ 1945 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقىغا ئۆتكەنلىكى، 1946 - يىلىنىڭ بېشىدا غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلى بارىسوفنىڭ سەيپىدىن ئەزىزنى مەخپىي ئاخباراتچىلىققا قوبۇل قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.[195]

ھالبۇكى، ئابدۇللا زاكىروف بىلەن سەيپىدىن ئەزىزدىن ئىبارەت ئىككى «تاشكەنتچى» نىڭ، 1930 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1940 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا غۇلجا ۋە چۆچەكتىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن قانداق سىرلىق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى، ھەمدە بۇ خىل ئىچكى ئالاقىلەرنى قاچانغىچە داۋاملاشتۇرغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆرسىتىپ بېرىدىغان باشقا مەنبەلەر قولىمىزدا يوق. سەيپىدىن ئەزىزنىڭ ئۆزىمۇ ئەسلىمىسىدە چۆچەكتە تۇرغان 6 يىل جەريانىدىكى نۇرغۇن ۋەقەلەرنى تەپسىلىي يازغان بولسىمۇ، ئەمما ئابدۇللا زاكىروف بىلەن چۆچەكتە قانداق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ. ئەمما خىتاي كومپارتىيەسى ئاشكارا قىلغان ئابدۇللا زاكىروفقا دائىر تارىخىي سۈرەتلەر ئىچىدە، 1940 - يىللاردا سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئابدۇللا زاكىروفنىڭ بىللە چۈشكەن فوتو سۈرەتلىرى ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ بىرىدە سەيپىدىن ئەزىزى، ئايىم ئەزىزى، ئابدۇللا زاكىروف، ئۇنىڭ سىڭلىسى ۋە سىڭلىسىنىڭ ئېرى بولۇپ بەش كىشىنىڭ بىللە چۈشكەن فوتو سۈرىتىمۇ بار.[196]

---

[195] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن ۋە كادىرلارغا ئىچكى قىسىمدا تارقاتقان ماتېرىيال: «يولداش سەيپىدىننىڭ ئېغىر لۇشيەن خاتالىقىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ئۈرۈمچى، 1978 - يىل، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا بېسىلغان ئىچكى نۇسخا، 50 - 49 - بەتلەر

[196] 阿不都拉 · 扎克洛夫:百度百科,https://baike.baidu.com/item/阿不都拉 · 扎克洛夫/2567864

چۆچەككە خىزمەتكە ئەۋەتىلىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزى «تارباغاتاي گېزىتى» ئىدارىسىگە، ئابدۇللا زاكىروف تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىغا ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ.

قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئۇلار ھەر ئىككەيلەننىڭ شۇ يىللاردا سوۋېت ئىستىخباراتىغا ئىشلىنىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى بىر قىسىم مەلۇماتلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. زىيا سەمەدى ئۆزىنىڭ «ئىستەك ۋە قىسمەت» ناملىق ئەسلىمىسىدە، 1945-يىلى ئەتىيازدا ئىلى 1-رايون شۆبە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان ئابدۇللا زاكىروف بىلەن ئايرىم ئۇچراشقانلىقىنى، بۇ ئۇچرىشىشتا ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئۆزىنىڭ 1938-يىلدىن بۇيان چۆچەكتە تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېدكىسىغا ئىشلىنىپ قالغانلىقىنى ۋە ئۇزۇن يىللار قولدىن-قولغا ئۆتۈپ، سوۋېت تەرەپ ئۈچۈن مەخپىي ئاخبارات يەتكۈزۈپ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى يازىدۇ.[193] سەيپىدىن ئەزىزىمۇ «ئۈمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 1-تومىدا، 1942-يىلى ئۆزىنىڭ چۆچەك ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ سوراققا تارتىلغانلىقى، سوراقتا خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ‹سوۋېت كونسۇلى ساڭا قانداق ۋەزىپە تاپشۇردى؟› دەپ قىين-قىستاققا ئالغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.[194] 1978-يىلى 1-ئايدا خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سەيپىدىن ئەزىزى توغرىلىق «1-نومۇرلۇق ھۆججەت» چىقىرىپ، ئۇنى رەسمىي ئەيىبلىگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوممۇ «سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ خاتالىقلىرى» ھەققىدە ئىچكىي ماتېرىيال تەييارلاپ كادىرلارغا تارقىتىدۇ. بۇ ماتېرىيالدا سەيپىدىن

---

[193] زىيا سەمەدى: « ئىستەك ۋە قىسمەت» (ئەسلىمە)، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2012-يىل نەشرى، 398-396-بەتلەر

[194] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۈمۈر داستانى» (ئەسلىمە-1)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل نەشرى، 503-بەت

بىرلىككە كېلەلمەپتۇ.»[197]

قىزىقارلىقى شۇكى، سەيپىدىن ئەزىزىدىن رەئىسلىكنى تالاشقۇچىلار زادى كىملەر؟ نېمە ئۈچۈن غۇلجادىكى ئابدۇكېرىم ئابباسوفقا قارشى كىشىلەر يوشۇرۇن يىغىلىپ، ئۆلكە رەئىسلىكىنىڭ نامزاتىنى مۇزاكىرە قىلىشىدۇ؟

ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ يەردە سەيپىدىن ئەزىزنىڭ «ئابدۇكېرىم ئابباساسوفقا قارشى كىشىلەر» دېگىنى، دەل «سەيپىدىن ئەزىزگە قارشى كىشىلەر» نى كۆرسىتەتتى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىللە سىرلىق ئايروپىلان ۋەقەسىدە ئۆلگەنلىكىنى غۇلجادىكى ھەممە كىشىلەر بىلىپ بولغانىدى. شۇنداقكەن، ئۆلۈپ بولغان ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كۈنلۈكى ئاستىدا قۇرۇلغۇسى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سەيپىدىن ئەزىزنىڭ بۇ غەلىتە بايانى بىزگە 1949-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، يەنى ئەخمەتجان قاسىملارنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى غۇلجادا ئاڭلىتىلغان كۈنلەردە، ئىلى ھۆكۈمىتى ۋە مىللىي ئارمىيەنىڭ يوقىرى قاتلىمىدا سەيپىدىن ئەزىزگە قارشى كىشىلەرنىڭ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ سەيپىدىن ئەزىزنى ئەخمەتجان قاسىمدىن كېيىنكى ئورۇنباسار دەپ تونۇمايدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزى يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يولداش دېڭ لىچۈن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى - مۇشۇنداق مۇھىم بىر مەزگىلدە ئىغۋاگەرچىلىك قىلغان ھەرىكەتلىرىنى - چوقۇم مۇۋاپىق ئۇسۇل

[197] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 29-30-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 16-17-بەتلەر

1949-يىلى 11-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بېيجىڭدىكى خىتاي مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىدىن قايتىپ كەلگەن سەيپىدىن ئەزىزى، ۋاڭ جېن قاتارلىق خىتاي كوممۇنىستلىرىنى باشلاپ غۇلجاغا باردى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ سىرلىق ئۆلۈمىنى خەلقتىن 3 ئايغىچە مەخپىي ساقلىغان سەيپىدىن ئەزىزى، بۇ قېتىم غۇلجادا رەسمىي ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولدى. سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىنىڭ تېخى ئوقۇرمەنلەرگە يەتمىگەن 3-تومىدا، شۇ كۈنلەردە غۇلجادا بىر قىسىم كادىرلارنىڭ مەخپىي باش قوشۇپ، ئۆلكىگە كىمنى رەئىس قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىردەك «سەيپىدىن رەئىسلىك ئورنىغا چىقسا بولمايدۇ» دەپ قارايدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزى بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز غۇلجادا يولداش دىڭ لىچۈن، ئادالەت ئىسھاقوۋا، سەيپۇللايوف، لېسكىنلەر بىلەن ئىلىنىڭ ئەھۋالىنى مۇزاكىرىلەشتۇق... بۇ كۈنلەردە ئىلگىرى ئابدۇكېرىم بىلەن قارىمۇ-قارشى بولۇپ كەلگەن بىرنەچچە پىتنە-ئىغۋاگەرلەر يوشۇرۇن يىغىلىشىپ، ‹شىنجاڭغا كىمنى رەئىس قىلىش كېرەك؟› دېگەن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىپتۇ. ئۇلار ‹مېنى رەئىس بولۇپ قالمىغىيدى› دەپ ئەندىشە قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەسلى ئىدىيەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇمۇ بىر ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلار قارشىلىقىنى قىلماي قالمايتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ يەنە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى، مەخپىي ئىغۋاگەرلىك ھەرىكىتى قىلىپ يۈرگەنلىكى ھەرگىزمۇ كەچۈرگىلى بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. ئۇلار مەخپىي ئولتۇرۇشىدا رەئىسلىككە بىرەرسىنى كۆرسىتىپ

ئىلىدىكى، بولۇپمۇ غۇلجادىكى خەلق ئىككى كۈندىن بېرى ئۆز رەھبەرلىرىنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ بىر كۆزى ياش، بىر كۆزى قان بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا بەزى ئادەملەر مەخپىي مەجلىس ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ رەئىسلىكىنى تالىشىش ھەرىكىتى قىلىۋاتىدۇ. بۇ پەقەت يول قويغىلى بولمايدىغان ئىش. مەن بۈگۈن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتماي. ئۆلكىگە كىم رەئىس بولىدۇ، كىم قوماندان بولىدۇ، كىم پارتىيە سېكرىتارى بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قارار قىلىدىغان ئىش. بىز مەركىزىي كومىتېتنىڭ قارارىغا قەتئىي بوي سۇنۇشىمىز كېرەك. بۇ توغرىدا باش-باشتاقلىق قىلىشقا، ھەرگىزمۇ پىتنە-ئىغۋا قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ،› - دېدىم.»[199]

ئىلىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلىنىڭ ھاكىمىيەت قاتلىمىدىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرى ئارىسىدا داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان «تارانچى» ۋە «قەشقەرلىق» زىددىيەتلىرىگە چەكلىمە قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلار تامامەن يوقاپ كەتمىگەن ئىدى. بولۇپمۇ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپاتىدىن كېيىن، ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بىردىنلا ئوچۇقچىلىققا چىقىپ، كىمنىڭ رەھبەر بولۇش مەسىلىسى تالاش-تارتىش قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئابدۇللا زاكىروف، زىيا سەمەدى، ئابدۇرەھىم ئەيسا ۋەكىللىكىدىكى «تارانچىلار» گۇرۇھىدىكىلەر، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بىردىنلا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىشىغا قارشى ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سەيپىدىن ئەزىزىنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئورۇنباسارى سۈپىتىدە، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغۇسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك

[199] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 30-31-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 18-17-بەتلەر

بىلەن تەنقىد قىلىش كېرەك، دېگەن پىكىرگە كەلدۇق. ئەتىسى «ئىتتىپاق» نىڭ تەشكىلىي ھەيئەت مەجلىسىنى چاقىردۇق. تەشكىلىي ھەيئەتنىڭ ئەزالىرىدىن باشقا ھېلىقى مەخپىي مەجلىسكە قاتناشقانلارنىمۇ چاقىردۇق. مەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. يولداش دېكنىڭ لىچۇن ناھايىتى قاتتىق تەنقىد بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىنىڭ ناھايىتى ئېغىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنى تەكشۇرۇپ خاتالىقنى ئۈستىگە ئالدى، بەزىلىرى جىم تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ خىل خاتالىقلىرىغا بۇندىن كېيىن قەتئىي يول قويۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتتۇق.»[198]

يوقىرىقى بايانلاردىن مەلۇم بولدىكى، غۇلجادا سەيپىدىن ئەزىزگە قارشى مەخپىي يىغىن ئېچىپ، رەئىسلىك مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغۇچىلار، شۇ ۋاقىتتا ئىلىدىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان «ئىتتىپاق» نىڭ تەشكىلىي ھەيئەت ئەزالىرى بولمىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇنداقتا، ئۇلار زادى كىملەر؟ ئىلىنىڭ يوقىرى قاتلىمىدىكى «قەشقەرلىق» لەرگە قارشى «تارانچىلار گورۇھى» دىكى كىشىلەرمۇ؟ تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، سەيپىدىن ئەزىزنىڭ رەئىس بولۇشىنى قوللىمايدىغان ئابدۇللا زاكىروف، زىيا سەمەدى، رەھىمجان سابىرھاجى، ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق «تارانچىلار گورۇھى» غا مەنسۇپ شەخسلەرمۇ؟

ھالبۇكى، سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئەسلا تىلغا ئالمايدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەتىسى غۇلجىدىكى رۇس كۇلۇبىدا كادىرلارنىڭ مەجلىسىنى ئاچتۇق... مەن: «ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق مۇھىم بىر ۋەزىيەتتە پۈتۈن

---

[198] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 30-بەت؛ ب-نۇسخا، 17-بەت

كۆچىيدۇ. ۋاڭ ئېنماۋ «سەيپىدىن گورۇھى» غا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كونا رەقىبلىرىدىن ئابدۇللا زاكىروف، سەۋدانوف زاھىر، مامۇتوف قۇربان قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، سەيپىدىن ئەزىزىگە قارشى «بىرلىك سەپ» ھاسىل قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، 1957-يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا «ۋاڭ ئېنماۋ گورۇھى» نىڭ كۆنلۈكى ئاستىغا كىرگەن سەيپىدىننىڭ رەقىبلىرى، بولۇپمۇ ئابدۇللا زاكىروف باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر كادىرلار، «سەيپىدىن گورۇھى» غا قارشى شىددەتلىك ھۇجۇمنى باشلايدۇ. ئۇلار شۇ يىلى 12-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەشكە سەپەرۋەرلىك قىلىش يىغىنى» دا، ھۇجۇمنى ئەڭ ئالدى بىلەن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ دوكلاتىدىن باشلايدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەكىتلىشىچە، ئۇ 1957-يىلى 12-ئاينىڭ 16-كۈنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەشكە سەپەرۋەرلىك قىلىش» كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى»ناملىق دوكلاتنى ئوقۇپ ئۆتىدۇ.[201] ئۇ دوكلاتىدا «يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيەسىگە قارشى تۇرۇش» نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما يىغىندا ئابدۇللا زاكىروف «يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيەسىگە ئەمەس، بەلكى يەرلىك مىللەتچىلىك ئەكسىل ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش كېرەك» دەپ

[201] سەيپىدىن ئەزىزى: «يەرلىك مىللەتچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى»

赛福鼎 · 艾则孜：《坚决反对地方民族主义，为社会主义的伟大胜利而奋斗》，北京：民族出版社，(1958)

ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇشقا لاياقەتلىك ئەمەس دەپ قارايتتى. گەرچە سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىدا غۇلجادا ئۆزىگە قارشى چىققۇچىلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئوچۇق تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ دەۋرنىڭ كۆپلىگەن شاھىتلىرى ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلەتتى. ئابدۇللا زاكىروف بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى ئوتتۇرىسىدا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇزۇن مەزگىلگىچە داۋاملاشقان زىددىيەت-ئىختىلاپلار، زىيا سەمەدىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «ئەخمەت ئەپەندى» ناملىق تارىخىي رومانىدا، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ يېزىشىغا ئوخشاش بىر قاتار ئەھۋاللارمۇ بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.[200]

1955-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا سەيپىدىن ئەزىزى ئاپتونوم رايوننىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇللا زاكىروف ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئاردىكى دەرىجە پەرقى ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالىي رەھبىرى ماۋ زېدوڭنىڭ سەيپىدىن ئەزىزنى يۆلىشى سەۋەبلىك، ئابدۇللا زاكىروف باشچىلىقىدىكى ئىلىدىن كەلگەن سەيپىدىننىڭ كونا رەقىبلىرى ۋاقىتلىق سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما 1956-يىلىدىكى «ئېچىلىپ-سايراش» ۋە 1957-يىلىدىكى «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكەتلىرى جەريانىدا، ئابدۇللا زاكىروف باشچىلىقىدىكى سەيپىدىن ئەزىزنىڭ رەقىبلىرىگە پۇرسەت تۇغۇلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىقىنى ئۆتەۋاتقان ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن-كۈنگە

---

[200] زىيا سەمەدى: «ئەخمەت ئەپەندى» (تارىخىي رومان)، ئالمۇتا، 1995-يىل ئۇيغۇر كىرىل يېزىقىدىكى نەشرىگە قاراڭ

ماۋ زېدوڭ ئالاھىدە «يولىيورۇق» بېرىپ، سەيپىدىن ئەزىزىنى ساقلاپ قالدى.[204]

1958-يىلى 7-ئاينىڭ 9-كۈنى ئابدۇللا زاكىروف سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجادا تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى شالۇنوف بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەن ۋاقىتتا، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەيپىدىن ئەزىزىدەك «يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ بوۋىسى» نى ساقلاپ قالغانلىقىدىن شىكايەت قىلىدۇ. ئۇ بۇ مەسىلىدە شالۇنوفقا مۇنداق ئىزھات بېرىدۇ: «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەيپىدىن ئەزىزىنى تەنقىد قىلماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقلەر ۋە كادىرلار ئارىسىدىكى تەسىرىنىڭ چوڭلىقىدىن بولغان. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى چەتئەللەردىمۇ مەلۇم تەسىرگە ئىگە شەخس ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك.»[205]

ئابدۇللا زاكىروف 1957-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1959-يىلىنىڭ باشلىرىغا قەدەر داۋاملاشقان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدا، ۋاڭ ئېنماۋ پىلانلىغان سىياسىي سىنا-رىيەدە ياخشى رول ئالغانلىقى، ياكى ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن بىر

[204] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 218-219-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 110-بەت

[205] Memorandum on a Discussion Hel by the Consul of the USSR in Ghulja, Comrade E. I. Shalunov, with the Chief of the Education Department of the People's Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comrade Zakirov, 9 July, 1958, "M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov", Wilson Center Digital Archive International History Declassified History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176. Translated by David Brophy

http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901

ئۆكتە قويىدۇ.[202]

دېگەندەك، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدا ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن ئىزچىل بىر ياقىدىن باش چىقارغان ئابدۇللا زاكىروف، ئالدى بىلەن «سەيپىدىن گۇرۇھى» دىكى سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف قاتارلىق مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك كادىرلار بىلەن زىيا سەمەدى، ئابدۇرەھىم ئەيسا، ئابدۇرەھىم سەئىدى، ئىبراھىم تۇردى، ئابدۇرەھىم پەتەك قاتارلىق نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنى «يەرلىك مىللەتچىلىك» بىلەن ئەيىبلەپ، بىر-بىرلەپ يىقىتىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزىمۇ ئەسلىمىسىدە ئابدۇللا زاكىروف باشچىلىقىدىكى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ «مىللىي تايانچ كۈچلىرى» نىڭ تۈپ مەقسىتى، سەيپىدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مىللىي كادىرلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزلىرى رەھبەرلىك ئورنىغا چىقماقچى ئىدى، دەپ يازىدۇ.[203]

ھالبۇكى، ۋاڭ ئېنماۋ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» داۋامىدا ئابدۇللا زاكىروف قاتارلىقلارنىڭ قولى ئارقىلىق «سەيپىدىن گۇرۇھى» دىكى سەيپۇللايوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف قاتارلىق غوللۇق كادىرلارنى يىقىتالىغان بولسىمۇ، ئەمما سەيپىدىن ئەزىزىنى ئۆرۈش مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. خۇددى سەيپىدىن ئەزىزى تېخى ئوقۇرمەنلەرگە يەتمىگەن ئەسلىمىسىنىڭ 3-تومىدا يازغىنىدەك، بۇ ھەرىكەت داۋامىدا ۋاڭ ئېنماۋنىڭ تىغ ئۇچى سەيپىدىن ئەزىزگە قارىتىلغان بىر جىددىي پەيتتە، ئويلىمىغان يەردىن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالىي رەھبىرى

---

[202] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 216-218-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 109-بەت

[203] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 216-218-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 109-بەت

دېلو ئاغدۇرۇش» يوليورۇقى بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىكى سىياسىي ئۆگىنىشتە سەيپىدىن ئەزىزگە قارشى ئوت ئاچىدۇ. ئۇلار سەيپىدىن ئەزىزنى «شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىلەر، تەتۈر ئىنقىلابچىلار ۋە يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ بوۋىسى؛ خوتەندىكى ئابلىمىت داموللا قوز- غىلىڭىنىڭ باش يېتەكچىسى؛ شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا يەر ئاستى قوماندانلىق شتابى تەشكىل قىلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىپ ئالماقچى بولغان»[206] دېگەندەك جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە سەيپىدىن ئەزىزنى كۈرەش قىلىش چوقانلىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئىش بۇ يەرگە بارغاندا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالىي رەھبىرى ماۋ زېدوڭ، يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا چىقىپ سەيپىدىن ئەزىزنى قوغداپ قالىدۇ. ماۋ زېدوڭنىڭ يوليورۇقى بىلەن جۇ ئېنلەي، كاڭ شېڭ ۋە ۋاڭ جېنلار ئارىغا چۈشۈپ، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىكى سەيپىدىن ئەزىزگە قارشى شامالنى يىغىشتۇرىدۇ.[207]

1966-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىشى بىلەن، «ۋاڭ ئېنماۋ گۇرۇھى» نىڭ سەيپىدىن ئەزىزنى يىقىتىش پىلانى تولۇق بەربات بولىدۇ. قىزىل قوغدىغۇچىلار ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى يوقىرى دەرىجىلىك ھوقۇقدارلارغا ھۇجۇم قوزغىغاندا، ماۋ زېدوڭ «سەيپىدىن ياخشى يولداش» (赛福鼎是个好同志) دېگەن ئىمزالىق «خان يارلىقى» ئەۋەتىپ، سەيپىدىن ئەزىزنى يەنە بىر قېتىم قوغداپ قالىدۇ. ماۋ زېدوڭ ئىمزا قويۇپ ئەۋەتكەن

[206] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 229-230-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 117-بەت

[207] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 230-232-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 118-بەت

ياقىدىن باش چىقىرىپ «خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى» سەۋەبلىك خوجايىنى تەرىپىدىن ئۆزى كۆزلىگەن ئىنئامغا ئېرىشىدۇ. يەنى، ئۇ بىر دوملاپلا نازارەت دەرىجىلىك كادىردىن مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك ئىككى چوڭ ھوقۇققا، 1959 - يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ۋە 1960 - يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ئەمما ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمايدۇ.

1960 - يىلى سەيپىدىن ئەزىزى خىتاي پايتەختى بېيجىڭدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ 3 - قارارلىق «شىنجاڭ سىنىپى» غا ئوقۇشقا بارىدۇ. گەرچە بۇ ۋاقىتتا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» نىڭ شاملى بىراز بېسىققان بولسىمۇ، ئەمما ۋاڭ ئېنماۋ رەقىبى سەيپىدىن ئەزىزنى يىقىتىش غەرىزىدىن يانمايدۇ. ئۇ ئابدۇللا زاكىروفقا مەخسۇس كۆرسەتمە بېرىپ، سەيپىدىن ئۇستىدىن بېيجىڭدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە سىياسىي شامال قوزغاش ۋە ئۇنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىدىن ئېلىپ تاشلاش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزنىڭ ئەسلىمىسىدىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، يېڭىدىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن ئابدۇللا زاكىروف، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ مەخسۇس تاپشۇرۇقىنى ئېلىپ، «دەم ئېلىش» باھانىسىدا بېيجىڭدىكى شىنجاڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ «شىنجاڭ سىنىپى» دا ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم ئاكتىپ كادىرلار لىن بومىن، ئابدۇللا زاكىروفلار تەرىپىدىن بېيجىڭدىكى شىنجاڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا يوشۇرۇنچە چاقىرتىپ كېلىنىپ، ئۇلارغا «سەيپىدىن ئۇستىدىن

شاڭخەي چەتئەل تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ قىزىل قوغدىغۇچىلىرى بىرلىكتە باستۇرغان، «ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئەڭ چوڭ هوقۇقدار ۋە چەتئەللەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ئەڭ چوڭ ئۇنسۇر»[212] قاتارلىق ماتېرىياللارمۇ ئارقا-ئارقىدىن بېسىلىپ تارقىتىلىدۇ.

1969-يىلى ۋاڭ ئېنماۋ تەختتىن دومىلاپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن يۆتكەپ كېتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەڭ چوڭ يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلغان ئابدۇللا زاكىروف قاتارلىق سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «كۈشەندىلىرى» قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ. قىزىل قوغدىغۇچىلار، «سەيپىدىن گۇرۇھى» غا قارشى مەيداندا تۇرۇپ كەلگەن بۇرھان شەهىدى، ئابدۇللا زاكىروف قاتارلىقلارنىڭ بوينىغا تاختاي ئېسىپ كۈرەش قىلىدۇ ۋە سازايى قىلىدۇ. 1972-يىلى سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە، هۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە بىڭتۇەندىن ئىبارەت 4 چوڭ هاكىمىيەت سىستېمىسىنىڭ بىرىنچى هوقۇقىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، كونا رەقىبلىرىدىن بىر-بىرلەپ هېساب ئالىدۇ. بولۇپمۇ ئابدۇللا زاكىروفتىن يەتكۈچە ئۆچ ئالىدۇ.

1977-يىنىڭ ئاخىرى سەيپىدىن ئەزىزى يىقىلغاندىن كېيىن، ئۇنى «پىپەن قىلىش» بويىچە كادىرلارغا ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان ماتېرىيالدا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ 1960-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەھۋاللىرىنى ياخشى بىلىدىغان بىر قىسىم رەقىبلىرىنى «شەرقىي تۈركىستان خەلق

---

七中学编印:《我们为什么打到王恩茂 --- 王恩茂专案调查报告之一》, 1967年10月1日

[212] 中国人民解放军新疆军区生产建设兵团阿克苏《兵工司》, 《新疆风暴》编辑部; 上海外国语学院红卫兵师《反修战士》, 《上外曙光》编辑部合印:《新疆党内最大的走资派 --- 王恩茂是最大的里通外国分子》, 1967年10月, 上海

«خان يارلىقى»، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى «ئىسيانچىلار» بىلەن قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ كۈرەش نىشانىنى سەيپىدىن ئەزىزىدىن ئۇزاقلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھۇجۇم نىشانىنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋغا يۆتكەيدۇ. «خوڭ ئېر سى» (红二司)، يەنى «شىنجاڭ قىزىل ئىككىنچى قوماندانلىق شتابى» چىقارغان «شىنجاڭ ئۇرۇش گېزىتى» 1967 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ، ۋاڭ ئېنماۋغا قارشى باش ماقالە ۋە خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىشقا باشلايدۇ. «ۋاڭ ئېنماۋنى يوقىتىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلايلى»[208] سەرلەۋھەلىك باش ماقالە بىلەن «شىنجاڭدىكى يەرلىك پادىشاھ ۋاڭ ئېنماۋنىڭ سوۋېت رېۋىزىيونىستلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ئەشەددىي جىنايى قىلمىشلىرى»[209] ناملىق ماقالە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇنىڭدىن باشقا 1967 - يىلى يەنە «شىنجاڭ ئىنقىلابىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىسيان كۆتۈرۈش باش قوماندانلىق مەركىزى» نامىدا، «ۋاڭ ئېنماۋنىڭ 17 يىلدىن بۇيانقى ‹3 كە قارشى› جىنايى قىلمىشلىرى»[210]، ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم قىزىل قوغدىغۇچىلار ۋەكىللىرى كومىتېتى تۈزۈپ باستۇرغان، «بىز نېمە ئۈچۈن ۋاڭ ئېنماۋنى يوقىتىمىز - ۋاڭ ئېنماۋنىڭ مەخسۇس دېلوسىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»[211]، بىكتۇەننىڭ ئاقسۇدىكى ئىسيانچىلىرى بىلەن

---

[208] 《打到王恩茂，解放全新疆》，中国人民解放军新疆军区，新疆生产建设兵团红二司新疆江苏指挥部主版：《新疆战报》， 1967年1月第6期，头版

[209] 新疆红二司：《新疆的土皇帝王恩茂里通苏修的滔天罪行》，中国人民解放军新疆军区，新疆生产建设兵团红二司新疆江苏指挥部主版：《新疆战报》， 1967年1月第6期，第2版

[210] 新疆革命职工造反总司令部政治部编：《王恩茂十七年来的三反罪行》，乌鲁木齐，1967年7月22日稿，9月20日印

[211] 新疆乌鲁木齐地区大中院校红卫兵代表大会促进委员会第

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرنەچچە كىشىنى قولغا ئالدۇردى.»[214]

يوقىرىقى باياناتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گەرچە بۇ ماتېرىيالدا ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما «سەيپىدىن خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ بىرنەچچە كىشىنى قولغا ئالدۇردى» دېگەن كىشىلەر ئارىسىدا، ئابدۇللا زاكىروفنىڭمۇ بارلىقى ئېنىق ئىدى. چۈنكى ئابدۇللا زاكىروف سەيپىدىن ئەزىزى «تۆت چوڭ ھوقۇق» نى قولغا ئالغان 1970 ـ يىللاردا ھاياتىنى تۈرمىلەردە ئۆتكۈزگەن ئىدى. بۇ ئىچكىي ماتېرىيال چىققان ۋاقىتلار 1978 ـ يىلىنىڭ باشلىرى بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا ئابدۇللا زاكىروف تېخى «ئاقلانمىغان»، ھەم تۈرمىدىن چىقمىغان ئىدى. بۇ ئىچكىي ماتېرىيالدا ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئىسمىنىڭ تىلغا ئېلىنماسلىقى، ئۇنىڭ تېخى «پىگفەن» قىلىنىپ، نامىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. دېگەندەك، سەيپىدىن ئەزىزى تەختتىن غۇلاپ، بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، يەنى ئۇنىڭ ئورنىغا «كونا رەقىبى» ۋاڭ فېڭ (汪峰) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ مەسىلىسى ئاندىن قاراپ چىقىلىدۇ. ئابدۇللا زاكىروف 1978 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قاتتىق كېسەل ھالەتتە تۈرمىدىن بوشىتىلىدۇ. 1981 ـ يىلى ئۇنىڭ كونا يۆلەنچۈكى ۋاڭ ئېنماۋ جىلىن ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارلىقىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا بىرىنچى سېكرېتار بولۇپ يۆتكەپ كېلىنگەن ۋاقىتتا، 63 ياشقا كىرگەن ئابدۇللا زاكىروف

[214] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن ۋە كادىرلارغا ئىچكىي قىسىمدا تارقاتقان ماتېرىيال: «يولداش سەيپىدىننىڭ ئېغىر لۇشيەن خاتالىقىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ئۈرۈمچى، 1978 ـ يىل، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا بېسىلغان ئىچكىي نۇسخا، 24 ـ 23 ـ بەتلەر

ئىنقىلابىي پارتىيەسى» گە باغلاپ قولغا ئالدۇرۇۋەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ماتېرىيالدا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەھۋاللىرىنى ياخشى بىلىدىغان ئۇيغۇر سايرانىنى، 1969 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قولغا ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.[213] ئۇنداقتا، ئابدۇللا زاكىروفمۇ سەيپىدىن ئەزىزى تەرىپىدىن قولغا ئالدۇرۇلغانمۇ؟ بۇ ئىچكى ماتېرىيالدا بۇ توغرىلىق ئېنىق بايان يوق، ئەمما سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ شۇ ۋاقىتتا قانداق كىشىلەرنى قولغا ئېلىش توغرىلىق قانداق ئۇرۇنۇشلاردا بولغانلىقى توغرىلىق مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ پاش قىلىشىغا قارىغاندا، سەيپىدىن ئۆزىگە قارشى بولغانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن تىڭجاڭ (نازىر)، جۈجاڭ (ئىدارە باشلىقى) دىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلاردىن ‹قولغا ئېلىش كېرەك› دەپ، 21 كىشىنىڭ ئىسمىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە سەيپىدىننىڭ تارىخىي مەسىلىلىرىنى بىلىدىغانلار، بەزىلىرى سەيپىدىننى پاش قىلغان ۋە پىپەن قىلغانلار، بەزىلىرى ئۇنداق ياكى مۇنداق مەسىلىسى بارلار بار ئىدى. 1968 ـ يىلى سەيپىدىن بۇ كىشىلەرنى قولغا ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، ‹ئۇلار ئاممىۋىي تەشكىلاتتا قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى› دېگەننى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكەن. سەيپىدىن بۇ كىشىلەرنىڭ ئىسىملىكىنى جۇڭياڭغا يوللىغاندىن كېيىن، جۇڭياڭ تەستىقلىمىغاچقا ئۇنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشماي قالغان. لېكىن سەيپىدىن يەنىلا نىيىتىدىن يانماي كېيىنچە يوقىلاڭ بەدناملار چاپلاپ، خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ،

[213] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن ۋە كادىرلارغا ئىچكى قىسىمدا تارقاتقان ماتېرىيال: «يولداش سەيپىدىننىڭ ئېغىر لۇشيەن خاتالىقىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ئۈرۈمچى، 1978 ـ يىل، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا بېسىلغان ئىچكى نۇسخا، 23 ـ بەت.

## راھىلە زاكىرروۋانىڭ شىكايىتى: «بىز خىتايلارنى خاتا چۈشىنىپتۇق»

تارىخ 1980-يىللارغا قەدەم قويغاندا، ئەسلىمىلەردىن باشقا تەسەللىيسى قالمىغان ئالدىنقى ئەۋلاد ئۇيغۇر سىياسىي سەرخىللىرى ئۆز-ئۆزىگە بىر قاتار ئاچچىق سوئاللارنى قويدۇ: شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى يىقىلىپ، ئۇيغۇرلار خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كونلۇكى ئاستىغا كىرگەن 30 يىلدا زادى نېمىلەرنى يوقىتىپ، نېمىلەرگە ئېرىشتى؟ 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىدا چوڭ كۈچلەرنىڭ بېسىمى ياكى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي خاھىشى بىلەن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي تەقدىرىنى بەلگىلىگەن شەخسلەرگە قانداق باھا بېرىش كېرەك؟ 20-ئەسىرنىڭ 40-يىلىرىدىن 80-يىللىرىغىچە بولغان تارىخىي مۇساپىدە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى، بۇرچى ۋە جاۋابكارلىقىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟...

مەيلى سەيپىدىن ئەزىزى بولسۇن، ياكى ئابدۇللا زاكىروف بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ 20-ئەسىردىكى تراگېدىيەلىك جەريانلىرىغا ئارىلاشقان، ئوخشىمىغان دەرىجىدە رول ئالغان ۋە تارىخىي جاۋابكارلىقى سۈ-رۈشتە قىلىنىدىغان شەخسلەردۇر.

سەيپىدىن ئەزىزى ئوقۇرمەنلەرگە يەتمىگەن ئەسلىمىسىنىڭ

ئۇنىڭ شاپائىتىنى قايتا كۆرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.

ۋاڭ ئېنماۋنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن 1960 - يىلى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان سەيپىدىن ئەزىزى ئۇستىدىن «دېلو ئاغدۇرۇش» شاملى چىقارغان كادىرلار ئىچىدە، ئابدۇللا زاكىروۋ بىلەن بىر قاتاردا مامۇتوۋ قۇربان (شۇ يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى) مۇ بار ئىدى. 1970 - يىللارغا كەلگەندە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق خوجايىنىغا ئايلانغان سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇللا زاكىروفتىن ئۆچ ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مامۇتوۋ قۇربانىنى دومىلىتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەمەلدار مامۇتوۋ قۇربان، شۇ يىللاردا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىچكىي بۇيرۇقى بىلەن، تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى پۈتۈنلەي خىتايلاردىن بولغان بىڭتۇەنىنىڭ بىر پولك مەيدانىغا، مۇئاۋىن پولك باشلىقى دېگەن قۇرۇق نام بىلەن مائاشى ئىككى دەرىجە چۈشۈرۈلۈپ، سۈرگۈن قىلىنىۋېتىلىدۇ.[215]

شۇنداق قىلىپ، سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئابدۇللا زاكىروۋ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان شەخسىي خۇسۇمەت ۋە «ھوقۇق تالىشىش» كۈرىشى ئەڭ ئاخىرىدا سەيپىدىنىڭ ۋاقىتلىق غەلىبىسى، ئابدۇللا زاكىروفنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

[215] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن ۋە كادىرلارغا ئىچكىي قىسىمدا تارقاتقان ماتېرىيال: «يولداش سەيپىدىنىڭ ئېغىر لۇشيەن خاتالىقىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ئۈرۈمچى، 1978 - يىل، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا بېسىلغان ئىچكىي نۇسخا، 22 - بەت

زاكىروفنىڭ خانىمى راھىلە زاكىروۋا بىلەن ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيىدە 3 كۈن تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا راھىلە زاكىروۋا يولدىشى ئابدۇللا زاكىروفنىڭ 1970 ـ يىللاردا قانداق ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى، تۈرمىدە تارتقان دەرت ـ ئەلەملىرى ۋە ئاخىرىدا ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە بۇ دۇنيادىن كەتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ.

ھۈسەيىن غازى 1944 ـ يىلى 6 ـ نويابىردا مىللىي ئىنقىلابقا قاتناشقان بولۇپ، دەسلەپ ئەترەت باشلىقى، ئاندىن ئىسكادرون كوماندىرى، مىللىي ئارمىيە جەنۇبىي فرونت قىسىملىرىنىڭ شتاب باشلىقى، غۇلجا شەھەر گارنىزون كومېندانتى، باياندايدا ئېچىلغان ھەربىي ئوفىتسېرلارنى تەييارلاش مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ مەسئۇل خادىمى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1954 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ، قىرغىزىستاننىڭ بېشكەك شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەردە بولغان. ھۈسەيىن غازى قەمبەرى 1986 ـ يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىدا ئايرىلغىلى 23 يىل بولغان ۋەتەنگە تۇغقان يوقلاپ كەلگەن. بۇ جەرياندا ئۇ سەيپىدىن ئەزىزى ۋە ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئايالى راھىلە زاكىروۋا بىلەن كۆرۈشكەن.

ھۈسەيىن غازى 2015 ـ يىلى قىرغىزىستاندا نەشر قىلىنغان «مەنزىلگە يېتەلمىگەن سەپەرلەر» ناملىق ئەسلىمىسىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى ئاڭلاپ ئابدۇللا زاكىرنىڭ ئايالى راھىلەم كۆرۈشكىلى كەلدى. ئۇ دەرت ـ ئەلەملىرىنى ئېيتىپ كۆز ياش قىلىپ، بىزنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى. دەرت ـ ئەلەم ۋە قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە قېلىپ داۋا تاپمىغان بۇ دەرتمەن بىزنى قويۇپ بەرمەي 3 كۈن ئۆيىدە تۇتۇپ قالدى. بۇ ئايال مېنىڭ ئايالىم بىلەن ئەينى ۋاقىتتا بىر مەكتەپتە ئوقۇپ

3 - تومىدا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئالدىدا جاۋابكار ئىكەنلىكى، نۇرغۇن سەپداشلىرىنى قوغداپ قالالمىغانلىقىنى ئۆكۈنۈش ئىچىدە تىلغا ئالىدۇ. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلقىدىن، بولۇپمۇ 1950 - يىللاردىن 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان جەرياندا باستۇرۇلغان، تۈرمىلەرگە قامالغان، سىياسىي قالپاق كىيدۈرۈلۈپ جازالانغان، ئازاب چەككەن، ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەن ئۇيغۇر سەرخىللىرى، ھەممە ئۆلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن كەچۈرۈم سورايدىغانلىقىنى يازىدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، سەيپىدىن ئەزىزى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى بولۇپ تۇرغان يىللاردا، ياكى 1972 - يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «4 بىرىنچى» ھوقۇقىنى قولىغا ئالغان ۋە سەلتەنەت سۈرگەن مەزگىللىرىدە ئەمەس، بەلكى بېشىدىن «دۆلەت قۇشى» ئۇچۇپ كەتكەن، تەختتىن غۇلىغان، بېيجىڭدا «مىرزاقاماق» تا ياتقان يىللىرىدا ئاندىن بۇ ھېسابنى بېرىشنى ئويلايدۇ. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 1 - ۋە 2 - تومى يېزىلغان ۋە ئېلان قىلىنغان 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەمەس، بەلكى ئەسلىمىسىنىڭ 3 - تومى يېزىلغان، لېكىن ئېلان قىلىنىش مۇمكىنچىلىكى يوقالغان 1990 - يىللاردىكى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىدا، ئاندىن بۇ ھېسابنى بەرمەكچى بولىدۇ.

ھالبۇكى، ئابدۇللا زاكىروف ئۇيغۇر خەلقىگە ئۆز زىممىسىدا قەرز بولۇپ قالغان بۇنداق تارىخىي ھېساب - كىتابنى بېرىشكە ئۈلگۈرمەيلا 1981 - يىلى 63 يېشىدا ئۇ دۇنياغا كېتىدۇ. ئابدۇللا زاكىروف ئالەمدىن ئۆتۈپ 5 يىل بولغاندا، يەنى 1986 - يىلى ئاۋغۇستتا ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىنقىلاب سەپداشلىرىدىن ھۈسەيىن غازى قەمبەرى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تۇغقان يوقلاپ ۋەتەنگە كېلىدۇ. ئۇلار ئۈرۈمچىگە كەلگەندە ئابدۇللا

ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان يېڭى ھۆكۈمەتكە ئابدۇللا زاكىرنى باش كاتىپ قىلىپ بەلگىلىگەن ئىدى. ئاخىرقى كۈنلەردە ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىلىپ تەيىنلىگەن ئىكەن. ئۇ مۇشۇ خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقاندا ھېلىقى ئىپلاس «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن ھەرىكەت باشلىنىپ، خىتايلار بىرىنچى قەدەمدە ھۇجۇمنى ئۇيغۇر رەھبىرى كادىرلارغا زەربە بېرىشتىن باشلاپتۇ. ئابدۇللا زاكىرنىڭ تارتقان دەرت-ئەلەملىرىنى ئۇنىڭ ئايالى بىزگە مۇنداق سۆزلەپ بەردى:

«بىز باشتا كوممۇنىست خىتايلارنىڭ يۈرگۈزگەن سىياسەتلىرىنى توغرا دەپ بىلىپ، ئۇلارنى ئادەم دەپ يۈرۈپتۇق. بۇلار ئىنسان چۈمپەردىسىنى يۈزىگە تارتىۋالغان، ۋەھشىي ھايۋانلاردىنمۇ يامان يارىلىپ قالغان مەخلۇقلار ئىكەن. بىزنىڭ تارتقان دەردىمىزنى تىل بىلەن سۆزلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. قىسقىلا دېسەم، قىزنى ئانىدىن، ئوغۇلنى ئاتىدىن ئايرىپ، تەكلىماكان چۆللىگە تاشلىدى. چۆل-باياۋانلاردىكى يىلان-چايانلارنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرسەڭلار كۇپايە. ئۆزۈمنىڭ تارتقان ئازابلىرىمنى قويۇپ تۇرۇپ، يولدىشىم ئابدۇللا باشلىق رەھبىرى كادىرلارنىڭ تەقدىرىنى قىسقىچە ئېيتىپ بېرەي. خىتايلار بايرام كۈنلىرى قەغەزدىن، لاتىدىن ئەجدەرھا ياساپ ئىچىگە بىرقانچە ئادەم كىرىپ كۆتۈرۈپ چىقسا، بىز چۈشەنمەي ئويۇن كۆردۇق دەپ يۈرۈپتۇق. بۇنىڭدا چوڭ بىر سىر بار ئىكەن، يەنى «بىز خىتايلار دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مىللەت، ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت، كىمكى بىزگە قارشى تۇرسا، بىزگە بويسۇنمىسا، بارلىق جانلىقلارنى يۇتىدىغان مۇشۇ ئەجدەرھادەك يۇتۇپ ھەممىڭنى يوق قىلىمىز،» دېگەن مەنا بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدىم...»[218]

---

[218] مۇسەيىن غازى قەمبەرى: «مەنزىلگە يېتەلمىگەن سەپەرلەر» (ئەسلىمە)، بىشكەك، 2015-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 304-بەت

بىللە ئۆسكەن بولۇپ، گويا قېرىنداشتىنمۇ يېقىن ئىدى. ئۇنىڭ يولدىشى ئابدۇللا زاكىرمۇ مېنىڭ دوستۇم ۋە ئىنقىلابىي سەپدىشىم ئىدى.»[216]

راھىلە زاكىروۋا ھەققىدە خىتاي مەنبەلىرىدە كۆپ مەلۇماتلار ئۇچرىمايدۇ. ئەمما ئابدۇللا زاكىروف ھەققىدىكى خىتاي ھۆكۈمەت مەنبەلىرىدە ئۇلار ئىككەيلەننىڭ «ئورتاق ئىنقىلابىي مەقسەت ئۈچۈن» بىر يولغا ماڭغانلىقى، 1941-يىلىنىڭ باشلىرىدا توي قىلىپ ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. راھىلە زاكىروۋا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، غۇلجادىكى «شەرق» مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. خىتاي ھۆكۈمەت مەنبەلىرى يەنە، راھىلە زاكىروۋانىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە ئابدۇللا زاكىروف قاتارلىق ئىلغار ياشلار تەشكىللىگەن تۈرلۈك ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلىقى، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» غا ئەزا بولغانلىقى ۋە 1944-يىلى ئىلىدا پارتلىغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ئىشتىراك قىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ «شىنجاڭدا ئەڭ بالدۇر ئىنقىلابقا قاتناشقان ئاز سانلىق مىللەت ئايال كادىرلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى» نى تەكىتلەيدۇ.[217] راھىلە زاكىروۋا 1949-يىلىدىن كېيىن سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى، مائارىپ نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىدۇ. 1993-يىلى 5-ئايدا 69 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ھۈسەيىن غازى ئەسلىمىسىدە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1949-يىلى قىزىل خىتايلار ۋەتىنىمىزنى بېسىپ ئالغاندا،

---

[216] ھۈسەيىن غازى قەمبەرى: «مەنزىلگە يېتەلمىگەن سەپەرلەر» (ئەسلىمە)، بىشكەك، 2015-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 304-303-بەتلەر

[217] 阿不都拉 · 扎克洛夫:百度百科, https://baike.baidu.com/item/阿不都拉 · 扎克洛夫/2567864

لەنەت ئوقۇپ، ئۆز قولىمىز بىلەن دەپنە قىلىپ يەرلىدۇق. مانا سىلەر كۆرۈپ تۇرغان بۇ سۈرەتلەر شۇ ماتەم كۈنلىرى تارتىلغان سۈرەتلەردۇر، دەپ بىزگە سۈرەتلەرنى كۆرسەتتى.»[219]

راھىلە زاكىروۋانىڭ يوقىرىقى بايانلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خىتاي دائىرىلىرى 1974-يىلىنىڭ بىر كېچىسى «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ 29 نەپەر ئەزاسى، يەنى ئىلگىرىكى رەھبىرىي خادىملىرىنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى بىر سايلىققا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ يەردە ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ گۆرلىرىنى ئۆزلىرىگە قازدۇرۇپ، ئابدۇللا زاكىروفتىن باشقا 28 نەپەر كىشىنى قېزىلغان گۆرلەرگە ئىتتىرىپ چۈشۈرۈپ، تىرىك كۆمۈۋېتىدۇ. ئابدۇللا زاكىروف ھايات قالغان بولسىمۇ، ئەمما پۇت-قولى ئىشلىمەس، تىلى سۆزلىمەس بولۇپ قالىدۇ. دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇلۇپ داۋالىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما قايتا ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆيىگە قويۇپ بېرىلىپ، 15 كۈن دات-پەرياد چېكىپ بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ.

ھۈسەيىن غازىنىڭ ئەسلىمىسىدىكى بۇ بايانلار، گەرچە ئابدۇللا زاكىروف قاتارلىق ئەينى ۋاقىتتىكى «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىنىڭ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە خىتاي تۈرمىلىرىدە تارتقان كۈلپەتلىرى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ 1970-يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەلىرىنى ئېچىپ كۆرسەتسىمۇ، ئەمما بۇ بايانلارنى باشقا مەنبەلەر ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ. «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ ئاساسلىق رەھبىرىي خادىملىرىدىن مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف 1970-يىلى،

[219] ھۈسەيىن غازى قەمبەرى: «مەنزىلىگە يېتەلمىگەن سەپەرلەر» (ئەسلىمە)، بىشكەك، 2015-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 305-304-بەتلەر

ھۈسەيىن غازى ئەسلىمىسىدە راھىلە زاكىروۋانىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى يازىدۇ: «1972 - يىلىغىچە ئۇلار رەھبىرىي كادىرلارنى تۈرمىدە قىيناپ ئازابلىغاننى ئاز كۆرۈپ، يەنە ئۇلارنىڭ پۇت-قولىغا كىشەن، بوينىغا تاقاق، مەيدىسىگە «ۋەتەن بىرلىكىنى بۇزغۇچى خائىن» دېگەن خەت يېزىلغان تاختاي ئېسىپ، شەھەرمۇ-شەھەر ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىپ خورلىدى. بۇنى كۆرگەن خەلق غەزەپ بىلەن كۆزلىرىگە ياش تولۇپ، تىت-تىت بولۇپ تاراپ كېتىشتى. بۇنداق ئىشلار بىرقانچە كوچا دوقمۇشلىرىدا تەكرارلانغاندىن كېيىن، خىتايلار خەلقنىڭ غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرىنى كۆرۈپ، بۇ سازايىنى يىغىشتۇرۇپ ئەكىرىپ كەتتى. خەلقىمىز ھەق بىلەن ناھەقنى ئوبدان ئايرىشنى بىلگەن ئىدى. بۇنىڭدىن چۆچىگەن خىتاي جاللاتلىرى 1974 - يىلى كېچىسى خەلققە سەزدۇرمەي بۇلارنى شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ، بۇلارنىڭ، يەنى «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» رەھبەرلىرىنىڭ گۆرىنى ئۆزىگە قازدۇرۇپتۇ. گۆرلۈكلەر قېزىلىپ بولغاندا ئابدۇللا زاكىرنى ئۆلتۈرمەي، قالغان 29 ئادەمنىڭ پۇت-قولىنى باغلاپ، گۆرلۈككە ئىتتىرىپ كۆمۈپ، ئۈستىنى تۈزلەپ تاشلاپتۇ. بۇلارنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئابدۇللا زاكىرمۇ بۇ ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. ئابدۇللا زاكىرنى ئۆلتۈرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى بالنىيتسىغا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئۇنى نېمە قىلغىنىنى بىلمەيمىز، پۇت-قولى ئىشلىمەس، تىلىنى سۆزلىمەس قىلىپ قويۇپتۇ. ئاخىرى ئۆيگە ئەكىلىپ تاشلاپ بەردى. ئابدۇللا زاكىر ئۆيدە 15 كۈندەك يېتىپ، يا خەت يېزىپ، يا شەرەت قىلىپ بىزگە بىر نەرسە ئۇقتۇرالمىدى. غەزەپ بىلەن يىغلاپ كۆز يۇمدى. ئىككى كۈن دات-پەريات چېكىپ، بىزنىڭ چېكىشۋاتقان دەرت-ئەلەملىرىمىزگە رەھمى كەلمىگەن خىتاي جاللاتلىرىغا مىڭلارچە

دەھشەتلىك ۋەقە تارىختا يۈز بەرگەن دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، لېكىن ئابدۇللا زاكىروفنىڭ «دېلوسى» 1978-يىلى قاراپ چىقىلىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1981-يىلى بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇللا زاكىروف ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ مېيىتى، ھۈسەيىن غازىنىڭ ئەسلىمىسىدە دېيىلگەندەك ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تەرىپىدىن ئاممىۋىي قەبرىستانلىققا ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلىنغان ئەمەس. ئابدۇللا زاكىروفنىڭ مېيىتى 1981-يىلى ئۈرۈمچى ئۇلانبايدىكى «ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى» غا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن دەپنە قىلىنىدۇ.

ھۈسەيىن غازى ئاخىرىدا يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز بۇ سۈرەتلەردىن بىر-ئىككىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغان ئىدۇق، ئەمما راھىلەم ئۇنىمىدى، ئۇ: ‹ياق، سىلەر بۇ سۈرەتلەرنى ئېلىپ كېتىمىز دەپ بالاغا قالماڭلار، سىلەر بۇ خىتايلارنىڭ قۇۋلۇق-شۇملۇقىنى بىلمەيسىلەر. ئەگەر بۇ سۈرەتلەرنى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا كۆرسە، سىلەرنى قولغا ئېلىشى مۇمكىن. ئۈچ كۈندىن بېرى سىلەرنىڭ بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋاتقىنىڭلارنى بىلىپ، خىتاي ئىشپىيونلىرى بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىن كېتەلمەي يۈرىدۇ. سىلەر ئۇلارنى بىلمىگەن بىلەن بىز ياخشى بىلىمىز،› دەپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن سۈرەتلەرنى ئالمىدۇق. دېگەندەك راھىلەمنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى راست بولۇپ چىقتى. بىز ۋەتەندىن تېزلا كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدۇق... قورغاسقا كەلسەك بىزنىڭ ھەممە نەرسىلىرىمىزنى ئاختۇرۇپ تىنتىۋەتتى. بىزدە خىتاي قانۇنىغا قارشى ھېچ نەرسە بولمىسىمۇ، ئەمما ئايالىم ۋەتەننىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن دەپ قەشقەردە بىر جۈپ ھالقا، بىر ئۈزۈك ۋە ئۈچ سەر مەرۋايىت ياستۇق بويىنغا ئېسىۋالغان ئىدى. باشقا نەرسە تاپالماي، شۇ نەرسىلەرنى تارتىپ ئېلىۋالدى ۋە بىزنى چېگرادىن ئۆتكۈزىۋەتتى. ئەگەر ئابدۇللا زاكىرنىڭ

ئەسئەت ئىسھاقوف 1975 ـ يىلى سىرلىق بىر رەۋىشتە ئۆلتۈرۈلدۇ. سەيپۇللايوف 1958 ـ يىلى قومۇل ۋىلايىتىگە سۈرگۈن قىلىنغىنىچە ئۇ يەردە 20 يىل خەلق نازارىتىدە تۇردۇ. ئومۇمەن، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ سەيپىدىن ئەزىزىدىن باشقا ھايات قالغان ئەڭ دەسلەپكى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك 1970 ـ يىللاردا ياكى تۈرمىلەردە، ياكى سۈرگۈندە ئازاب چېكىدۇ. ھالبۇكى، 1974 ـ يىلىنىڭ بىر سوغۇق كېچىسى، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى سايلىقتا تىرىك كۆمۈلگەن «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ 29 نەپەر رەھبىرىي خادىملىرى ئارىسىدىن نېمە ئۈچۈن ئابدۇللا زاكىروفلا ھايات قالدۇرۇلدى؟ بۇ ۋاقىتتا «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» نىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى 7 دائىمىي ئەزاسىنىڭ بىرى بولغان سەيپىدىن ئەزىزى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى «4 چوڭ ھوقۇق» نىڭ بېشىدا ئىدى. ئۇ ش ئۇ ئا ر دىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي رايون ۋە بىڭتۇەندىن ئىبارەت 4 چوڭ ئەمەلىي ھوقۇقلۇق ئورگاننىڭ «4 بىرىنچى» رەھبىرى ئىدى، شۇنداقكەن، سەيپىدىن ئەزىزى نېمە ئۈچۈن ئۆز سەپداشلىرىغا ئىگە چىقالمىدى، بۇ ئىشلاردىن ش ئۇ ئا ر دىكى «بىرىنچى نومۇرلۇق رەھبەر» سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ خەۋىرى بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

ھۈسەيىن غازىنىڭ ئەسلىمىسىدىكى ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك يىلنامە ـ يەنى ئۇنىڭ 1974 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپىدىكى سايلىقتا يۈز بەرگەن دەھشەتلىك پاجىئەدە ساق قېلىشى، ئۇ يەردىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىشى، ئاخىرىدا پۇت ـ قولى ئىشلىمەس، تىلى سۆزلىمەس ھالەتتە ئائىلىسىگە قايتۇرۇلۇپ، 15 كۈندىن كېيىن دەرت ـ ئەلەم ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىشى ـ بايان قىلىنغان يىلنامە تارىختىكى ھەقىقىي يىلنامە بىلەن بىراز پەرقلىنىدۇ. 1974 ـ يىلىدىكى

دەرۋەقە، بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ھازىرچە مۇمكىن بولمىدى، كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپ مەنبەلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشى بۇنىڭغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇشى مۇمكىن.

سۈرىتىنى ئالغان بولساق، خىتايلار ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بىرگە قانداق جازالارنى بېرەتتىكىن؟ بۇنى راھىلەمنىڭ ئېيتقانلىرى ئىسپاتلايدۇ.»[220]

ھۈسەيىن غازى قەمبەرىنىڭ ئەسلىمىسىدىكى بايانلاردىن ئابدۇللا زاكىروفنىڭ خانىمى راھىلە زاكىروۋانىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىقى يىللىرىدا، بولۇپمۇ يولدىشى ئابدۇللا زاكىروف ئالەمدىن كەتكەندىن كېيىن، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى تونۇپ يەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ «ئىنسان چۈمپەردىسى كىيىۋالغان ۋەھشىي مەخلۇقاتلار» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ھالبۇكى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1950 - ۋە 1960 - يىللاردىكى سىياسىي سەھنىسىدە بىر مەھەل چاقنىغان، بولۇپمۇ 1957 - 1959 - يىلىدىكى «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» تە «ئاكتىپ مىللىي كادىر» بولۇپ تونۇلغان، بۇ جەرياندا ۋاڭ ئېنماۋنىڭ «يولىيورۇقى» بىلەن بىرمۇنچىلىغان ئىنقىلابىي سەپداشلىرى بىلەن ھەر ساھەدىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرىنى «يەرلىك مىللەتچى» لىك قالپىقى بىلەن ئەيىبلىگەن، بۇنىڭ بەدىلىگە دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «مۇئاۋىن رەئىسلىك» تەختىگە ئولتۇرغان ئابدۇللا زاكىروف، ھاياتىنىڭ ئاخىرىقى يىللىرىدا خۇددى خانىمىغا ئوخشاشلا ئۆزى ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلغان خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەنمۇ؟ ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ھاياتى، سىياسىي كەچۈرمىشلىرى، ماڭغان يوللىرى، قىلغان ئەمەللىرى، كەتكۈزگەن خاتالىرى ۋە بىر ئۆمۈر ئەقىدە قىلغان سىياسىي غايىسى توغرىلىق قايتا ئويلانغانمۇ؟

[220] ھۈسەيىن غازى قەمبەرى: «مەنزىلگە يېتەلمىگەن سەپەرلەر» (ئەسلىمە)، بىشكەك، 2015 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 306 - 305 - بەتلەر

كۆرسەتمىسى بويىچە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش مىنىستىرى سابىت داموللا ۋە باشقا ھۆكۈمەت مىنىستىرلىرىنى قولغا ئېلىپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىنىڭ مۇكاپاتى ئىدى. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، خوجانىياز ھاجىنى ئۆزى قوزغىغان مىللىي ئىنقىلابنىڭ غايىسىگە ئاسىيلىق قىلىپ، دۈشمىنى شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلغان كۈچ سوۋېت ئىتتىپاقى ئامىلى، يەنى ستالىندەك بىر ئەربابنىڭ كاپالىتى ئىدى. خۇددى مەرھۇم يازغۇچى ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر «ئىز» ناملىق تارىخىي رومانىنىڭ خاتىمىسىدە تەكىتلىگەندەك: «بۇ كۈن 1884-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلىنىپ توپ-توغرا يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارغا تۇنجى قېتىم مۇئاۋىن رەئىسلىك تەگكەن كۈن ئىدى. بۇ كۈنلەردە خوجانىياز ھاجى ئاقسۇدا ئىدى. سوۋېت كونسۇلى ئاقسۇغا بېرىپ ئۇنى تەبرىكلىدى ۋە ئۈرۈمچىگە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. خوجانىياز ھاجىم تۆمۈر خەلپە پاجىئەسىنى تېخى ئېسىدىن چىقارمىغاچقا خېلى ئۇزۇنغىچە ئارىسالدىلىقتا تۇردى-يۇ، ئاخىرى خەنزۇ، ئۇيغۇر ۋە رۇس تىللىرىدا پۈتۈلگەن تەنتەنىلىك كاپالەت شەرتنامىسىنى كۆرۈپ، 1934-يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئاپتوموبىل بىلەن ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگە ماڭدى.»[221]

1945-يىلى 9-ئاينىڭ ئاخىرى مىللىي ئارمىيەنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىۋاتقان ئوتتۇرا فرونتى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا توختاپ قالغاندا، جەنۇبىي فرونتتىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئاقسۇدىن چېكىنىش بۇيرۇقى تاپشۇرۇۋالغاندا، تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى ئازاد رايونلارنى تاشلاپ پامىر تاغلىرىغا

---

[221] ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر: «ئىز» (تارىخىي رومان)، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى، 413-412-بەتلەر

## شۆھرەت زاكىر ۋە «زاكىروفلار سۇلالىسى» نىڭ ئاخىرقى تەقدىرى

1937 - يىلى 12 - ئۆكتەبىردە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجانىياز ھاجى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغىنىدا ۋە «ياپون جاسۇسى» دېگەن قالپاق بىلەن يىللارچە سوراقتا تارتىلىپ ئۆلتۈرۈلگەندە، مىلتارىست شېڭ شىسەينىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىگە ۋە ئۇنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسىتى» گە، شۇنداقلا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ كاپالىتىگە ئىشەنگەن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر سەرخىللىرى ئەلەم بىلەن ياقىسىنى چىشلىگەن ئىدى.

دەرۋەقە، 1930 - يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى سۈپىتىدە تونۇلغان خوجانىياز ھاجىنىڭ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىشى ئاسانغا توختىمىغان ئىدى. بۇ ئورۇن ياكى سىياسىي سالاھىيەت بىر مەيدان مىللىي ئىنقىلابنىڭ، بۇ جەرياندا ھاياتىدىن ئايرىلغان نەچچە ئون مىڭلىغان قۇربانلارنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە كەلگەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئورۇن ئىنقىلاب رەھبىرى خوجانىياز ھاجىنىڭ 1934 - يىلىنىڭ باشلىرىدىكى سىرلىق «ئەركەشتام سۆھبىتى» دىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسلىكىدىن ۋاز كېچىشى، موسكۋانىڭ

قول رەھبەرلىك ئورنىغا ئولتۇرغىنىدا، ھېچكىم ئۇنىڭ سىياسىي سەھنىدىن غۇلايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

ھالبۇكى، ئىشلار ئۇنداق بولمىدى. 1976-يىلى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ئالىي رەھبەرلىرىدىن ماۋ زېدوڭ، جۇ ئېنلەي، جۇ دې قاتارلىقلار ئارقا-ئارقىدىن ئۆلدى. ماۋ زېدوڭ ئۆلۈپ بىر ئاي ئۆتمەيلا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھوقۇق مەركىزىدىكى رادىكال گۇرۇھ - «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋە ئۇلارنىڭ چەمبىرىكىدىكى يوقىرى دەرىجىلىك كىشىلەر بىر-بىرلەپ تۇتقۇن قىلىندى. ماۋ زېدوڭنىڭ خانىمى جياڭ چىڭ ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھوقۇق مەركىزىدىكى رادىكال گۇرۇھ بىلەن ئىزچىل ھالدا يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن سەيپىدىن ئەزىزى، 1977-يىلىنىڭ دېكابىر ئېيىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق ھوقۇقلىرىدىن بىراقلا ئېلىنىپ، مەخسۇس ئايرۇپىلان بىلەن بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ كېتىلدى. 1978-يىلى 1-ئايدا خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سەيپىدىن ئەزىزى ھەققىدە «مەركەزنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتى» نى چىقىرىپ، ئۇنى قاتتىق تەنقىت قىلدى. ھۆججەتتە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بىرىنچى قول رەھبەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتىگەن مەزگىلدىكى بارلىق خىزمەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىنكار قىلىندى. ھەتتا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، 1978-يىلىنىڭ ئەتىياز ئايلىرىدا سەيپىدىن ئەزىزى ھەققىدە ئىچكىي ماتېرىيال تارقىتىپ، ئۇنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىش؛ خۇا گوفېڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن قارشىلىشىش؛ سوۋېت رېۋىزىيونىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش؛ ھاكىممۇتلەقلىق بىلەن كادىرلار قوشۇنىنى كونترول قىلىش؛ غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىق قۇرۇلۇشلارنى كەڭ

قايتقاندا، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 3 نەپەر سۆھبەت ۋەكىلى جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن ئۇرۇمچىدە تىنچلىق سۆھبىتى باشلىغاندا، 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «11 بىتىم» ئىمزالىنىپ، غۇلجادا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقى ئۇقتۇرۇلغاندا، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئىلى ۋەكىللىرى ئۆز ئايىقى بىلەن ئۇرۇمچىگە بېرىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە «مۇئاۋىن رەئىسلىك» ئورنىغا ئولتۇرغىنىدا، بىر يىلدىن كېيىن «11 بىتىم» يىرتىلىپ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندا ۋە ئىلى ۋەكىللىرى قۇرۇق قول ھالەتتە غۇلجاغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغاندا، 1949 ـ يىلى ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى رەھبەرلەر «بېيجىڭ سەپىرى» دە سىرلىق «ئايروپىلان قازاسى» دا يوق قىلىنغاندا، ئۇيغۇر خەلقى يەنە بىر قېتىم ئاچچىق ئەلەم بىلەن ياقىسىنى چىشلىگەن ئىدى.

1949 ـ يىلى كۈزدە سەيپىدىن ئەزىزى بېيجىڭدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالىي رەھبىرى ماۋ زېدوڭغا تون كىيدۈرگىنىدە ۋە تيەنئەنمېن راۋىقىدا ماۋ زېدوڭنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا شاھىت بولغىنىدا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن تۇنجى بولۇپ خىتاي كومپارتىيەسىگە ئەزا بولۇشقا ئىلتىماس يازغىنىدا، مىللىي ئارمىيەنىڭ خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5 ـ كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىشىنى قوبۇل قىلغىنىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگىنىدە، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» تە ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ماۋ زېدوڭنىڭ ئىمزالىق «خان يارلىقى» بىلەن قوغداپ قېلىنغىنىدا، 1972 ـ يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە بىڭتۇەندىن ئىبارەت 4 چوڭ ھوقۇقلۇق ئورگاننىڭ بىرىنچى

كومىتېتى گەرچە سەيپىدىن ئەزىزى ھەققىدە 1978-يىلى 1-ئايدا چىقىرىلغان «مەركەزنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتى» گە قىسمەن تۈزىتىش ۋە ئىزاھات بېرىپ يېڭى ھۆججەت چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما سەيپىدىن ئەزىزنى تولۇق «ئاقلايدىغان» قارار قوبۇل قىلمىدى.[223] بۇ يىللاردا سەيپىدىن ئەزىزنىڭ ئىسمى خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، خىتاي مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق «نامى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق» ئەمەللەرگە ئېسىپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇستىدىكى چەكلىمە ۋە نارازەت ئۆمرىنىڭ ئاخىرىقىغىچە داۋاملاشتى. ئۇ بۇ يىللاردا ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تاشلاپ قويغىلى ئۇزۇن يىللار بولغان قەلىمىنى قايتا قولغا ئېلىپ، «ئامانىنساخان» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى، «سۇتۇق بۇغراخان» ناملىق تارىخىي رومانىنى، «تەڭرىتاغ بۈركۈتى»، «ئۆمۈر داستانى» قاتارلىق ئەسلىملىرىنى يېزىش بىلەن مەشغۇل بولدى. «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 1- ۋە 2-تومى نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما 3-تومى مەخپىي بۇيرۇق بىلەن نەشرىياتتىن قايتۇرۇلۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە يەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن سەيپىدىن ئەزىزدەك ئەربابنىڭ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بېيجىڭدىكى مىرزاقاماقتا قىلغان پۇشايمانلىرى بىلەن ئاچچىق ئۆكۈنۈشلىرى ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ پېتى توپا باسقان قولىيازما بەتلىرىدە قېلىپ قالدى.

1990-يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە خىتاي كومپارتىيەسى، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا قاراتقان سىياسىتىنى قايتا تەڭشەشنىڭ ۋاقتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. بولۇپمۇ كوممۇنىزم لاگېرىنىڭ يىمىرىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى

[223] سەيپىدىن ئەزىزى، «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 307-310-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 154-152-بەتلەر

تۇردە ئېلىپ بېرىش؛ بۇرژۇئا يەرلىك مىللەتچىلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ تاشقى ئىشلار سىياسىتىدە مەركەزنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش؛ تارىخىي مەسىلىلەرنى يوشۇرۇش؛ شەخسىي ئائىلە تەركىبى پومېشچىك-كاپىتالىست بولۇش؛ بۇرژۇئازىيەچە ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشى كۆچۈرۈش» قاتارلىق 10 جەھەتتىن قاتتىق ئەيىبلىدى.[222]

شۇنىڭدىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى 10 يىلچە بېيجىڭدا نەزەربەندتە ياتتى. نەزەربەندنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ھەتتا ئۇنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي كېسىۋېتىلىپ، ئۆيىدىكى شەخسىي ۋە ھۆكۈمەت تېلېفونلىرى ئۈزۈۋېتىلدى. ئۇ بۇ مەزگىللەردە قاتتىق چۈشكۈنلىشىپ، يالغۇزلۇق، بېسىم ۋە ئامالسىزلىق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزدى. ئۇ ۋاڭ جېن، دېڭ لىچۈن، ئۇلەنفۇ قاتارلىقلارغا يالۋۇرۇپ، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىدىن ئۆزىنىڭ مەسىلىسىگە قايتا قاراپ چىقىش ھەققىدە 7 قېتىم ئىلتىماس سۇنغان بولسىمۇ، لېكىن دېڭ شياۋپىڭدىن ھېچ بىر سادا بولمىدى. بۇ ئارىلىقتا شى جۇڭشۈن (习仲勋) بىلەن يې جيەنيىڭ (叶剑英) بىر قېتىمدىن، لى شيەننيەن (李先念) بىلەن خۇ چىلى (胡启立) بىرقانچە قېتىمدىن سەيپىدىن ئەزىزىگە قۇرۇق تەسەللىي بەرگەن بولدى. 1987-يىلى جاۋ زىياڭ (赵紫阳) خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، سەيپىدىن ئەزىزى باشقىلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىلتىماس سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ مەسىلىسىگە قاراپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي

[222] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن ۋە كادىرلارغا ئىچكى قىسىمدا تارقاتقان ماتېرىيال: «يولداش سەيپىدىننىڭ ئېغىر لۇشيەن خاتالىقىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ئۈرۈمچى، 1978-يىل، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا بېسىلغان ئىچكى نۇسخا

بىلەن بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىييۈزلۈك باستۇرۇلۇشى، مىللەت سۈپىتىدە ھوقۇقسىزلاشتۇرۇلۇشى، تىل ۋە مىللىي مائارىپنىڭ خىتايلاشتۇرۇلۇشىدا رول ئوينىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، نۇر بەكرى خىتايچە ئوقۇغان ۋە خىتايچە مائارىپ تەربىيەسى ئالغان ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ خىتاي سىياسىي سەھنىسىدىكى يېڭى دەۋرىنى ئاچتى. نۇر بەكرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكى، ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىقى ۋە بىر قىسىم نازارەتلەرنىڭ نازىرلىق ئورنى ئۇيغۇرچە ئوقۇغان سەرخىللارغا تاقالدى. ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىدا تەربىيە ئالغان سەرخىللار ئومۇمىييۈزلۈك ھوقۇق مەركىزىدىن چەتلەشتۈرۈلدى. ئۇيغۇر رايونىنىڭ ۋەزىيىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغاۋاتقان 2014-يىلى، نۇر بەكرى يەنە بىر قېتىم سەكرەش خاراكتېرلىق ئۆستۈرۈلۈپ، خىتاي دۆلەتلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، خىتاي ئېنېرگىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى. بۇ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى باشقۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم مىنىستېرلىق - خىتاي ئېنېرگىيە ئىدارىسىغا، تۇنجى قېتىم بىر ئۇيغۇرنىڭ بىرىنچى قول باشلىق بولۇشى ئىدى.

ھالبۇكى، ئاردىن 4 يىل ئۆتۈپ 2018-يىلىغا كەلگەندە نۇر بەكرىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى. خىتاي كومپارتىيەسى بىر قوللۇق تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن، قەدەممۇ-قەدەم سەكرىتىپ ئۆستۈرگەن، «قوش تىللىق مائارىپ» ئىستراتېگىيەسىدە خىزمەت كۆرسەتكەن، خىتاي ھۆكۈمەت تاراتقۇلىرىدا «ئىستىقبالى پارلاق» دەپ تەشۋىق قىلىنغان، ئەمما ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن «ۋاڭ بەكرى» دەپ نام ئالغان نۇر بەكرى، شۇ يىلى 9-ئاينىڭ 21-كۈنى بېيجىڭ ئايرودرومىدا تۇتقۇن قىلىندى. 10-ئاينىڭ 12-

ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرقانچىلىغان مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، خىتاينى ئۆزىنىڭ غەربىي چېگراسى بولغان ئۇيغۇر رايونىنىڭ كېلەچىكى، ھەم ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇقىملىقى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشىمايدىغان پوتونلەي باشقىچە بىر «يەرلىك رەھبەر» تاللاش ۋە ئۇنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ئۇيغۇرلارنى تەلتۆكۈس خىتايلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى تۈزۈپ چىقتى.

1993 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىنى ئاتقۇزىۋاتقان 32 ياشلىق نۇر بەكرى بۇ نامزاتلىققا تاللاندى. خىتاي كومپارتىيەسى ئۇنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، ئالدى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىدە ئاساسىي قاتلام چېنىقىشىدىن ئۆتكۈزدى، ئارقىدىن شەندوڭ ئۆلكىسىنىڭ فىيچېڭ شەھرىگە مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، خىتايچە ئىدارە سىستېمىسىنى ئۆگەتتى. ئەسلىدىنلا خىتايچە مائارىپ تەربىيەسى ئالغان نۇر بەكرى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كۆتكىنى بويىچە ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىل، كىملىك ۋە مىللىي مائارىپ ئەندىزىسىنى پۈتۈنلەي ئىسلاھ قىلماقچى بولدى. 1998 - يىلى 37 ياشلىق نۇر بەكرى ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ مۇۋەققەت شەھەر باشلىقى بولدى. 2000 - يىلى 39 ياشقا كىرگەن نۇر بەكرى بىر سەكرەپلا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىكىگە ئۆستۈرۈلدى. 2005 - يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، 2007 - يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى، 2008 - يىلىدىن باشلاپ رەسمىي رەئىسى بولدى. 2009 - يىلىدىكى «5 - ئىيۇل قانلىق ۋەقەسى» دە نۇر بەكرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن

قورچاق رەئىسلىكنى ئۆتىمەكتە. ئۇنىڭ رەئىسلىك يىللىرى خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇر دىيارىنى ئىدارە قىلغاندىن بۇيانقى ئەڭ قاراڭغۇ ۋە ئەڭ دەھشەتلىك بىر دەۋرگە توغرا كەلدى.

1957 ـ 1959 ـ يىللىرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ئېلىپ بېرىلغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» داۋامىدا ئابدۇللا زاكىروف، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن «ئاكتىپ مىللىي كادىر» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان؛ سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، ھەتتا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر كادىرلارنى «يەرلىك مىللەتچىلىك» بىلەن ئەيىبلىگەن؛ ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، نىزامىدىن ھۈسەيىن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قاتارلىق «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كىيدۈرۈلگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغان؛ 1960 ـ يىلى بۇ «خىزمەتلىرى» نىڭ بەدىلىگە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن ئىدى. ئارىدىن توپ ـ توغرا 60 يىل ئۆتكەندە، يەنى 2017 ـ 2019 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئابدۇللا زاكىروفنىڭ ئوغلى شۆھرەت زاكىر، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن 3 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا قامىلىشىغا، يۈزلىگەن ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشىغا، باشقارما ۋە نازارەتتىن يۇقىرى دەرىجىلىك نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇر كادىرلىرىنىڭ سوتلىنىشىغا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇردى. شۆھرەت زاكىر يەنە خوجايىنى چېن چۈەنگونىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن مىليونلىغان بىگۇناھ ئۇيغۇر قامالغان ئورۇنلارنىڭ «يىغىۋېلىش لاگېرى» ئەمەس، بەلكى «كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش مەركەزلىرى»

كۈنى ئۈنىڭ بېيجىڭدىكى بارلىق ۋەزىپىلىرى بىكار قىلىندى. 2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى نۇر بەكرى شىنجاڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىدە سوتلاندى. خىتاي سوتى ئۇنىڭ «79 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پارا يېگەنلىكى ۋە ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى» نى ئېلان قىلدى.

نۇر بەكرىنىڭ تەقدىرى ئۇيغۇر خەلقىنى يەنە بىر قېتىم ياقا چىشلەشكە مەجبۇر قىلدى. ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھېچ بىر رەئىسىگە ئوخشىمايدىغان، خىتاي زوۋانىدا سۆزلەپ، خىتايچە تەپەككۇر قىلىدىغان، ئۇيغۇر تىلى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى نەزەر - كۆزىگە ئىلماي كەتمەيدىغان بۇ «مودا رەئىس» نىڭ تەقدىرى ئالدىنقىلاردىن ھېچقانچە پەرق قىلمىدى، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ ئېغىر بولدى. شېڭ شىسەي 1937 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجانىياز ھاجىنى «ياپونىيە جاسۇسى»، «شىنجاڭدا مۇستەقىل ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرماقچى» دەپ قولغا ئالغان ئىدى. خىتاي كومپارتىيەسى 1977 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇنجى رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىنى «سوۋېتكە باغلانغان»، «بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئارقا تېرىكى» دېگەن قالپاقلار بىلەن بېيجىڭدا نەزەربەندكە ئالدى. نۇر بەكرىنىڭ تەقدىرى خوجانىياز ھاجىدىنمۇ، ھەم سەيپىدىن ئەزىزىدىنمۇ بەتتەر بولدى. ئۇ ھېچ بىر «چەتئەل كۈچلىرى» گە باغلانمىدى، «بۆلگۈنچى» مۇ بولالمىدى، ئەمما ئېچىنارلىق يېرى «79 مىليون يۈەن پارا يېگەن چىرىك ئەمەلدار» بولۇپ ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

2014 - يىلىدىن بۇيان زاكىروفلار سۇلالىسىنىڭ «قىزىل ئىككىنچى ئەۋلادى» شۆھرەت زاكىر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ

بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنى: «مودا رەئىس» نۇر بەكرىنىڭ ئاخىرىدا قانداق ئېغىر كۈنگە قالغانلىقىنى ئەلۋەتتە ئوبدان بىلىدۇ. شۆھرەت زاكىر دادىسى ئابدۇللا زاكىروفنىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، كىملەرگە قانداق زەربە بەرگەنلىكىنى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ئورنىغا قانداق چىققانلىقىنى، ئاخىرىدا خىتاي تۈرمىسىدە يىللارچە ئازاب چېكىپ، دەرت-ئەلەم ئىچىدە بۇ دۇنيادىن قانداق كەتكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ.

شۆھرەت زاكىر يەنە 1 مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئۇيغۇر دىيارىنى خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قوش قوللاپ تۇتۇپ بەرگەن سەيپىدىن ئەزىزىگە، ياكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىلەن مائارىپ سىستېمىسىدا ئىشلىتىلىش دەۋرىگە خاتىمە بەرگەن نۇر بەكرىگە ھېچقانداق يۈز-خاتىرە قىلمىغان خىتاينىڭ، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىگىمۇ زەررىچە يۈز-خاتىرە قىلىپ ئولتۇرمايدىغانلىقىنى بەش قولدەك بىلىدۇ.

ئۇ ئۆز تەقدىرىنىڭ ئۆزىدىن ئاۋۋالقى رەئىسلەردىن ھېچقانچە پەرق قىلمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ پەقەتلا ۋاقىت مەسىلىسى بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ زاكىروفلار سۇلالىسىنىڭ قىزىل زەنجىرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىردىنبىر ھالقا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھەممىدىن بەكرەك ياخشى بىلىدۇ.

ئىكەنلىكى، بۇ ئورۇنلاردا «تەربىيەلىنىۋاتقان كۇرسانت» لارنىڭ «بەختلىك» ياشاۋاتقانلىقى ھەققىدە چەتئەل مۇخبىرلىرىغا لاپ ئېيتتى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئۇ ھەتتا ئاتالمىش «تەربىيەلەش مەركەزلىرى» دىكى كۇرسانتلارنىڭ «ئوقۇش پۈتتۈرۈپ جەمئىيەت قوينىغا قايتقانلىقى» ھەققىدە قىپ ـ قىزىل يالغان بايانات بەردى.

شۆھرەت زاكىرنىڭ «رەئىسلىك» دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلقى، خىتاي كومپارتىيەسى بەرگەن «ئاپتونومىيە» نىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يەتتى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن بۇ دەبدەبىلىك 4 سۆزنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر قۇرۇق قالپاق ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ 65 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىزىغا سېلىنغان بىر «ئېمىزىك» لىكىنى چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلدى. خىتاي «ئاپتونومىيە» دېگەن يالتىراققا ئوراپ كۆرسەتكەن ئاتالمىش «ئاپتونومىيەلىك ھوقۇق» لار، يەنى خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن 1984 ـ يىلى ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىكى بارلىق ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىنكار قىلىندى. خىتاي ئۆزى تۈزۈپ، ئۆزى ماقۇللىغان «ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ ھەر بىر ماددىسىدىكى «ھوقۇق» لارنى ۋاڭ لېچۇەن، ياكى چېن چۈەنگونىڭ ئېغىزى بىلەن ئەمەس، بەلكى نۇر بەكرى ۋە شۆھرەت زاكىرلارنىڭ ئېغىزى بىلەن ئىنكار قىلدۇردى.

شۆھرەت زاكىر ئۆزىدىن ئاۋۋالقى رەئىسلەردىن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ 1977 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى «تۆت بىرىنچى» ئورنىدىن قانداق دومىلىغانلىقىنى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى بېيجىڭدىكى مىرزاقاماقتا قانچىلىك يالغۇزلۇق ۋە ئازابلار

ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىل نەشرى ،19-قىسىم، 93-94-بەتلەر

- مۇھەممەد ئىمىن قۇربانى: «ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكىرىي 6-دىۋىزىيەسى»، نۇرمۇھەممەد دۆلەتى نەشرگە تەييارلىغان: «تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغاندا»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2014-يىل نەشرى، 2-توم، 2-كىتاب
- ھەمدۇللا تارىم: «تۈركىستان تارىخى»، ئىستانبۇل: شەرقىي تۈر-كىستان دەرگىسى، 1983-يىلى نەشرى
- پولات قادىرى: «ئۆلكە تارىخى»، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2018-يىل نەشرى
- ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئىككىنچى قىسىم، 2-كىتاب
- ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر: «ئىز» (تارىخىي رومان)، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى
- ئۆمەرجان سىدىق: «ئىدىقۇت ئوغلانلىرى - مۇھىتلار جەمەتى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل نەشرى
- كوممۇنار تالىپوف: «پاجىئەلىك ئاياقلاشقان شانلىق ئىنقىلاب سەھىپىلىرىدىن - كوممۇنار تالوپوفنىڭ سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرەۋۇف مەخسۇم ئىبراھىمىي بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى»، يولداش ئەزىمەتوف نەشرگە تەييارلىغان: «تارىخ ساۋاقلىرى ياكى ئۆتمۈشسىز كېلەچەك يوق»، ئالمۇتا: «مىر» نەشرىياتى، 2010-يىل نەشرى
- ھۈسەيىن غازى قەمبىرى: «مەنزىلگە يېتەلمىگەن سەپەرلەر» (ئەسلىمە)، بىشكەك، 2016-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى
- شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن ۋە كادىرلارغا ئىچكى قىسىمدا تارقاتقان ماتېرىيال: «يولداش سەيپىدىنىڭ ئېغىر لۇشيەن خاتالىقىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ئۈرۈمچى، 1978-يىل، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا بېسىلغان ئىچكى نۇسخا
- قەھرىمان غوجامبەردى: «كوممۇنىستىك خىتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر-

# پايدىلانغان مەنبەلەر

## 1. ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنبەلەر:


- سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۈمۈر داستانى» (ئەسلىمە-1)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل نەشرى
- سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۈمۈر داستانى» (ئەسلىمە-2)، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل نەشرى
- سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۈمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرگە تەييارلىغان، ئەمما نەشر قىلىش ئەستىنقى بېرىلمىگەن ئەسەر، 1990-يىللار، ئا-نۇسخا ۋەب-نۇسخا
- سەيدۇللا سەيپۇللايوف: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا»، «مەن ساھىت بولغان ئىشلار»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2005-يىل نەشرى
- زىيا سەمەدى: «ئىستەك ۋە قىسمەت» (ئەسلىمە)، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2012-يىل نەشرى
- زىيا سەمەدى: «ئەخمەت ئەپەندى» (تارىخىي رومان)، ئالمۇتا، 1995-يىل ئۇيغۇر كىرىل يېزىقىدىكى نەشرگە قاراڭ
- ئابلىمىت ھاجىيوف: «شېڭ شىسەينىڭ 1930-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل نەشرى
- سەي خېڭسېڭ: «شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چىقىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»،

- 《建国以来刘少奇文稿》，　第1册，　北京：人民出版社，1984年版]，第222页
- 《维吾尔族简史》编写组编：《维吾尔族简史》，北京：民族出版社，2009年版，第306页
- 沈志华编译：《俄国解密档案：新疆问题》，　乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012年版
- 厉声：《中国新疆：新中国民族分裂与反分裂斗争》，乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009年版
- 王永庆整理：《历史的回声：格尔夏回忆录》，乌鲁木齐：新疆生产建设兵团出版社，2012年版
- 中共新疆维吾尔自治区委员会党史研究室：《中共新疆地方史》（1937-1966），北京：中共党史出版社，2011年版
- 赛福鼎 · 艾则孜：《坚决反对地方民族主义，为社会主义的伟大胜利而奋斗》，北京：民族出版社，1958年版
- 《打到王恩茂，解放全新疆》，中国人民解放军新疆军区，新疆生产建设兵团红二司新疆江苏指挥部主版：《新疆战报》，1967年1月第6期，头版
- 新疆红二司：《新疆的土皇帝王恩茂里通苏修的滔天罪行》，中国人民解放军新疆军区，新疆生产建设兵团红二司新疆江苏指挥部主版：《新疆战报》，1967年1月第6期，第2版
- 新疆革命职工造反总司令部政治部编：《王恩茂十七年来的三反罪行》，乌鲁木齐，1967年7月22日稿，9月20日印
- 新疆乌鲁木齐地区大中院校红卫兵代表大会促进委员会第七中学编印：《我们为什么打到王恩茂 —— 王恩茂专案调查报告之一》，1967年10月1日
- 中国人民解放军新疆军区生产建设兵团阿克苏《兵工司》，《新疆风暴》编辑部；上海外国语学院红卫兵师《反修战士》，《上外曙光》编辑部合印：《新疆党内最大的走资派 —— 王恩茂是最大的里通外国分子》，1967年10月，上海

لارنىڭ ئېتنو-سىياسىي تارىخى (1949-2012)»، ئىستانبۇل: تەكلىمكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2013-يىل ئۇيغۇر كىرىل يېزىقىدىكى نەشرى

- قەھرىمان غوجامبەردى: «ئۇيغۇرلار: قەدىمكى زاماندىن تا ھازىرقى كۆنلەرگىچە بولغان ئېتنو-سىياسىي تارىخى»، ئالمۇتا، 2005-يىلى ئۇيغۇر كىرىل يېزىقىدىكى نەشرى
- ئابدۇقادىر زۇنۇنى: «تاڭنى كۈتۈپ» (بىيوگرافىك داستان)، 2-قىسىم، قولىيازما نۇسخا، تاشكەنت، 1993-يىل، «ئالتۇن ئوق» تور كۈتۈپخانىسى
- خەلچەم تىلەشىۋا: «ئۆتكۈر ئەپەندىنى ئەسلەيمەن» (تېخى ئېلان قىلىنمىغان قولىيازما ھالىتىدىكى ئەسلىمە)، 2-دەپتەر
- نىزامىدىن ھۈسەيىن: «مېنىڭ كۆنلىرىم»، 1997-يىل (تۇرمىدە يېزىلغا ئەسلىمە)، كومپيۇتېرغا ئېلىنغان ئا-نۇسخا ۋە ب-نۇسخا
- ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يارقىن ئەسلىمە - مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى & شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2013-يىل نەشرى
- لى شېڭ: «جۇڭگو شىنجاڭ: يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش»، غالىپ ياسىن تەرجىمىسى، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى
- «ئوكچى، ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى ئۈنسۇر زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرېھىم ئەيسالارنىڭ پارتىيىگە قارشى ئەكسىيەتچى بىلوكى ئۈزۈل-كېسىل تار-مار قىلىندى»، «ئالغا» ژۇرنىلى، 1958-يىللىق 5-سان
- مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى» (يېرىمى ماشىنكىدا بېسىلغان، يېرىمى قولىيازما ھالەتتىكى ئەسلىمە)، تاشكەنت، 1990-يىللار

## 2. ختاي تىلىدىكى مەنبەلەر:

- 朱培民/王宝英著：《中国共产党治理新疆史》，北京：当代中国出版社，2015年版

18-08-1958, Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901)

## 5. تور مەنبەلىرى:


- 《新疆自治区主席回应红色身份：哪个不是在红旗下成长》，《新京报》，《新华网》，2015-03-11，(http://www.xinhuanet.com//mil/2015-03/11/c_127567205_3.html)

- Jonathan Kaiman & Tania Branigan, "Kunming knife attack: Xinjiang separatist blamed for 'Chinese 9/11'", The Guardian, March 02, 2014 (https://www.theguardian.com/world/2014/mar/02/kunming-knife-attack-muslim-separatists-xinjiang-china)

- "Urumqi attack kills 31 in China's Xinjiang region", BBC News, May 23, 2014 (https://www.bbc.com/news/world-asia-china-27502652)

- Ben Blanchard, "Almost 100 killed during attacks in China's Xinjiang last week", REUTERS, August 02, 2014 (https://www.reuters.com/article/us-china-attacks-xinjiang/almost-100-killed-during-attacks-in-chinas-xinjiang-last-week-idUSKBN0G301H20140803)

- "'At Least 2,000 Uyghurs Killed' in Yarkand Violence: Exile Leader", Radio Free Asia, 2014-08-05 (https://www.rfa.org/english/news/uyghur/yarkand-08052014150547.html)

- 马浩亮：《"红色黑马"雪克来提》，《大公网》，2015-01-04，（http://news.takungpao.com/mainland/focus/2015-01/2877351.html）

- Rian Thum, "China's Mass Internment Camps Have No Clear End in Sight", Foreign Policy, 08/ 22/ 2018, (https://foreignpolicy.com/2018/08/22/chinas-mass-internment-camps-have-no-clear-end-in-sight/)

- Mustafa Akyol, "China's Gulag for Muslims", The New York Times, 01/02/2019, (https://www.nytimes.com/2019/01/02/opinion/uighur-muslims-china-gulag.html)

- "Apartheid with Chinese characteristics: China has turned Xinjiang into a police state like no other", The Economist, 05/31/2018, (https://www.economist.com/briefing/

### 3. تۈركچە مەنبەلەر:

- Doğu Türkistan Vakfı Başkanı M. Riza Bekin'in Anıları, Istanbul: Kastas Yayınevi, 2005
- Ömer Kul yayına hazirlayan: «Esir Doğu Türkistan Için-2: Isa Yusuf Alptekin'in mücadele hatıraları (1949-1980)», Ankara: Berikan Yayınevi, 2007

### 4. ئارخىپ ماتېرىياللىرى:

- [Document-1]: "Memorandum on a Discussion Hel by the Consul-General of the USSR in Urumchi, G.S. Dobashin, with the Secretary of the Party Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comrada Lü Jianren", January 07, 1958, Wilson Center Digital Archive International History Declassified (https://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175898)
- [Document-2]: Memorandum on a Discussion held by the Consul-General of the USSR in Urumchi, G.S. DOBASHIN, with Deputy Chairman of the People's Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comrade XIN LANTING, January 12, 1958, Wilson Center Digital Archive International History Declassified (https://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175895)
- [Document-3]: "Note from G. Dobashin, Consul-General of the USSR in Urumchi, to Comrades N.T. Fedorenko, Zimianin, and P.F. Iudin", January 20, 1958, Wilson Center Digital Archive International History Declassified (https://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175893)
- [Document-4]: M. Zimianin to the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, 'On Manifestations of Local Nationalism in Xinjiang (PRC)', March 03, 1958, Wilson Center Digital Archive International History Declassified (https://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175900)
- [Document-5]: "Head of the Far-Eastern Department of the MFA USSR M. Zimianin", Consulate of the USSR in Ghulja Secret, "Memorandum on a Discussion Held by the Consul of the USSR in Ghulja, Comrade E. I. Shalunov, with the Chief of the Education Department of the People's Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comrade Zakirov",

2018/05/31/china-has-turned-xinjiang-into-a-police-state-like-no-other)

- Pesach Benson, “The World's Largest Outdoor Prison Isn's Gaza”, Honest Reporting, March 12, 2019, (https://honestreporting.com/the-worlds-largest-outdoor-prison-isnt-gaza/)
- Leigh Hartman, “China's Surveillance state: An open air prison in Xinjiang”, Share America, April 22, 2019 (https://share.america.gov/chinas-surveillance-state-an-open-air-prison-in-xinjiang/)
- Bernhard Zand, “China Xinjiang Region: A Surveillance State Unlike Any the World Has Ever Seen”, Spiegel International, 26-07-2018, (https://www.spiegel.de/international/world/china-s-xinjiang-province-a-surveillance-state-unlike-any-the-world-has-ever-seen-a-1220174.html)
- Kelsey Cheng, “China now claims its mass internment camps in Xinjiang are 'free vocational training' centres for Muslims - after firmly denying their existence”, Daily Mail, Oct. 16, 2018 (https://www.dailymail.co.uk/news/article-6280517/China-rolls-PR-push-Xinjiang-internment-camps.html)
- 《新疆维吾尔自治区主席：教培中心学员多数已回归社会 九成人找到理想就业》，《环球时报-环球网》，2019-07-30，(https://china.huanqiu.com/article/9CaKrnKlRFO)
- Lily Kuo, “China claims detained Uighurs have been freed”, The Guardian, Dec. 09, 2019, (https://www.theguardian.com/world/2019/dec/09/china-claims-detained-uighurs-have-been-freed)
- 《阿不都拉 · 扎克洛夫:百度百科》,(https://baike.baidu.com/item/阿不都拉 · 扎克洛夫/2567864)
- Jaghda Babaliq'uli (https://kk.wikipedia.org/wiki/Жағда_Бабалықұлы)
- Жарқын бейне - Жағда Бабалықұлы (Толық нұсқа), 12.04.2018, (https://www.youtube.com/watch?v=T3bwebFOVQI)



2014-يىلى شۆھرەت زاكىر خىتاي كومپارتىيىسى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. ئۇ خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك «قىزىل بايراق ئاستىدا چوڭ بولغان» زاكىروفلار سۇلالىسىدىكى «قىزىل ئىككىنچى ئەۋلاد» ئەمەلدار ئىدى. خىتاي كومپارتىيەسى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنى ئىدارە قىلىشتا ئۇلانفۇ جەمەتىدىكى ئۈچ ئەۋلاد «قىزىل ئەمەلدار» دىن قانداق پايدىلانغان بولسا، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئاتا-بالا ئىككى ئەۋلاد زاكىروفلاردىنمۇ شۇنداق پايدىلانغان ئىدى.

شۆھرەت زاكىرنىڭ بوۋىسى كېۋىر زاكىر ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەي زامانىدا «كېۋىر تەنشاڭ» دېگەن نام بىلەن ئىلىدىكى «سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى» نىڭ باشلىقى بولغان كىشى ئىدى. شۆھرەت زاكىرنىڭ دادىسى ئابدۇللا زاكىروف 1930-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كوممۇنىزم تەربىيەسى ئالغاندىن كېيىن، 1950-يىللاردا سىياسىي سەھنىدە كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. 1957-يىلىنىڭ ئاخىرى باشلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدا ئابدۇللا زاكىروف ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋغا ھەمكارلىشىپ، ئۇيغۇر سەرخىللىرىغا «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كىيدۈرۈشتە ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىشتە رول ئوينايدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ 1959-يىلى نازارەت دەرىجىلىك كادىردىن ئۆستۈرۈلۈپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. زاكىروفلار جەمەتىنىڭ «قىزىل تارىخى» نى ئۆزىگە سىياسىي دەسمايە قىلغان شۆھرەت زاكىر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئەڭ پاجىئەلىك يىللىرىدا رەئىسلىك تەختىگە چىقتى. ئۇ ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان 3 مىليوندەك تۇتقۇن جازا لاگېرلىرىدا ئازاب چېكىۋاتقان بۈگۈنكى ئېغىر كۈنلەردە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن لاپ ئېتىپ، تارىخنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرماقتا.

بۇ كىتابتا خىتاي ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېقىندىن ئاشكارىلىنىۋاتقان ئارخىپ ماتېرىياللىرى، تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە ئەسلىمىلەر ئاساسلىق مەنبە قىلىنىپ، زاكىروفلار جەمەتىنىڭ «قىزىل تارىخى» شەرھىلىنىدۇ، شۇنداقلا ئاتا-بالا 2 ئەۋلاد زاكىروفلارنىڭ سىياسىي سەھنىدىكى ئېيتىلمىغان ھېكايىلىرى بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇريار يورۇشلۇق كىتابلىرى

UYGHURYAR

ISBN: 978-82-692-1820-6

9 788269 218206